# UYGUR İSLÂM ARAŞTIRMALARI SEMPOZYUMU

## -I-

تۇنجى نۆۋەتلىك

# ئۇيغۇر ئىسلام تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى

(ماقالىلەر توپلىمى)

FARABİ
EĞİTİM KÜLTÜR VE ARAŞTIRMA DERNEĞİ

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّح۪يمِ

FARABI

EĞİTİM KÜLTÜR VE ARAŞTIRMA DERNEĞİ

تەلىم-تەربىيە، مەدەنىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى

**Farabi Yayınları: 1**

*Araştırma:* **1**

**Eser Adı**

*Uygur İslâm Araştırmaları Sempozyumu -I-*

تۇنجى نۆۋەتلىك

ئۇيغۇر ئىسلام تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى

**Düzenleyen**

Farabi Eğitim ve Kültür Derneği

Siyer Vakfı

UDEF

**Düzenleme Kurulu Başkanı**

Doç. Dr. Nur Ahmet KURBAN

**Düzenleme Kurulu**

Abdulaziz AKHUN, Abdullah KARAKAŞ, Abdullah OĞUZ,
Abdulhabir ALİOĞLU, Faruk MUHTEREM, Abdurehim DÖLET,
Adilcan ERUYGUR, Muhammed Ali ALİOĞLU

**Bilim kurulu**

Dr. Öğrt. Üyesi Abdul Aziz ARTIŞ (*Bayburt Üniversitesi İlahiyat Fakültesi*)
Dr. Öğrt. Üyesi Alimcan BUĞDA (*Kahramanmaraş sütçü imam üniversitesi ilahiyat fakültesi*)
Doç. Dr. Buerhan SAITI (*İZÜ İşletme ve Yönetim Bilimleri Fakültesi*)
Dr. Öğrt. Üyesi Mehmet RUZİBAKİ (*Muş Alparslan Üniversitesi İlahiyat Fakültesi*)
Dr. Öğrt. Üyesi Muhammed ÇUÇAK (*Osmaniye Korkut Ata Üniversitesi İlahiyat Fakültesi* )
Doç. Dr. Nur Ahmet KURBAN (*Çanakkale Onsekiz Mart Üniversitesi İlahiyat Fakültesi*)

**Editör**

Faruk MUHTEREM

**Kapak & Sayfa Tasarımı**

Ewlat Grubu

**Baskı&Cilt**

GÜL MAT MATBAACILIK YAYINCILIK SAN. TIC. LTD. ŞTI.
Maltepe mah. Fazlı Paşa cd. No:8/4 Topkapı-İstanbul
Tel: 0212 577 79 77 Sertifika No: 34712

**1. Baskı:** Ekim 2018

**ISBN:** 978-605-7558-17-6

FARABI
EĞİTİM KÜLTÜR VE ARAŞTIRMA DERNEĞİ

Seyitömer Mh. Uzun Halil Sk. No:12/5 Fatih-İstanbul
Tel & Fax: (0212) 589 02 09 Gsm: (0553) 070 73 50
www.farabi. org. tr. / farabidernegi@gmail.com

# UYGUR İSLÂM ARAŞTIRMALARI SEMPOZYUMU

## -I-

تۇنجى نۆۋەتلىك

# ئۇيغۇر ئىسلام تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى

(ماقالىلەر توپلىمى)

06 Ekim 2018/İSTANBUL


FARABI
EĞİTİM KÜLTÜR VE ARAŞTIRMA DERNEĞİ
تەلىم-تەربىيە، مەدەنىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى

# مۇندەرىجە/İçindekiler


كىرىش سۆز /Takdim ........................................ 7

قۇرئان تەپسىرچىلىكىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە زامانىمىزدىكى تەپسىرچىلىك ھەرىكەتلىرى........ 11
Kur’an Tefsirinin Geçmişi ve Hâlihazırdaki Tefsir Hareketleri
*Doç. Dr. Nur Ahmet KURBAN*

ئاز سانلىقلار فىقھىسى بويىچە تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر.............. 37
Azınlık Fıkhı Açısından Türkistan Müslümanlarının Durumuna Bakış
*Dr. Öğretim Üyesi Muhammed ÇUÇAK*

ئىسلام پۇل مۇئامىلىسى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ........................................ 75
İslâm’da Parasal İşlemler ve Bankacılık
*Doç. Dr. Buerhan SAITI*

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر مەتبۇئاتىغا نەزەر ........................................ 103
Muhaceretteki Uygur Yayıncılığına Bakış
*Abdulcelil TURAN*

ۋەتەنپەرۋەرلىك ئادەمىيلىكنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشىدۇر ........................................ 115
Vatanseverlik İnsaniyetin Diğer Bir Adıdır
*Muhammed Yusuf ER*

ئىسلام، مىللەت ۋە ۋەتەن سۆيگۈسى........................................ 131
İslâm, Millet ve Vatan Sevgisi
*Abdurrahman KAŞGARLI*

دىنىنىڭ روھىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا ئانا تىلىنىڭ ئەھمىيىتى ........................................ 153
Dini Anlatmada Anadilin Ehemmiyeti
*Müyesser Abdulehed HENDAN*

ئۇيغۇر ئىسلام تارىخىدا بەلگىلىك رول ئوينىغان بىر قىسىم شەخسلەر.................. 165
Uygur İslâm Tarihi’nden Bazı Önemli Şahsiyetler
*Abdusselam TEKLİMAKAN*

# Takdim

Tarihe baktığımızda Hun dönemindeki (M.Ö. 3. yüzyıl) hâkimiyet mücadelelerinde aktif rol oynayan Uygurlar, sonra Göktürkler döneminde (552-745) yine büyük Türk Birliği'nin önemli bir parçası olarak karşımıza çıkmaktadır. Ancak Batı Göktürkleri'nin hâkimiyetlerini kaybetmesiyle Uygurlar devlet kurma teşebbüslerini ilk defa gerçekleştirmiş oldular. Uygurlar 745 yılında kendi devletlerini kurduktan sonra bu döneme kadar "Dokuz Oğuzlar" olarak anılmaktaydı. Dokuz Oğuzlar dokuz ayrı oğuz boyundan meydana gelmekteydi. Giriştikleri yoğun mücadeleler neticesinde Basmil ve Karluk boylarını da kendilerine katarak toplamda on bir boya ulaştılar. Daha önceki birliklerinin adı olan Dokuz Oğuzlar, iki yeni boyun da katılımıyla büyük bir akraba ve müttefikler topluluğuna dönüşmüşlerdir.

Göktürk Devleti'nin teşkilatlanma şekilleri ve Türk kültürünün etkileri Uygurlar döneminde de kısıtlanmaksızın devam ettirildi. Bu dönemde Uygurların içerisinde geleneksel Türk dini Şamanizm inancının yanı sıra Buda ve Mani dinleri yaygın olarak kendisine yaşam alanı bulabilmiştir.

Tarih 751 yılını gösterdiğinde Uygur bölgesinde gelindiğinde hem İslâm Tarihi hem de Türk Tarihi için çok önemli bir yeri olan Talas Savaşı meydana geldi. Bu savaş aslında Araplarla Çinlilerin savaşı değil, Müslümanlarla Gayr-i Müslimlerin savaşıdır. Müslüman Türk boyları Arap ordusu içinde saf tutarken, karşı cephede ise Müslüman olmayan çoğu Uygurlardan oluşan Türk boyları ve Çinli askerler bulunmaktaydı. Çinliler bu savaşta aldıkları ağır yenilgi ile bin sene boyunca Türk topraklarına adım atama cesaretini gösteremedi. Dahası kısa müddet sonra Çin topraklarında baş gösteren Anluşen (Önglük) isyanı (757) Uygur devletinin yardımları ile bastırıldı. Nihayetinde Talas Savaşından sonra Müslüman-Türk kültürü bütünlüğü sağlanmış oldu .

rahanlılar döneminden sonra en parlak dönemleri bu devirde yaşadı. Ülkede temin edilen huzur ve istikrar sebebiyle olsa gerek beşerî ilimlerin birçok dalında önemli eserler ortaya çıktı. Mimari, müzik ve el sanatları ile ilgili büyük başarılar elde edildi. Abdullah Han'dan (ö. 1667) sonra ülkede huzur sağlanamadı. Sonra Hocalar dönemine geçildi ve yine de bir türlü birlik tesis edilemedi. Nihayetinde 1757 yılında Türk coğrafyasının doğu kanadı Mançuların (1644–1912) işgaline maruz kaldı. Uygur toprakları 1911 yılında başlayan Milliyetçi Çin işgaline kadar bölge Mançuların kukla idarecileri tarafından yönetildi. 1949 yılında komünist Çinlilerin işgalinden sonra bölgenin asıl kökleri ile olan bağları büyük ölçüde kesildi. Bölgede sürekli karışıklık, savaş ve istikrarsızlık rüzgârları esti. Bu nedenle bölgede önceki devirlerde gördüğümüz önemli eğitim kurumları ve yazma eserler maalesef ortaya çıkamadı. Diğer alanlarda da kayda değer bir ürün ortaya konulamadı. Eser ortaya çıkarma kabiliyeti olan âlim ve aydınlar ise daha yetişme aşamasında yok edildiler.

Mao'un ölümünden (1976) sonra Çin'in yeni yönetimi, kültür devrimi sırasında (1966-1976) uzaklaştırdığı bütün Parti ve hükümet görevlilerine iade-i itibar yoluna gitti. Özellikle 1979'dan başlayarak bir reform ve dışa açılma politikasını uygulamaya başladı. Modernleşmeye öncelik verildi. Ekonomik yapı yeniden düzenlendi ve siyasi sistemlerinde önemli değişiklikler gerçekleşti. Buna bağlı olarak yönetimi altında bulunan azınlıklara bir takım haklar tanınmaya başlandı. Bu vesile ile Doğu Türkistan bölgesinde yaşayan Uygur Türkleri başta olmak üzere diğer Türk boyları da kendi kültürlerini yaşatmaya yönelik bir takım girişimler hız kazandı. Kendi dillerinde eğitim veren okullar, kendi yerel dillerinde yayın yapan basın yayın araçlarına kavuştu. Bu süreçte açık olamayan din eğitimi yaygınlaştı. Halk az da olsa yıllardır susamış olduğu dinî bilgi ile buluştu. Yerli halk kısmen genişletilmiş yurtdışına çıkış izinleri çerçevesinde dünyadaki gelişmelerde haberdar olmaya başladı. Buna paralel olarak dıştan içe doğru bilgi ithali/akışı da yaygınlaştı. Tarih boyunca Sünni-Hanefî çizgi üzerinde dindarlıklarını sürdüren Doğu Türkistan Müslümanları bu defa İslâm coğrafyasının farklı bölgelerinde daha evvelden beri yaşanmakta olan ya da daha sonra ortaya çıkmış farklı dinî görüşlerle karşılaştı. Bu buluşma/karşılaşma çeşitli yönlerden farklı etkileşimleri kaçınılmaz kıldı. Değişik amaçlarla Doğu Türkistan'a taşınan bu görüşler bir saman alevi gibi biranda parladı ve lakin çevresine istenen sıcaklığı veremedi. Selefilik, hicret, cihad gibi söylemlerin yanı sıra Hizbu't-Tahrir ve diğer isimlerle İslâm coğrafyasının farklı bölgelerinde faaliyet göstermekte olan oluşumların Uygur top-

Kurdukları devletlerinin yıkılışı (840) ile Uygurlar, geniş kitleler halinde göç etmeye başladı. Nihayetinde onlardan bir grubu Turfan'a, diğeri Gensu bölgesine yerleşti ve oralarda kendi devletlerini kurdular. Asya'nın iç kısımlarına, yani Turfan, Karaşehir, Beşbalık, Kuçar ve Kumul şehirlerine göç edenler sonra Turfan Uygur Devleti'ni (856 -1209) kurdular. Turfan devletine bağlı Uygurlar genelde Budizm, Hristiyanlık ve Maniheizm gibi dinlere inanmış bulunmaktaydı. Bu dönemde ortaya çıkmış meşhur Irk Pütük, İki Tekin'in Hikâyesi, Çaştanı İlkbek Destanı, Altun Yaruğ ve Maitiri Simit gibi önemli telif ve tercüme eserler meydana geldi. Bunlarda genelde Şaman, Buda ve Mani dinleri ana temayı oluşturuyordu. Komiraciva (ö. M.Ö. IV. yüzyıl) gibi Buda dininin büyük düşünürleri ve Altun Yaruğ'un mütercimi Singku Seli'yi (X. yüzyılın ikinci yarısında yaşadığı tahmin edilmektedir) burada zikretmeden geçemeyiz.

Daha aşağılarda ise Asya kıtasının merkezinde 840 yılında Karahanlı Devleti kurulmuştu. Asya kıtasının merkezinde, 1212 yılına kadar süren bu devletin başına Sultan Satuk Buğra Han (ö. 955) geçince bölgede yaşayan Müslüman Türkler için yepyeni bir devir başlamış oldu. Devlet tarafından sağlanan huzur ve istikrar neticesinde bölgede büyük medreseler, kütüphaneler ve rasathaneler kuruldu. Buralarda Ebu Nasr Farabî (ö. 951), İbn Sina (ö. 1037), Kaşgarlı Mahmud (1102), Yusuf Has Hacib (ö. 1070). Hoca Ahmed Yesevi (ö. 1166) ve Ahmed Yükneki (ö. XII. yüzyıl) gibi büyük şahsiyetler yetişti ve çok önemli şaheserler meydana getirildi.

Cengiz Han (ö. 1227) döneminde Karahanlılar ile Turfan Uygur devleti ortadan kalkınca iki devlet arasında duvar yıkılmış oldu. Kısa bir fetret döneminden sonra Batı ve Doğu Türkistan ile Mâverâünnehr toprakları Cengiz Han'ın oğlu Çağatay'a (ö. 1242) bağlandı. Bu dönemde Uygur bölgesinde çok önemli ilim adamı yetişti ve çok güzide eserler yazıldı. Bu bağlamda ilk olarak Yusuf Sekkâkî'den (ö. 1229) bahsedebiliriz. O, *Miftâhul'l-ulûm* adlı eseri Arap dili ve edebiyatı sahasında yeni bir çığır açmış ve bir dönüm noktasını belirlemiştir. Sekkâkî aynı zamanda kelâm ile fıkıh ilmindeki otoritesi ile de meşhurdur. Ardından Nâsiruddin Rabguzî (ö. 1310'dan sonra) ve onun *Kasasu'l-enbiyâ* adlı eseri bu dönemin üründür. Çağatay döneminin en önemli şahsiyetlerinden biri de Ali Şîr Nevâî'dir (ö. 1501). Aynı dönemin bir başka müellifi Atayı'dır (ö. XV. yüzyıl). Bir Uygur şairi olan Atayı şiirlerini kendi ana dilinde yazmıştır. Bundan ötürü Ali Şîr Nevâî tarafından övgüyle zikredilmiştir.

1514 yılına gelindiğinde Uygurların çoğunluk olarak yaşadığı topraklarda Yarkent Hanlığı, bir başka adıyla Saidiye Hanlığı kuruldu. Uygurlar, Ka-

# قۇرئان تەپسىرچىلىكىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە زامانىمىزدىكى تەپسىرچىلىك ھەرىكەتلىرى

**دوتسېنت، دوكتور نۇرئەھمەت قۇربان**

[چاناققەلئە ئونسەككىز مارت ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلاھىيەت فاكۇلتېتى تەپسىر ئوقۇتقۇچىسى]

**Doç. Dr. Nur Ahmet KURBAN**

*[Çanakkale Onsekiz Mart Üniversitesi İlahiyat Fakültesi. nkurban@comu.edu.tr]*

**قىسقىچە مەزمۇنى**

سۆز ھالىتىدىكى ۋەھيى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالاھىدە تىرىشچانلىقى بىلەن «مۇسھەف» بولۇپ شەكىللەندى. بىۋاستە قىلىنغان سۆز ئاڭلىغۇچىدا ئۆزگىچە تەسىر قىلسا، كىتابقا يېزىلىپ باشقىلارغا يەتكۈزۈلگەندە ئاڭلىغۇچىدا ھاسىل قىلغان مەنىنىڭ ئۆز ئەينىسىنى پەيدا قىلماسلىقى مۇمكىن. قۇرئانىنىڭ زامانىۋى شەكىلدىكى كىتاب ئۇسلۇبىغا ئەمەس، تېمىلىرى چېچىلاڭغۇ بىر ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ مەقسىتىنى بىۋاستە چۈشىنىشىنى قىيىنلاشتۇرغۇچى ئامىللاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، قۇرئان قىيامەت كۈنىگىچە ئوقۇلۇپ، ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدا تەتبىقلىنىشى تەلەپ قىلىنغان ئىلاھىي بىر يولباشچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر دەۋردە مەنىسىنىڭ چۈشىنىلگەن بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق بىر تەرەپتىن مەنىسىنى چۈشىنىش زۆرۈر بولغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇسلۇبى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان قۇرئان نازىل بولغاندىن تارتىپ مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا داۋاملىق مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلدى، ئۇنىڭغا تەپسىرلەر يېزىلدى. مۇسۇلمانلار ئائىلىسىنىڭ مۇھىم ئەزالىرىدىن بولغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىمۇ بۇنىڭدىن نېسىۋىسىنى ئالدى.

lumu üzerindeki etkileri sınırlı kaldı ve nihayetinde oldukça üzücü hadiseler neticesinde başarısızlıkla sonuçlandı.

1980'li yıllardan sonra her ne sebeple olursa olsun Doğu Türkistan dışına çıkma fırsatını yakalayan bazı gençler Mısır başta olmak üzere Pakistan, Suudi Arabistan ve Türkiye gibi ülkelerde din eğitimi aldılar. Bugün sayları az da olsa dünyanın farklı ülkelerinde yetişmiş bir avuç aydın din adamının varlığından söz etmek mümkündür.

Tarihte büyük medeniyetlere imza atan Uygurların torunları olan bu aydın din adamları bu sempozyum ile bin yılı aşkın süredir maruz kaldıkları zorluklara rağmen Müslümanlığından taviz vermeyen Doğu Türkistan halkına moral olacaklardır. Geçmişi masaya yatıracak, çağın şartlarını değerlendirecekler ve Uygur Müslümanlarının geleceği ile ilgili değerli görüşlerini paylaşacaklardır. İslam dünyasının gidişatını Uygur Müslümanlarının durumu ile kıyaslayacaklardır. Toplumu ayrıştırma değil, birleştirme ve ortak bir akıl oluşturma yolunda değerli yorumlarını hem sözlü hem de yazılı olarak topluma ileteceklerdir. Gelecekleri için birlikte yürümenin yollarını arayacaklardır.

*Çaba ve gayret bizden, tevfik ve inayet Rabbimizdendir.*

Düzenleme Kurulu Başkanı
**Doç. Dr. Nur Ahmet KURBAN**

## مۇقەددىمە

ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان قۇرئاننىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولۇشى تەخمىنەن 23 يىلدەك داۋاملاشقان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا قۇرئاننى ئوقۇپ، باشتىن-ئاخىر سىستېمىلىق ھالدا تەپسىر قىلمىغان. ساھابىلەرمۇ ئۇنداق قىلمىغان. مەزكۇر دەۋردە دىنىي ھۆكۈملەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە ئىجرا قىلىنىشى دىنىنىڭ جانلىق مەنبەسى ھېسابلىنىدىغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇچۇق خىتاب خاراكتېرلىك كۆرسەتمىلىرى بىلەن بولغان.

ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى دەۋرىدە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن كاتىپلارغا يازدۇرۇپ ساقلانغان قۇرئان نۇسخىلىرى بىر يەرگە جەملەنگەن. قۇرئان ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدە قولىمىزدىكى تەرتىپ بويىچە، مەزكۇر نۇسخا ئاساسىدا يېڭىدىن كۆچۈرۈلۈپ، فەتھى قىلىنغان شەھەرلەرگە ئەۋەتىلگەن. ساھابىلەردىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ۋە كېيىنرەك ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن تەپسىر ھەرىكىتىنىڭ ئۇلى سېلىنغان. تابىئىنلار دەۋرىنىڭ باشلىنىشى بىلەن تەپسىرچىلىك ھەرىكىتى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. مانا شۇ تارىختىن باشلاپ دەۋرىمىزگىچە بولغان ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتكەن قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىش ھەرىكىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن يىراقلاشقانسېرى يېڭىچە پىكىر ۋە كۆزقاراشلار بىلەن بېيىپ كەلدى. مېتود ۋە كۆزقاراشلارنىڭ پەرقلىق بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئوخشاش بولمىغان ئېقىملار ۋە ئۇلارنىڭ تەپسىرلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى.

بولۇپمۇ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەكسىچە، غەرب دۇنياسىدا 18-ئەسىردە مەيدانغا كېلىپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا تېز سۈرئەتتە يېڭى بۇرۇلۇش پەيدا قىلغان ئاقارتىش ھەرىكىتى ۋە بۇنىڭغا ئەگىشىپ مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ تۈرلۈك ساھەلەردە بارغانسېرى مەغلۇبىيەتكە دۇچ كېلىشى پۈتۈن ئىسلام دىيارلىرىدا يېڭى پىكرىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا زېمىن ھازىرلىدى. مۇسۇلمان دىيارلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان كۈچلەر

بىز بۇ لىكسىيەمىزدە تەپسىرچىلىك ھەرىكىتىنىڭ قىسقىچە تارىخى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز. بۇ جەرياندا زامانىمىزدىكى تەپسىرچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشىمىز. ئاخىرىدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يېزىلغان قۇرئاننىڭ تەرجىمە ۋە تەپسىرلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ چىقىمىز. بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاددىي ھالدا يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشىمىز.


## Özet

Hitap şeklindeki vahiy Hz. Peygamberin özel gayretleri neticesinde Mushaf'a dönüşmüştür. Elbette bir söz ilk muhatabında özgün bir mana oluşturacaktır. Yalnız aynı metin yazıya geçirilip üçüncü şahıslara iletildiğinde her zaman birinci muhatapta oluşturduğu manayı oluşturmayabilir. Bazen buna ilave açıklamalar gerekebilir. Kur'an'ın üslubunun modern üslupta yazılan kitapların üslubunda olmaması ve konuları dağınık bir üslup özelliğine sahip olması sebebiyle bazen onu ilk okumda doğru anlamak mümkün olmayabilir. Öte yandan Kur'an kendisinin kıyamete kadar insanlar tarafından okunup, yaşamlarında tatbik edilmesini talep etmektedir. Bu durum her çağın insanının bunu anlamasını gerekli kılar. İşte böyle hem manalarının insan yaşamına yansıtılması talep edilen hem de üslubu insan anlayışını zorlayan özelliğine rağmen Kur'an, nazil olduğu dönemden beri insanların yaşamlarındaki öneminden hiçbir şey kaybetmemiştir.

Müslümanlar ailesinin bir ferdi olan Doğu Türkistan Müslümanları da her dönemde Kur'an'dan nasibini almışlardır. Önemine binaen biz bu tebliğimizde tefsir hareketinin tarihi üzerinde kısaca durmaya çalışacağız. Devam eden aşamalarda çağdaş tefsir hareketleri ve özelliklerini özetle dinleyicilerimizle paylaşma gayreti içerisinde olacağız. Sonunda Doğu Türkistan coğrafyasında yazılmış Kur'an tercüme ve tefsirler hakkında bilgiler vereceğiz. Bu süreçte yazılmış tefsirlerin özelliklerini tespit etmeye çalışacağız.

تەركىبلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىلەر ۋە ئۇنى تولۇقلىغۇچى ئامىللار ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان بىر خىل ئىلىم».[1]

ئىمام زەركەشىينىڭ ئېنىقلىمىسى قۇرئان كەرىمنىڭ مەنىلىرىنى ئىزاھلاش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا تېخىمۇ روشەنلىككە ئىگە. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «تەپسىر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ئاللاھنىڭ كىتابىنىڭ مەنىسى بىلدۈرىلىدىغان، مەنىلىرى بايان قىلىنىدىغان ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى ئوتتۇرىغا چىقىرىلىدىغان بىر خىل ئىلىم».[2]

«تەئۋىل» كەلىمىسى بولسا قۇرئاندا ۋە ئىسلامنىڭ دەسلەپىدە «تەپسىر» كەلىمىسىنىڭ مەنىسىگە يېقىن بىر مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، بەزىدە ئۆلىمالار تەرىپىدىن دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ «بىر تېكىستنى ئىزاھلاش» مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. لېكىن «تەئۋىل» كەلىمىسى «بىر سۆزنى ئىزاھلاش ۋە مەنىسىنى بايان قىلىش» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەندەك قىلىسىمۇ، ئادەتتە «كەلىمىنىڭ ئېھتىماللىقى بار مەنىلىرىدىن بىرىنى تاللاش» مەنىسىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، «تەپسىر» كەلىمىسىگە قارىغاندا ھۆكۈم ئىپادىلەش جەھەتتە كەسكىنلىككە ئىگە ئەمەس. راغىب ئەل ئىسفەھانى ئېيتقاندەك، «تەپسىر» كەلىمىسى لەفزلەرنى تەھلىل قىلىشتا ئىشلىتىلگەن بولسا، «تەئۋىل» مەنىلەرنى تەھلىل قىلىشتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.[3] ئىمام ماتۇرىيدىي ئېيتقاندەك، «تەپسىر» كەلىمىسى تېكىستنىڭ لەفزىدە مەقسەت قىلىنغان مەنىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتا كەسكىنلىك ئىپادىلەيدۇ ۋە «بۇ سۆز ئاللاھنىڭ سۆزى» دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. تەپسىر قەتئىي دەلىللەرگە تايىنىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا راي بىلەن تەپسىر قىلغانلىق بولىدۇ ۋە بۇ پەقەتلا تەپسىرچىنىڭ سۆزى بولۇپ قالىدۇ. لېكىن «تەئۋىل» كەلىمىسىدە «مۇمكىن بولغان مەنىلەردىن بىرىنى تاللاش» مەنىسى بولغانلىقتىن، ھۆكۈمگە دالالەت قىلىش جەھەتتە كەسكىنلىك ئىپادىلىمەيدۇ. تەئۋىل ئارقىلىق بېرىلگەن

[1] أثير الدين أبو حيان محمد بن يوسف بن علي بن يوسف الأندلسي، البحر المحيط في التفسير، المحقق: صدقي محمد جميل، دار الفكر، ص: 26.

[2] محمد بن عبد الله الزركشي بدر الدين، البرهان في علوم القرآن، المحقق: أبو الفضل الدمياطي، دار الحديث، 1427/2006، ص: 22.

[3] الراغب الأصفهاني، مفردات ألفاظ القرآن، دار القلم، سنة النشر: 1430 – 2009.

تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنىشى بەزى مۇسۇلمان زىيالىيلارنى ئويغا سالدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئاكتىپ ياكى لىبېراللىزملىق چۈشەنچە مۇسۇلمان مۇتەپەككۇرلارنى يېڭى پىكرىي كېچىككە باشلاپ كىردى. ئەلۋەتتە، تەپسىرچىلىك ھەرىكىتىمۇ بۇ خىل ئۆزگىرىشلەردىن نېسىۋىسىنى ئالدى. بۇ لېكسىيەمىزدە قۇرئان تەپسىرچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، يېقىندىن بۇيانقى يۆنىلىشى، مېتودى ۋە نەتىجىلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز. شۇنداقلا يېڭىچە پىكىر ئېقىملىرىنىڭ تەسىرىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن ئىزدەشكە تىرىشىمىز. بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى تېڭىرقاش، بېكىنمىچىلىك، چەتكە قېقىش ۋە بەزى دىنىي ئاشقۇن پىكىرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشلەر قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرىمىزنى ھۆرمەتلىك ئاڭلىغۇچىلار بىلەن ئورتاقلىشىمىز.

### 1-باب مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇملار ھەققىدە

دىنىي تىلىمىزدا قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىدىغان ئىلىمنى كۆرسىتىدىغان بەزى ئاتالغۇلار مەۋجۇت. «بايان»، «تەپسىلات»، «تەپسىر» ۋە «تەئۋىل» قاتارلىقلار بۇ ئاتالغۇلارنىڭ ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ «تەپسىر» ئۇقۇمى بىلەن «تەئۋىل» ئۇقۇمى دىنىي ئىلىملەر ساھەسىنىڭ ئاچقۇچلۇق ئۇقۇملىرى ھېسابلىنىدۇ. بىز بۇ يەردە كەلىمىلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ھەققىدە ئېتىمولوگىيەلىك تەھلىللەرگە كىرمەستىن، مەسىلىنىڭ خۇلاسىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان بولساق، «تەپسىر» دېگەن كەلىمىنىڭ مەنىسىنى بىزنىڭ تىلىمىزدىكى «ئىزاھات بېرىش» ۋە «بايان قىلىش» دېگەن مەنىگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. مەنبەلىرىمىزدە كەلىمىنىڭ ئىستىلاھ مەنىسى ھەققىدە نۇرغۇن ئىختىلاپلار مەۋجۇت. كۆپچىلىك ئىسلام ئالىملىرى ئەبۇ ھەييانىنىڭ «ئەل بەھرۇل مۇھىت» ناملىق ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئېنىقلىمىسى ھەققىدە ئوخشاش پىكىردە. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «تەپسىر- قۇرئان كەرىمنىڭ لەفزىلىرىنى قانداق تەلەپپۇز قىلىش كېرەكلىكى، ئۇنىڭ لەفزىلىرىنىڭ مەنىلىرى، يەككە ياكى مۇرەككەپ ھالدىكى ھۆكۈملىرى،

ئىنسانلار ياشايتتى. مۇسۇلمان ئالىملار ھەم دىنىنىڭ ئاساسى بولغان قۇرئاننى ئىنسانلارغا توغرا رەۋىشتە يەتكۈزۈشى، ھەم يېڭىدىن ئوتتۇرىغان چىققان مەسىلىلەرنى قۇرئان ۋە سۈننەت چەك-چېگراسى ئىچىدە ھەل قىلىشى كېرەك ئىدى. مانا مۇشۇنىڭدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇلار قۇرئان تەپسىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئۇسلۇبىنىڭ ئورنىغا يېڭى دەلىللەرنى پەيدا قىلىپ، قۇرئاننى دەۋرنىڭ شارائىتىغا ماس ھالدا ئىزاھلاشقا تىرىشتى. تەپسىرچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئورنىنى ئاستا-ئاستا تەئۋىل ھەرىكىتى ئېلىشقا باشلىدى. ئېتىقادىي، فىقھىي ۋە باشقا مەزھەپلەر شەكىللەندى. ھەربىر مەزھەپنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى كۆزقاراشلىرىنى قۇرئان ۋە سۈننەتتىن تاپقان دەلىللىرى بىلەن ئىسپاتلاشقا تىرىشتى. قۇرئان ۋە سۈننەتنى ئۆزلىرىگە ئوخشاش چۈشەنمەيدىغان كىشىلەر قاتتىق ئەيىبلەندى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ قۇرئان قىرائىتى ۋە تەپسىرى ساھەسىدە يېتىشكەن ئەڭ چوڭ تالىپلىرىدىن مۇجاھىد ئىبنى جەبر مۇئتەزىلىلىك بىلەن ئەيىبلەنگەن بولسا، ئىكرىمە خاۋارىجلىق بىلەن ئەيىبلەندى. ھەدىس ۋە تەپسىر راۋىلىرىنىڭ ئەڭ غوللۇق كىشىلىرىدىن سەئىد ئىبنى جۇبەير ئۇمەۋىيلەرنىڭ ئىراق ۋالىيسى ھەججاج تەرىپىدىن كاللىسى ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى.[4]

زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ دەسلەپتە يېزىلغان تەپسىر ھىجرىيە كالېندارى بويىچە 80-يىلى تۇغۇلۇپ، 150-يىلى ۋاپات بولغان مۇقاتىل ئىبنى سۇلايماننىڭ تەپسىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئېتىقادىي جەھەتتىن شىئەلىك، مۇرجىئىلىك ۋە مۇشەببەلىك قاتارلىق سۈپەتلەر بىلەن ئەيىبلەنگەن. ھەدىس ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن «مەترۇكۇل ھەدىس (ھەدىسى قوبۇل قىلىنمايدىغان شەخس)» دەپ سۈپەتلەنگەن.[5] مۇقاتىلدىن كېيىن سۇفيان سەۋرى (777/161-يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ «تەپسىرۇ سەۋرى» دېگەن نامدا بىر تەپسىر يازغانلىقى مەلۇم. بۇ ئاساسەن رىۋايەت ئۇسۇلى ئاساس قىلىنغان تەپسىر دەپ قارىلىدۇ. لېكىن بۇ مۇپەسسىرمۇ شىئەلىك ۋە زەيدىيەلىك بىلەن ئەيىبلەنگەن. ئەينى يىللاردا ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر

---

[4] أحمد بن محمد بن أبي بكر بن خلكان، وفيات الأعيان وأنباء أبناء الزمان، الناشر: دار صادر – بيروت، سنة النشر: 1972، المجلد الثاني، ص: 371-375.

[5] Cerrahoğlu, *Tefsir Tarihi*, I, 198; Ömer Türker, "Mukātil b. Süleymân", *DİA*, XXXI, 134-136.

خۇلاسە كالامغا «بۇ ئاللاھنىڭ سۆزى» دەپ گۇۋاھلىق بېرىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام ماتۇرىيدىي ئېيتقاندەك، قۇرئان نازىل بولغان شارائىتتىكى كەسكىن دەلىللەرگە تايىنىدىغان ساھابىنىڭ قۇرئانغا بەرگەن ئىزاھاتى «تەپسىر» بولىدۇ. كەسكىن مەلۇماتلارغا شاھىد بولمىغان كېيىنكى دەۋر ئۆلىمالىرىنىڭ قۇرئاننى ئىزاھلىشى «تەئۋىل» بولىدۇ.

قەتئىيلىك ئىپادىلەش جەھەتتىن ساھابىلەر (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) تەپسىر قىلغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن كەسكىن دەلىللىرى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىشتىن ساقلانغان. ئۆزلىرىنىڭ رايى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىشنى توغرا تاپمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىڭلىغان ساھابىسى بولغان بولسىمۇ، قۇرئاننى تەپسىر قىلغان ساھابىنىڭ سانى بارماق بىلەن سانىۋالغۇدەك ئاز بولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئاbباسنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش يېتەرلىك.

## 2-باب تەپسىرچىلىك تارىخى

ساھابىلەرنىڭ ئىچىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئاbباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاقتىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۇسۇللار بىلەن قۇرئان ئايەتلىرىنى ئىزاھلاشقا تىرىشقان. ئەرەب جاھىلىيەت دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ شېئىر، قىسسە، خەلق ئەدەبىياتى قاتارلىق ژانىرلىرىدىن ئاكتىپ پايدىلانغان. ئەمما ئۇنىڭدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن كۆزقاراشلار بەك كۆپ. ئۇنىڭدىن رىۋايەت نەقىل قىلغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ھەدىس راۋى تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن تەنقىد قىلىنغان. سەئىد ئىبنى جۇبەير، مۇجاھىد، ئىكرىمە، تاۋۇس بىن كەيسان ۋە ئاتا ئىبنى ئەبى راباھ قاتارلىقلار ئۇنىڭ تەپسىر ئىلمى ساھەسىدە يېتىشكەن مەشھۇر تالىپلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ساھابىدىن دەرس ئالغان تابىئىن ئالىملىرى تەپسىرچىلىك ھەرىكىتىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ قانات يايدۇرغان. چۈنكى ئۇلار ياشىغان دەۋردە ئىسلام دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيەسى كېڭىيىپ، ئەرەب بولمىغان نۇرغۇن خەلقلەر مۇسۇلمان بولغان. بۇ رايونلاردا باشقا دىن ۋە ئېقىمدىكى

پرىنسىپلارغا چۈشۈرۈپ تەپسىر قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ھەدىسلەر، سۈننەت، مۇتەۋاتىر قىرائەتلەر مۇشۇ بەش پرىنسىپقا چۈشمىسە، ئەقلىنىڭ مۇتلەق كۈچىگە مۇراجىئەت قىلىپ تۇرۇپ ھەدىسلەرنى يا رەت قىلىدۇ، ياكى باشقا مەنىلەرگە بۇراپ ئىشلىتىدۇ، لۇغەتنىڭ تەئۋىلىگە تايىنىدۇ. قىرائەتلەرنىڭ مۇتەۋاتىرلىرىنى تاشلاپ، مۇتەۋاتىر بولمىغانلىرىغا ئەمەل قىلىدۇ.[6] ئەلۋەتتە، ئوتتۇرىغا چىقىشىدىن زامانىمىزغىچە بارلىق مۇئتەزىلە ئالىملار ئوخشاش بىر سىزىق ئۈستىدە ماڭمىغان. بەزىلىرى ئەھلى سۈننەت تەپسىر ئۇسلۇبىدىن بەكمۇ چەتنەپ كەتكەن بولسا، يەنە بەزىلىرى ئۇلارغا يېقىن بىر ئۇسلۇب بىلەن قۇرئاننى تەپسىر قىلىش يولىنى تۇتقان. مەسىلەن: ھەدىس، فىقھ ۋە باشقا دىنىي ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىدە ئىجازەت ساھىبى بولغان ۋە مۇئتەزىلە مەزھىپىگە تەۋە زەمەخشەرىينىڭ «كەششاف» ناملىق تەپسىرى ئەھلى سۈننەت ئالىملىرىمۇ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ناھايىتى ياخشى تەپسىرلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يەردە خاۋارىجلارنىڭ تەپسىر ئۇسلۇبلىرى ھەققىدىمۇ ئازراق توختىلىپ ئۆتۈش كېرەك. خاۋارىجلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ھەزرىتى ئوسمان دەۋرىدىكى بەزى سىياسىي مەسىلىلەردىن باشلانغان. ئۇلار ھەزرىتى ئەلىنىڭ سەپىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن خەلق ئىچىدە تونۇلۇشقا باشلىغان بولۇپ، كېيىنچە مۇسۇلمانلار رايونىدا تەسىرى خېلى كۆپ بىر سىياسى مەزھەپكە ئايلانغان. قۇرئان ۋە سۈننەتنى ئەڭ ياخشى چۈشەنگەنلەرنىڭ ئۆزلىرى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىش بىلەن ھەزرىتى ئوسمان، ھەزرىتى ئەلى ۋە تەھكىم ۋەقەسىدە ھەزرىتى ئەلى تەرىپىدە تۇرغانلارنى كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. بۇ پىرقە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ قۇرئانغا تايىنىشى كېرەكلىكى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىدا قۇرئان مۇتلەق قانۇن ھۆكمىدە بولۇپ، ئۇنى تەئۋىل قىلىش ياكى تەپسىر قىلىش توغرا ئەمەس. ئۇنىڭ لەفزىي مەۋجۇدىيىتى ئۆزگەرمەس ھالدا ھەم ئېتىقادىي، ھەم رېئال مەسىلىلەردە يېگانە نىزام ھېسابلىنىدۇ. بۇ چۈشەنچە خاتا يولغا كىرمەي، ئىسلام دىنىنىڭ روھىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە ئادالەتنى بەرپا قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن بارلىق ئىشلاردا ئاللاھنىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىگە ماس ھالدا ھەرىكەت

[6] محمد حسين الذهبي، التفسير والمفسرون، دارالأرقم، بيروت، 249-1/241.

لۇغەتشۇناس يەھيا ئىبنى زىيا ئەلفەررا (207/823-يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ «مەئانىل قۇرئان» ۋە ئەبۇ ئۇبەيدە مامەر ئىبنى ئەل مۇسەننا (210/826-يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ «مەجازۇل قۇرئان» ۋە ئابدۇررازاق ئىبنى ھەممام (211/828)نىڭ تەپسىرلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. لېكىن بۇ دەۋردە يېزىلغان تەپسىرلەردە مۇئەللىپلەر قۇرئاننى ئاساسەن فىلولوگىيە نۇقتىسىدىن ئىزاھلاشقا كۆپرەك ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ تەپسىرلەردە قۇرئان باشتىن باشلاپ ئاخىرىغىچە ئايەتمۇ ئايەت تەپسىر قىلىنماستىن، تەپسىرچىنىڭ قارىشىدا زۆرۈر دەپ قارالغان ئايەتلەرلا تەپسىر قىلىنغان. بۇ دەۋرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى، بۇ ھەرخىل مەزھەپلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ شەكىللىنىش باسقۇچىنى ئاخىرلاشتۇرۇش دەۋرىگە قەدەم قويغان بىر دەۋر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇپەسسىرلەرمۇ دەۋرنىڭ مەسىلىلىرىگە ماسلىشىپ، تەپسىرچىلىكتە يېڭى مېتودلار بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان.

قۇرئاننى فىلولوگىيە نۇقتىسىدىن ئوقۇش، تەپسىر قىلىش ئەسلىدە مۇئتەزىلە ئېقىمىنىڭ ئاساسلىق قاراشلىرىدىن ئىدى. مەنبەلەردە «مۇئتەزىلە مەزھىپى ۋاسىل ئىبنى ئاتا (131/748-يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ ھەسەن بەسرىينىڭ ئىلىم مەجلىسىدىن ئايرىلىپ چىقىشى بىلەن بىلەن قۇرۇلۇشقا باشلىغان» دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. تەپسىر مېتودلىرىغا قارىغان ۋاقتىمىزدا، بۇ مەزھەپنىڭ ئۇلىنىڭ ئىبنى ئابباس ۋە تالىپلىرىدىن مۇجاھىد بىلەن ئىكرىمە تەرىپىدىن قۇرۇلغانلىقىنى ئېيتىش خاتا بولمىسا كېرەك. چۈنكى بۇلارنىڭ ئىزاھاتلىرىدىمۇ مۇئتەزىلەنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بەزى تەپسىر ئۇسلۇبلىرىنى كۆرۈشكە بولىدۇ.

مۇئتەزىلەلەر قۇرئاننى ئاساسلىق بەش پىرىنسىپ بويىچە تەپسىر قىلىشنى تەكىتلەيدۇ. بۇنىڭ بىرىنچىسى تەۋھىد؛ ئىككىنچىسى ئادالەت؛ ئۈچىنچىسى ۋەئىد (كەلگۈسىدە كىشىگە پايدا تېگىدىغان ياكى ئۇنىڭدىن زىيانلىق بىر ئىشنىڭ ساقىت قىلىنىشىنى بىلدۈرىدىغان خەۋەرلەر) ۋە ۋەئىيد (كىشىنىڭ كەلگۈسىدە زىيان تارتىدىغانلىقىنى ياكى بىرەر پايدىدىن مەھرۇم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان خەۋەرلەر)؛ تۆتىنچىسى ھېچقايسى تەرەپكە تەۋە بولماي ئوتتۇرىدا قېلىش؛ بەشىنچىسى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش قاتارلىقلار. ئۇلار ئاساسەن قۇرئاننى مۇشۇ

چۈشەنچىسىدە ئايەتلەرنىڭ باتىنىي، يەنى ئىچكى مەنىلىرى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ قۇرئاننى نازىل قىلىشتىكى ئاساسلىق مەقسىتىمۇ مۇشۇنداق. ئاللاھ قۇرئاننىڭ زاھىرىنى، يەنى لەفزى مەنىلىرىنى تەۋھىد، نۇبۇۋۋەت ۋە رىسالەتكە چاقىرىشقا، باتىنىي مەنىلىرىنى ئىمامەت، ۋەلايەت ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرگە خاس قىلغان، قۇرئاندىكى ئىنسانلارنى ماختايدىغان ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى شىئەلەر ھەققىدە نازىل بولغان، تەنقىد قىلىدىغان ۋە ئەيىبلەيدىغان مەنىدىكى ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى شىئە بولمىغان ياكى ئۇلارغا قارشى بولغانلار ھەققىدە نازىل بولغان. زور كۆپچىلىك پىرقىلەرنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە قۇرئان بىزگىچە تولۇق يېتىپ كەلمىگەن.[8]

يۇقىرىدا بىز توختالغان تەپسىرلەردىن خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلدىن كېيىن تارىخچى مۇھەممەد ئىبنى جەرىر ئەتتەبەرىي (923/310) مۇپەسسىر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. ھەتتا ئۇنىڭ شۇ دەۋردىكى پۈتۈن مەزھەپلەردىن ئايرىلىپ، ئۆز ئالدىغا «جەرىرىيە» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەزھىپىنىڭ بارلىقى قەيت قىلىنىدۇ. لېكىن بۇ مەزھەپ زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. ئۇ ھەدىس، فىقھى، قىرائەت قاتارلىق دىنىي بىلىملەردە مۇتەخەسسىس بولۇشتىن باشقا، ئەدەبىيات، تارىخ ۋە باشقا دۇنياۋىي بىلىملەر ساھەسىدىمۇ شاھادەتنامە ئالغان ناھايىتى كاتتا ئالىم ئىدى. ئۇنىڭ «جامىئۇل بايان فى تەئۋىلى قۇرئان» ناملىق ئەسىرى تەپسىرچىلىك تارىخىدىكى رىۋايەت تەپسىرچىلىكى ئېقىمىنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە رىۋايەت ئىلمىگە بولغان ئېھتىياج ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان. لېكىن مۇپەسسىر تەپسىر ئېنسىكلوپېدىيەسى مەرتىۋىسىدىكى بۇ ئەسەرگە تەۋرات ۋە ئىنجىل ئەدەبىياتىدىن بەزى رىۋايەتلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە سەۋەب بولغانلىقى تۈپەيلىدىن تەنقىدكە ئۇچرىغان. بولۇپمۇ بىر قىسىم ھەدىس ئۆلىمالىرى ئىشەنچ قىلالمىغان بەزى كىشىلەردىن رىۋايەت نەقىل قىلغانلىقى ئۇنىڭ تەپسىرىنىڭ ئاجىز تەرەپلىرىدىن بىرى، دەپ قارالغان، بەزى ھەنبەلىي سەلەفىيلەر تەرىپىدىن بىدئەتچىلىك بىلەن ئەيىبلەنگەن. ھەزرىتى ئەلىنى مەدھىيەلەيدىغان رىۋايەتلەرنى ئەسىرىدە نەقىل كەلتۈرۈشى ۋە پۈتقا مەسھ قىلىشنى توغرا دەپ قارايدىغان كۆزقاراشلىرى

[8] الذهبي، التفسير والمفسرون، 83-3/7.

قىلىش شەرت. چۈنكى ھۆكۈم پەقەتلا ئاللاھقا خاس. بۇنىڭدىن قارىغاندا خاۋارىجلارنىڭ ھەرىكەت نۇقتىسى دۆلەتنىڭ ئەڭ مۇھىم پرىنسىپلىرىدىن بىرى بولغان، ئاللاھنىڭ ھۆكمىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىدىن بىرىنچى دەرىجىدە مەسئۇل بولغان خىلاپەت مەسىلىسى ھېسابلىنىدۇ. خەلىپىلىك ئادىل، ئالىم ۋە زاھىد بولۇش شەرتى بىلەن ھەرقانداق ھۆر ياكى بىر قۇلنىڭ ھەققى. «ئەرەبلەردىن بولۇش، ھاشىمى ياكى ئەمەۋىيلەردىن بولۇش» دېگەن گەپلەر كۈچكە ئىگە ئەمەس. خەلىپە مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان ئەركىن سايلام بىلەن بەلگىلىنىدۇ. توغرا يولدىن ئايرىلسا ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ. خاۋارىجلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىككى تۈپ ئاساسى بار. بىرىنچىسى تەقۋا بولۇش، ئىككىنچىسى شىجائەتلىك بولۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا ئىبادەتلەردە چىڭ تۇرۇش، دۇنيانىڭ ئەيش-ئىشرەتلىرىدىن ئۇزاق تۇرۇش، داۋاملىق قۇرئان ئوقۇش كېرەك. ياخشىلىققا بۇيرۇيدىغان يامانلىقتىن توسىدىغان ئايەتلەرگە ئاكتىپ بويسۇنۇش كېرەك. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قاراشلارنىڭ سىرتىدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بەزى ئاشقۇن پىرقىلەر يۇسۇف سۈرىسىنى «بىر ئاشىق ھېكايىسى» دەپ قاراپ، قۇرئاندىن ھېسابلىمىغان. يەنە ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاللاھنىڭ ئەجەملەردىن ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ شەرىئىتىنى بىكار قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدىغانلىرىمۇ بولغان. بەزى تەرەپبازلىق قىلمايدىغان ئەھلى سۈننەت ئالىملىرى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يولدىن چىققان پىرقىلىرىدىن باشقا مۆتىدىل خاۋارىجلارنى «زالالەتتىكى بىر پىرقە» دەپ قارىغان، ئۇلارنى كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلمىغان.[7]

شىئەلەرمۇ يەنە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە ئوتتۇرىغا چىققان ۋە ئۆزگىچە تەپسىر ئۇسلۇبىغا ئىگە پىرقىلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۆز ئىچىدە نۇرغۇن تارماقلارغا بۆلۈنىدىغان شىئەلەر قۇرئاننى ئىمامەت، ئىسمەت، مەھدىيلىك، رىجئەت ۋە تەقىيە پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن ھالدا تەپسىر قىلىش يولىنى تۇتىدۇ. ئىمامىيە پىرقىسىنىڭ چۈشەنچىسىدە ۋەھيى ئىمام بىلەن داۋاملىشىدۇ. چۈنكى ئىسىم-سۈپەتى جەھەتتىن پەيغەمبەر بىلەن ئىمام ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. ئۇلارنىڭ تەپسىر

[7] Ethem Ruhi Fığlalı, “Hâricîler”, *DİA*, XVI, 169-175.

ئوقۇلىدىغان «ئىھيا ئۇلۇمىددىن» ناملىق ئەسىرى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن بىر يېڭىلىنىش تەلپىنىنىڭ ئىزھارى ئىدى. چۈنكى دىنىي ئىلىملەر ئۆلۈك ھالەتتە بولۇپ، ئۇ بۇ ئەسىرى بىلەن دىنىي ئىلىملەرنى يېڭىدىن تىرىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. ئوسمانىيلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئوتتۇرىغا چىققان «يېڭى ئىلمىي كالام» تەتقىقاتلىرىمۇ بىر خىل يېڭىلىنىش تەلەپلىرىنىڭ تۈۋشلىرى ئىدى.

بۇ يەردە تەپسىردىكى ئىختىلاپلارنىڭ سەۋەبى ھەققىدە بىر سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. بىرىنچىسى، قىرائەتتىكى ئوخشىماسلىقلاردىن كېلىپ چىققان ئىختىلاپلار. بىر كەلىمىنىڭ لۇغەت جەھەتتىن بىرنەچچە پەرقلىق مەنىدە ئىشلىتىلىشى ۋە بۇلاردىن بىرىنى تاللاشتىن كېلىپ چىققان ئىختىلاپلار، بەزى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىدىكى مۇتلەقلىق ۋە نىسپىيلىك مەسىلىسى، ئايەتلەردىكى مۇھكەم ۋە مۇتەشابىھلىك مەسىلىسى، ئايەتلەرنىڭ تەپسىرلىرى ھەققىدە سەلەف-سالىھلەردىن ئوخشىمىغان رىۋايەتلەرنىڭ نەقىل قىلىنغان بولۇشى ۋە تەپسىردە رىۋايەت بىلەن دىرايەت مېتودى ھادىسىسى قاتارلىقلار تەپسىردە ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشلارنىڭ كېڭىيىپ داۋاملىشىشىدىكى ئاساسلىق ئامىللار ھېسابلىنىدۇ.[11] شۇنداق قىلىپ ھەم سان، ھەم كۆزقاراش جەھەتتىن بىر-بىردىن پەرقلىنىدىغان نۇرغۇن ئەسەرلەر ئوتتۇرىغا چىققان.

باشقا ئىلىم ساھەلىرىدىكىگە ئوخشاش تەپسىر ئىلمىدىمۇ 19-ئەسىرگە كەلگۈچىلىك ئاساسەن كونا ئېقىم داۋاملىشىپ كەلدى. بىر تەرەپتىن غەرب دۇنياسىنىڭ تېز سۈرئەتتە كۈچىيىشى، بۇنىڭ ئەكسىچە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر تەرەپتىن ئارقىغا چېكىنىشى نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. ئەجنەبىي مەدەنىيەتنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قېلىش خەلقنىڭ زىيالىيلىرى ۋە ئالىملىرىنى يېڭىدىن چىقىش يولى تېپىشقا قىستىدى. ھەر تەرەپتىن ئويغىنىش پىكرى كۈچىيىشكە باشلىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئافرىقا ۋە ئاسىيا قىتئەسىنىڭ بەزى ئىلىم مەركەزلىرىدە قۇرئاننى يېڭىدىن ئوقۇشقا يۈزلىنىش دولقۇنى قوزغالدى. چۈنكى ئۇلارغا نىسبەتەن

[11] Muhsin Demirci, *Tefsir Tarihi*, 35. Baskı, İstanbul, 2016, s. 43-54.

سەۋەبىدىن شىئەلىك بىلەن ئەيىبلەنگەن.[9] كىشىلەرنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، تەبەرىي مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئۆتكەن ئەڭ كاتتا ئالىملاردىن ھېسابلىنىدۇ. تەپسىرى بولسا ئۆتمۈشتە يېزىلغان، سۆزلەنگەن ۋە رىۋايەت قىلىنغان تەپسىرگە دائىر بارلىق كۆزقاراشلانى ئۆزىگە جەملىگەن ئەڭ مۇھىم تەپسىرلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا ھەرقانداق بىر تەپسىر تەتقىقاتچىسى ئىزدىنىشلىرى جەريانىدا مۇراجىئەت قىلمىسا بولمايدىغان ئەسەردۇر.

تەپسىر ھەرىكىتى تەبەرىيدىن كېيىن كېڭىيىپ داۋاملاشتى. نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەر يېزىلدى، بەزىدە بىر-بىرىگە زىت پىكىرلەر ئوتتۇرىغا چىقتى، مەزھەپلەر كۆپەيدى. مەزھەپلەر كۆپەيگەنسېرى مەزھەپلەرگە تەۋە تەپسىرلەر يېزىلدى. كونىنى قەدىرلەش ۋە ئۇنىڭغا ئىلاۋە، شەرھلەرنى يېزىش مۇسۇلمان ئىلىم دۇنياسىنى ئۇزۇن مۇددەت كونترول قىلىپ تۇردى. لېكىن كۈچ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرئاننى تەپسىر قىلىشتا يېڭى تۇيۇلىدىغان پىكىرلەر ئانچە ئوتتۇرىغا چىقمىدى. يېڭىلىق ئۈستىدە ئىزدەنگۈچىلەر كونسېرۋاتىپ پىكىر ئېقىمى ياكى ئۇلارنى قوللايدىغان دۆلەت رەئىسلىرى تەرىپىدىن چەتكە قېقىلدى. شۇنداق بولسىمۇ، ھەربىر مەزھەپنىڭ پېشۋاسى دەۋرىنىڭ يېڭىلىقچىسى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا بىدئەتچىسى ھېسابلاندى.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆتمۈشىدە ئاز بولسىمۇ «ئىسلاھ»، «جەدىد»، «ئىھيا» ۋە باشقا ناملار بىلەن يېڭىلىنىش تەشەببۇسلىرىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. ھىجرىيە بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئوتتۇرىغا چىقىپ، تالاش-تارتىش تېمىسىغا ئايلانغان قازا-قەدەر، شەر مەسىلىسى، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ئىزاھلاش قاتارلىق تېمىلار ئۆز نۆۋىتىدە بىر يېڭىلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ ئارقىسىدا قۇرئان ۋە سۈننەت ياتىدۇ. رەشىد رىزا ئىبنى ھەزم، ئىبنى تەيمىيە، ئىبنى ھەجەرلەر شەۋكانىينى بىر ئىسلاھاتچى دەپ قارايدۇ. بۇ يەردە ئىمام غەززالىيمۇ دەۋرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىسلاھاتچىسى ھېسابلىنىدۇ.[10] ئۇنىڭ مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئەتىۋارلاپ

[9] Mustafa Fayda, "İbn Cerir et-Taberî", *DİA*, XXXIX, 317.

[10] Ali Merad, "Islah", *DİA*, XIX, 143-156.

كۆچلۈك ئىمانى شەكىللەندۈرگەن بىر خىل پسىخىك ھادىسە ئىكەنلىكىنى ئالغا سۈرگەن.[12]

يېڭىچە پىكىر ئېقىملىرىنىڭ ئەڭ جانلىق ئېقىملىرىدىن بىرى ھىندىستان يېرىم ئارىلىدا ئوتتۇرىغا چىقتى. 18-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا ئىنگلىزلار ھىندىستان يېرىم ئارىلىنى بېسىۋالدى. شۇنداق قىلىپ بۇ رايون 1857-يىلىدىن كېيىن ئىنگلىزلارنىڭ بىر ۋىلايىتىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن «جامائەتۇ ئەھلىززىكرى ۋەلقۇرئان» دېگەن ئىسىم بىلەن بىر پىكىر ئېقىمى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇلار بەزىدە «قۇرئانچىلار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سۈننەتنى پۈتۈنلەي رەت قىلىدۇ. قۇرئاننى ئاساسىي ئورۇنغا قويىدۇ. بۇ ئېقىم ئاساسلىق ۋەكىللىرى بولغان سەيىد ئەھمەتخان، چەراغ ئەلى، چەكرالەۋىي، ئەھمەدۇددىن ئەمرەتسەرىي، مۇھەممەد ئەسلەم جەراپۇرىي ۋە غۇلام ئەھمەد پەرۋىزىي تەرىپىدىن داۋاملاشتۇرۇلدى. قۇرغۇچىسى ئابدۇللاھ چەكرالەۋى ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەھلى ھەدىس ئېقىمى ئىچىدە ئۆتكۈزدى. كېيىنكى ھاياتىدا قاتتىق ھەدىس دۈشمىنى بولۇپ چىقتى. مەغلۇبىيەت پسىخولوگىيەسى ئىچىدىكى بەزى ئالىملارنىڭ كۆزقارىشىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب دىن ئىدى. بولۇپمۇ سۈننەت نامى بىلەن ئىسلامىي ھۆكۈملەرنىڭ ئىككىنچى مەنبەسى بولغان ھەدىسلەر ئۇلارنىڭ ئاساسلىق تەنقىد ئوبيېكتى ئىدى. ئەينى يىللاردا مىسىردا دوختۇر مۇھەممەد تەۋپىق سىددىقىمۇ «مەنار» ژۇرنىلىدا «ئەل ئىسلام ھۇۋەل قۇرئان ۋەھدەھ» ناملىق بىر ماقالىسىدە سۈننەتنى تامامەن رەت قىلدى. لېكىن بۇلارنىڭ پىكىرلىرى سىستېمىلىق ھالدا داۋاملاشمىدى. بۇ ئېقىم ئاساسەن ھىندى رايونىدا كۆپرەك قوللىغۇچى توپلىدى. پاكىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن مەركەزلىرى پاكىستاننىڭ لاھور شەھىرىگە يۆتكەلدى. زۇلپىقار ئەلى بۇتتو زامانىدا كېيىنكى ۋەكىللىرىدىن ھېسابلىنىدىغان پەرۋىزى «ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلدى ۋە ئىسلامنىڭ بەزى ئاساسلىق مەسىلىلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى» دەپ قارىلىپ، مۇرتەد ۋە كاپىرلىققا ھۆكۈم چىقىرىلدى. بۇلار بەزى مەسىلىلەردە ئوخشىمىغان كۆزقاراشلارغا ئىگە بولسىمۇ، ھەممىسىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى «سۈننەت ۋە ئىجتىھاد بىلەن ئەمەل قىلىش ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك، ھەزرىتى

[12] M. Sait Özvarlı, "Muhammed Abduh", *DİA*, XXX, 482-487

مۇسۇلمانلار قۇرئاننى ياخشى چۈشىنەلمىگەن ياكى ئۇنىڭغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئەمەل قىلمىغان. بۇ دەۋردە ئوتتۇرىغا چىققان ئالىملاردىن كونا مىسىر مۇپتىسى مۇھەممەد ئابدۇھ مۇھىم شەخسلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مۇستەملىكىگە ئايلىنىپ قالغان مۇسۇلمان رايونلىرىنى ئازات قىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى تەقلىدچىلىك كىشەنلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى، دىنىي ئىختىلاپلار مەيدانىغا چىقمىغان دەۋردىكى سەلەفلەرنىڭ چۈشەنگەن شەكلى بويىچە چۈشىنىشنى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە يېزىلغان ئەسەرلەرنى تاشلاپ قويۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە يېزىلغان كىتابلارنى ئاساس قىلىشنى تەكىتلىگەن. بۇنى ئىجرا قىلىشتا دىن-ئەقىل مۇناسىۋىتىگە تايىنىشنىڭ زۆرۈرلىكى ھەققىدە كۆپ توختالغان. ئىلمى كالام تالاش-تارتىشلىرىنىڭ كېرەكسىزلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئاللاھنىڭ زاتى ھەققىدە ئەمەس، مەخلۇقلىرى ئۈستىدە توختىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ۋەھيىگە قارشى چىقىش سەۋەبىنىڭ مەسئۇلىيەتتىن قېچىش ئىستىكى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئۇنى بەزىلەر سەلەفىي مەزھىپىدە دەپ قارىسا، بەزىلەر «يېڭى مۇئتەزىلەنىڭ قۇرغۇچىسى» دەپ قارىغان.

مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ نەزىرىدە تەپسىر كىتابلىرىدا قۇرئاننىڭ روھىغا ماس كەلمەيدىغان خاتا مەلۇماتلار كۆپ. ۋەھيىنىڭ باش تېمىسى لۇغەت خاراكتېرلىق تەھلىللەر ئىچىدە يوقاپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن قۇرئان ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلىپ، ئۆلۈكلەرگە ۋە بىمارلارغا ئوقۇلىدىغان بىر كىتابقا ئايلىنىپ قالغان. ھالبۇكى، قۇرئاننىڭ ئاساسلىق نىشانى ئىنسانلارنىڭ ئىلمىي ۋە ئەخلاقىي سەۋىيەلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاندا فىقھىي مەسىلىلەر ئانچە كۆپ ئورۇن تۇتمايدۇ. ئۇ يەنە ئايەتلەرنى دەۋرىنىڭ ئىلمىي تەرەققىياتى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈشكە ناھايىتى كۈچىگەن. بۇ سەۋەبتىن جىنلارنىڭ مىكروپلارنىڭ بىر تۈرى ئىكەنلىكىنى، ئەبرەھە قوشۇنىنى تاش بىلەن ھالاك قىلغان قۇشلارنىڭ كېسەللىك تۇشۇغۇچى چىۋىنلارنىڭ بىر تۈرى ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلارنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئەمەس، خىلمۇخىل ئىنسان جىنسلىرىدىن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى، مەريەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ھامىلدار بولۇشى بالىسى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىلاھىي خەۋەرگە بولغان

سىستېمىسىنى تەنقىد قىلدى. بۇ جەھەتتە مۇھەممەد ئەسەد ۋە ئالېكس كارىلنىڭ كۆزقاراشلىرىدىن نەقىل كەلتۈردى. ئىسلامنىڭ سىياسى روھىنى يېڭى بىر ئۇسلۇبتا، كۈچلۈك بىر شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويدى. شەرىئەتنى ھەممە نىزاملاردىن ئۈستۈن قويدى، تەبلىغ چەكلەنگەن يەرلەردە جىھادنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويدى، يۇنان پەلسەپەسىنىڭ تەسىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى دەپ قارىدى، مۇسۇلمانلارنىڭ زامانغا باپ كېلىدىغان، ئۆزگە خاس يېڭى بىر تەپەككۇر شەكلىنى قۇرۇپ چىقىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يازغان «فى زىلالىل قۇرئان» ناملىق ئەسىرى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئالاھىدە شۆھرەت تاپتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىدە مۇسۇلمانلار رايونىدىكى مۇستەملىكچىلەرنى، غەرب ئەللىرىنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈستىدىكى تەسىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلىشى مەزلۇم مىللەتلەر تەرىپىدىن ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشىغا تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى «مەجەللەتۇسسەقافەتىل ئىسلامىيە» ژۇرنىلىنىڭ ھىجرىيە 1385-يىلى شەئبان ئېيىنىڭ 23-سانىدا بىر پەتىۋا چىقىرىپ، سەييىد قۇتۇبنى «›يول بەلگىسى‹ ناملىق ئەسىرىدە خەلقنى پىتنە چىقىرىشقا كۈشكۈرتكەن، تارىختىكى خاۋارىجلارنىڭ يولىدىن ماڭغان» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئەيىبلىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۆزىنىڭ بەزى سەپداشلىرى تەرىپىدىنمۇ تەنقىد قىلىندى. شاھادەت كەلىمىسىنى ھاكىمىيەتكە باغلاپ چۈشەندۈرۈش، ئەمەلسىز ئىماننىڭ كۈچكە ئىگە ئەمەسلىكى، زامانىمىزنىڭ ئىنسانلىرىنى جاھىلىيەت بىلەن ئەيىبلەش قاتارلىق پىكىرلىرى تەنقىدنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولغان ئىدى.[14]

بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن شەخسلەر ۋە ئەسەرلىرى يېڭى پىكىر ئېقىملىرىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرى بولغانلىقتىن يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتتۇق. بۇ دەۋردە يۇقىرىقىلاردىن سىرت ھەر خىل مەزھەپ ۋە ئېقىملارغا تەۋە نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىلدى. بۇ قىسقىغىنە لېكسىيەدە ئۇلار ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىش ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس.

[14] Hilal Görgün, "Seyyid Kutub", *DİA*, XXXVII, 64-68.

مۇھەممەدنىڭ قۇرئاندىن باشقا مۆجىزىسى يوق، پەرىشتە ۋە جىنلار ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس، جىبرىئىل جانلىق بىر پەرىشتە بولماستىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ۋەھيى ئېلىپ كەلگەن بىر خىل كۈچى» دەپ قاراشتىن ئىبارەت ئىدى. سەييىد مەقبۇل ئەھمەدخاننىڭ قارىشىدا جەننەت، دوزاخ ۋە ئۇ يەردە يۈز بېرىدىغان بەزى ھادىسىلەر ئوخشىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. ھەممىسى بىردەك قۇرئاندا ھۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئايەتلەرنىڭ بارلىقىنى قوبۇل قىلمىغان ئىدى. قۇرئانچىلار مەزھىپى ئىچىدە ئىبادەتلەر ھەققىدىمۇ پەرقلىق كۆزقاراشلار مەۋجۇت ئىدى. خۇسۇسەن چەكرالەۋىيدىن كېيىن ناماز ۋاقىتلىرى، رەكئەت سانلىرى، ئادا قىلىنىش شەكىللىرى ۋە ئەركانلىرى ھەققىدە ئۆزگىچە كۆزقاراشلار بار ئىدى. مەسىلەن: چەكرالەۋىي نامازنى كۈندە بەش ۋاق دەپ ئېيتقان بولسا، ئەھمەدۇددىن پەرز نامازنىڭ كۈندە ئىككى ۋاق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. قۇرئاندا بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھېيت نامازلىرى بىلەن جىنازا نامازنى ئوقۇش زۆرۈر ئەمەس ئىدى. پەرۋىزىنىڭ قارىشىدا زاكاتنى ئىسلام دۆلىتى يىغىشى كېرەك ئىدى، بۇنداق بىر دۆلەت بولمىسا زاكات پەرز بولمايتتى. بۇ ئېقىمدىكى كىشىلەردىن بەزىلىرى روزىنىڭ مۇددىتىنىڭ توققۇز كۈن بولسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئىدى.[13]

ھازىرقى زامان تەپسىرچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ خېلى كۆپ ساندىكىلىرى يۇقىرىدىكى پىكىردە بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم تەپسىرلەر مودېرنىزمنىڭ بەزى تەسىرلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋېلىش بىلەن بىرگە، كونسېرۋاتىپ تەپسىرچىلىك ئېقىمىدىن چىقىپ كەتمىگەن. ھىندىستان يېرىم ئارىلىدا مەۋدۇدىي، مىسىردا سەييىد قۇتۇب، تۈركىيەدە مۇھەممەد ھەمدى يازىر قاتارلىق بىر تۈركۈم تەپسىرچىلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. خۇسۇسەن سەييىد قۇتۇب ئەسەرلىرىدە ھازىرقى زامان دۇنياسىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىگە كاپىتالىزم ۋە كوممۇنىزمنىڭ چارە تاپالمىغانلىقىنى، ئەكسىچە يېڭى مەسىلىلەرنىڭ ئاساسىي مەنبەسىنىڭ مۇشۇ ئېقىملار ئىكەنلىكىنى، مەسىلىنى ئاساس قىلىشتىكى چىقىش نۇقتىسىنىڭ ئىسلام دىنى بولۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى، غەرب

[13] Abdülhamit Birışık, "Kurâniyyun", *DİA*, XXVI, 428-429; Abdülhamit Birışık, "Tefsir", XL, 287-290.

قۇرئاننىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى پەقەت ئۆلىمالارلا بىلىدۇ، پەقەت ئۇلاردىن نەقىل قىلىنغان رىۋايەتلەرگىلا ئىشىنىشكە بولىدۇ. تەپسىرنى نەسەبى ئەھلى بەيتكە تۇتىشىدىغان بىر ئىمام ياكى بىر ئالىم يېزىشى كېرەك. دەرۋەقە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مۇئەللىپلىرىدىن مۇھەممەد قاسىم داموللامنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇز زامانىدا بەزى مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قارىشىدا قۇرئاننى تەپسىر قىلىش جائىز ئەمەس ئىدى. ئۇنى پەقەتلا بىر پەيغەمبەر ياكى راشىد خەلىپىلەردىن بىرى ۋە ياكى مەشھۇر ئىماملاردىن بىرى تەپسىر قىلىش كېرەك ئىدى. سۇننەتنىمۇ نەسەبلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدىغان ئەھلى ئىلىملەردىن ئۆگىنىشكە بولاتتى. ئەكسىچە ھەرىكەت قىلغۇچىلار كاپىر ۋە زىندىق ھېسابلىناتتى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ شەرقىي تۈركىستاندا خۇراپىي ئەقىدىلەر ناھايىتى كۆپىيىپ كەتكەن.[16]

تۆتىنچىسى، قاراخانىيلار ۋە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بىر قانچە يۈز يىللىق تارىخىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملىق ئىچكى ۋە تاشقىي زىددىيەتلەر ئۈزۈلمەي داۋاملاشقان. شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ئۇرۇش ۋە كۆچمەنلىك ھاياتى ئىچىدە ئۆتكەن. قىسقىسى، جەمئىيەت مۇقىم بولمىغان. بۇنداق شارائىتتا چوڭ ھەجىملىك بىر ئەسەرنىڭ يېزىلىشى قىيىن.

پەقەت يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئانا تىلدا ئەسەر يېزىش مۇسۇلمان رايونلىرىدا بازار تېپىشقا باشلىغان. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە شەرقىي تۈركىستاندىمۇ بەزى ئالىملار چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەر يېزىشقا ئاتلانغان. بەزىلىرى ئەجدادىيەتلىرى بىلەن يەرلىك خەلقنى ئويغىتىپ، زۇلۇمغا قارشى ھەرىكەتكە ئۈندۈشكە چاقىرسا، يەنە بەزى دىنىي ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئىنسانلارنى خۇراپىي ئەقىدە ۋە بۇزۇق ئەخلاقلاردىن قۇتۇلدۇرۇشنى، ئىسلام دىنىنى ئىشەنچلىك مەنبەلەردىن توغرا رەۋىشتە ئۆگىتىشنى مەقسەت قىلغان. ھەر تەرەپنىڭ ئورتاق نىشانى بولسا شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەقىل بىر دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت بولغان.

[16] محمد قاسم أمين، تركستان الشرقية فى عهد ملك الطوائف وفي واقت الحاضر، تكلماكان نشرياتى 2000، ص: 2.

## 3-باب شەرقىي تۈركىستان رايونىدا قۇرئان تەرجىمە ۋە تەپسىرلىرى

شەرقىي تۈركىستان رايونى شەخسلەر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىسلام بىلەن خېلى بۇرۇنلا تونۇشقان بولسىمۇ، جامائەت شەكلىدە ئىسلام بىلەن تونۇشۇشى نىسبەتەن كېيىن ئەمەلىيلەشكەن، دەپ قاراشقا بولىدۇ. كۆپ سانلىقنىڭ قارىشىدا «بۇ جەريان قاراخانىيلار دەۋرىدىن باشلانغان» دېيىلىدۇ. بىز مۇشۇ مەلۇماتنى قوبۇل قىلغان ۋاقتىمىزدىمۇ شەرقىي تۈركىستان رايونىدا يېزىلغان بەزى دىنىي ئەدەبىي ئەسەرلەردىن باشقا تەپسىر ساھەسىدە غوللۇق بىر ئەسەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق. بۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ «شەرقىي تۈركىستان خەلقى دىنىدىن، بولۇپمۇ قۇرئاندىن خەۋەرسىز ئىدى» دېگەن مەنە چىقمايدۇ. چۈنكى «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاتارلىق ئەسەرلەرگە قارىغان ۋاقتىمىزدا قۇرئان ئايەتلىرىدىن نەقىل قىلىنغان نۇرغۇن ئىبارىلەرنى كۆرىمىز.[15]

مۇسۇلمانلار رايونىدا تەسىر قوزغىغۇدەك بىر ئەسەرنىڭ يېزىلماسلىقىدا تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر بولۇشى مۇمكىن:

بىرىنچىسى، دەسلەپتە شەرقىي تۈركىستاندا ئەرەب تىلى ئىشلىتىلگەن بولغاچقا، ئەسەرلەر ئەرەب تىلى بىلەن يېزىلغان ۋە يېزىلغان ئەسەرلەر كېيىنكى دەۋرلەردە شەرقىي تۈركىستان رايونىدا توختىماي يۈز بەرگەن مالىمانچىلىقتا يوقاپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

ئىككىنچىسى، ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچراپ كەتكەن يەرلىك ئالىملار مەزكۇر تىللاردا يېزىلغان ئەسەرلەردىن پايدىلىنىش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، يېڭىدىن ئەسەر يېزىپ چىقىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئۈچىنچىسى، ئىران شىئە چۈشەنچىسىنىڭ تەسىرى بىلەن قۇرئانغا تەپسىر يېزىشتىن چەكلەنگەن بولۇش مۇمكىن. چۈنكى شىئە چۈشەنچىسىدە

[15] Sofuoğlu, M. Cemâl, "Kur'ân ve Hadis Kültürünün Kutadgu Bilig'teki İzleri", *Dokuz Eylül Üniversitesi İlahiyat Fakültesi Dergisi*, 1989, sayı: 5, s. 127-180; Ersoylu, Halil, "Kutadgu Bilig›de Kur›an-ı Kerim Ayetlerinden İlhâmlar", *Türk Dünyası Araştırmaları*, 1981, sayı: 15, s. 17-41.

تولۇق تەپسىر دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇ تەپسىردە ئاساسەن مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى روشەن كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: قۇرئاندا مەنسۇخ ئايەتلەرنىڭ بارلىقىنى قوبۇل قىلمىغان، فىقھى جەھەتتىن بىر مەزھەپكە تەۋە بولمىغان. ئىسرا ئىلىيياتلارنىڭ قايتا پەيغەمبەر بولۇپ كېلىدىغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلغان.[20] بۇنىڭدىن سىرت ھازىرقى زامان تەپسىر ئېقىمىدىن نۇرغۇن جايلاردا پايدىلانغان ۋە ئۇلاردىن نەقىل كەلتۈرگەن. 1933-قەشقەردە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەدلىيە مىنىستىرى ۋە كېيىنكى يىللاردا يەنە نۇرغۇن سىياسىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن زىرىق قارىھاجىمنىڭ مۇشۇنداق ئەھلى سۈننەت ئىسلام چۈشەنچىسىنىڭ بەزى پرىنسىپلىرىغا زىت كۆزقاراشتا بولۇشى ۋەتىنىمىزدىكى دىنىي ئاڭنىڭ ئاللىبۇرۇن ھازىرقى زامان ئىسلام پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ماسلىشىپ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىشەنچلىك مەنبەلەردە سابىت داموللامنىڭمۇ بىر قۇرئان تەپسىرى يازغانلىقى مەلۇم.[21] لېكىن بۇ تەپسىرنىڭ ئاخىرقى بىر پارىسىلا زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن. داموللامنىڭ باشقا ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭمۇ مۇھەممەد ئابدۇھ ۋە ئۇنىڭ ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگە قايتىشنى قاتتىق تەشەببۇس قىلغان سابىت داموللامنىڭ شۇ دەۋر سەلەفىيلىرىدىن ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىش مۇمكىن. لېكىن فىقھىي مەسىلىلەردە ھەنەفىيلىكنى تاللىشى كاللىسىدىكى مۇجەددىدلىكنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا يېتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ پىكرى تەپسىردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇشى ئېھتىمال.

ھەممىگە مەلۇمكى، مەملىكىتىمىزدە كوممۇنىست تۈزۈم ئاستىدا قۇرئاننىڭ تەرجىمىسى ئىككى قېتىم بېسىپ تارقىتىلدى. بۇنىڭ بىرى مۇھەممەد سالىھ قارىھاجىم تەرىپىدىن قىلىنغان تەرجىمە بولۇپ، مەزكۇر ئەسەر 1986-يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن بىرىنچى قېتىم بېسىلدى. بۇ ئەسەر 1992-يىلى سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئىككىنچى قېتىم

[20] Kurban, "Muhammed Zarîf Ve Tefsir Anlayışı", *Gümüşhane Üniversitesi İlahiyat Fakültesi Dergisi*, 2012/1, c. 1, sayı: 1, s. 14, 20, 22, 28.

[21] يالقۇن رۇزى، «سابىت داموللا كىم»، شىنجاڭ تارىخ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى، 2011-يىلى 45-سان، 95-80-بەتلەر.

ئەنە شۇنداق شارائىتتا ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرىدىن بەزىلىرى قۇرئاننى يەرلىك تىلدا تەرجىمە قىلىپ چىقىشقا ئۇرۇنغان. بەزى ئەسەرلەردىن ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ قۇرئاننى كېيىنكى دەۋر ئۇيغۇر چاغاتاي تىلىغا تەرجىمە ۋە تەپسىر قىلغانلىقىنى بىلەلەيمىز.[17] لېكىن بۇ ئەسىرى بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن. مەشھۇر تاتار ئالىمى مۇھاجىر مۇھەممەد رەمزىنىڭمۇ چۆچەكتە قۇرئاننى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغانلىقى مەلۇم.[18] لېكىن بۇ ئەسەر روياپقا چىقماستىنلا يوقاپ كەتكەن. قولىمىزدا مۇئەللىپى مەلۇم بولمىغان بەزى قىسقا سۈرىلەرنىڭ تەپسىرلىرى بار. بولۇپمۇ گۇننار يارىڭ ساقلانمىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان قىسقا سۈرىلەرنىڭ بىر پارچە تەپسىرى تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئەسەرلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

بۈگۈن قولىمىزدا تاتار مۇھاجىرلىرىدىن ئەھمەد فەرىد ئابباسىنىڭ ئىككى توملۇق بىر تەپسىرى مەۋجۇت. ئەسلىدە ئۇ، قۇرئاننى باشتىن-ئاخىر تەرجىمە قىلىپ تۈگەتكەن بولسىمۇ، بىزگە ئۇنىڭ پەقەت بىر بۆلۈملا يېتىپ كەلگەن. ئۆزگىچە ئۇسلۇب بىلەن يېزىلغان بۇ تەپسىردە ھازىرقى زامان تەپسىر ئېقىمىنىڭ ئىزلىرىنى ئوچۇق-ئاشكارا كۆرۈشكە بولىدۇ. مۇئەللىپنىڭ تەپسىردە دۇنياۋى بىلىملەرنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىن ناھايىتى كۆپ پايدىلانغان. ئۇ كىلاسسىك تەپسىر ئېقىمىدىكى نۇرغۇن كۆزقاراشلارنى قوبۇل قىلمايدۇ. مەسىلەن: ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قايتا كېلىشى، قۇرئاندا مەنسۇخ ئايەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى دېگەندەك. شۇنداقلا مۇسا ئەلەيھىسسالام قىزىل دېڭىزغا كەلگەندە دېڭىز يېرىلمىغان، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تاشقا ئۇرغان ۋاقتى مەدجەزىر ھادىسىسىگە ئۇدۇل كېلىپ، سۇ تارتىلىپ كەتكەن دېگەندەك قاراشلىرى بار.[19]

يۇقىرىقىدىن باشقا مۇھەممەد زىرىق قارىھاجىمنىڭ بىر پارچە قۇرئان تەپسىرى بار. بۇ تەپسىرنى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ

[17] مۇختار مامۇت مۇھەممىدى، «ئۇيغۇر ئالىمى تەجەللى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2011 -يىلى -1 نەشرى، -25 بەت.

[18] Ahmet Temir, "Doğumunun 130. Ve Ölümünün 50. Yılı Dolayısıyla Kazanlı Tarihçi Murad Remzi, Belleten, Ankara, 1986, C: L, sayı: 197, s. 502.

[19] Nur Ahmet Kurban, "İdil Ural'dan Kaşgar'a Bir Müfessirin Hayatı: Ahmed Ferîd Kârî el-Abbâsî", Sayı 16 (Temmuz - Aralık 2011), s. 73. A.m., *Türkistan Coğrafyasında Çağdaş Dönem Kuran Çalışmaları*, Siyer Yay., 2016, s. 35-36 vd.

زاماندىن يىراقلاشقانسېرى مەسىلىلەر كۆپەيگەن. مەسىلە كۆپەيگەنسېرى ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ خىلمۇخىل يوللىرى پەيدا بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئوخشىمىغان مەزھەپلەر شەكىللەنگەن. ھەممە مەزھەپ ئۆزلىرىنىڭ پىكىرىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش ئۈچۈن قۇرئاندىن دەلىللەرنى ئىزدەشكە باشلىغان. بەزىلىرى سىياسىي كۈچنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن بولسا، يەنە بەزىلىرى ئاللىبۇرۇن تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ قالغان.

19-ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىدە مۇسۇلمان رايونلىرىنىڭ كۆپىنچىسى غەرب ۋە باشقا غەيرى مۇسۇلمان ئەللەرنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالغان. شۇنىڭغا ئەگىشىپ مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىغان. بىر قىسىم زىيالىلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى ياكى مۇسۇلمان بولمىغان دۆلەتلەرنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قېلىشىدىكى تۈپ سەۋەبنى «ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئانغا ئەمەل قىلىنمىغان ياكى توغرا چۈشىنىلمىگەنلىكتىن بولغان» دەپ، بۇ كىتاب ئۈستىدە يېڭىدىن ئىزدىنىشكە باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن تەپسىرچىلىك ھەرىكىتىدە يېڭى سەھىپىلەر ئېچىلىشقا باشلىغان. ئۇلارنىڭ نۇرغۇن پىكىرلىرى كونىچە ئېقىم تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىغان. مۇسۇلمانلارنىڭ كونا ئادەتلىرى بويىچە بەزى مۇئەللىپلەر دىنىدىن چىقىرىۋېتىش دەرىجىسىدە تەنقىدكە ئۇچرىغان. لېكىن كونىلىق تەرەپدارلىرىمۇ ھازىرقى زامان دۇنياسىنىڭ ئىلمىي تەرەققىياتى ۋە شەرت-شارائىتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمىغان.

بۇ لېكسىيەمىزدە ئۈستىدە توختالغان ئاساسلىق تېمىلاردىن بىرى شەرقىي تۈركىستان دىيارىدا يېزىلغان قۇرئان تەرجىملىرى ۋە تەپسىرلىرى ھەققىدە بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش تەرەپدارى بولۇش بىلەن بىللە، تارىختىن بۇيانقى ئەھلى سۈننەنىڭ مۆھىم پرىنسىپلىرىدىن بەزىلىرىنى قوبۇل قىلمىغان ۋە يېڭىلىقچىلارنىڭ پىكىرلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەتكەن.

قۇرئان تەرجىملىرى ھەرگىزمۇ قۇرئاننىڭ مەنىسىنىڭ ئۆز ئەينىسى ئەمەس. مۇئەللىپلەرنىڭ ھېچبىرى بۇنى دەۋا قىلمايدۇ. تەرجىملەر

قايتا بېسىلدى. 1994-يىلى يەنە ئەرەبىستاندا ئۈچىنچى قېتىم بېسىلدى. ئوخشاش ئەسەر 2017- ۋە 2018- يىلى تۈركىيە دىنىي ئىشلار نازارىتى تەرىپىدىن ئۇدا ئىككى قېتىم بېسىلىپ تارقىتىلدى. ئۇندىن باشقا مۇھەممەد سالىھ قارىھاجىمنىڭ ئۆز دەۋرىدە «تەپسىرۇل قۇرئانىل كەرىم» ئىسمى بىلەن قۇرئاننىڭ ئاخىرقى ئىككى پارىسىنىڭ تەپسىرى نەشر قىلىندى.

ۋەتەن ئىچىدە تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان ئىككىنچى تەرجىمە بىر ئىلمىي ھەيئەت تەرىپىدىن تەييارلانغان ۋە 2012-يىلى «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» تەرىپىدىن بېسىپ تارقىتىلغان «قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى» بولۇپ، بىر قەدەر يېڭى ئۇسلۇب بويىچە قىلىنغان بۇ تەرجىمە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى يەنە بىر قېتىم سۆيۈندۈردى.

ۋەتەن سىرتىدا يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان نۇرغۇنلىغان دىنىي ئەسەرلەر نەشر قىلىندى. مۇشۇنىڭغا ئەگىشىپ قۇرئان ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئەسەرلەر يېزىلدى ياكى تەرجىمە قىلىندى. بۇلاردىن بىرى ئەنەس ئالىمئوغلى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، 2018-يىلى «سۇلايمانىيە ۋەقفى نەشرىياتى» بېسىپ تارقاتقان «قۇرئان كەرىم ۋە ئىزاھلىق تەرجىمىسى» دېگەن ئەسەر. بۇ ئەسەرنىڭ پايدىلانغان مەنبەلىرىنىڭ كەڭ بولۇشى ھەمدە ئەركىن دۇنيادا يېزىلغان بولۇشى تەرجىمىنى تېخىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە قىلغان.

**خۇلاسە**

بىز بۇ ئەسەردە تەپسىر ھەرىكىتىنىڭ يىراق ئۆتمۈشىدىن باشلاپ ھازىرغىچە بولغان ئەھۋالىنى بۇ بىر قانچە مىنۇتلۇق لېكسىيەدە خۇلاسىلەشكە تىرىشتۇق. بۇنىڭ ئانچە ئاسان بىر ئىش ئەمەسلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم. يۇقىرىقىلاردىن مەلۇم بولغىنىدەك، تەپسىر ھەرىكىتى باشتا بىرقانچە ساھابىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پەقەتلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن نەقىل قىلىنغان رىۋايەتلەرگىلا تايانغان. كېيىنچە ئۇنىڭ ئورنىنى تەئۋىل ئەدەبىياتى ئىگىلەشكە باشلىغان. قۇرئاننىڭ مەنىسىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن دەسلەپكى دەۋردە ئىشلىتىلمىگەن نۇرغۇن ئامىللار دەلىل قىلىپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

Birışık, Abdülhamit, "Kurâniyyun", *DİA*, yıl: 2002, cilt: 26, sayfa: 428-429;

----------, "Tefsir", *DİA*, yıl: 2011, cilt: 40, sayfa: 287-290.

Temir, Ahmet, "Doğumunun 130. Ve Ölümünün 50. Yılı Dolayısıyla Kazanlı Tarihçi Murad Remzi, *Belleten*, Ankara, 1986, C: L, sayı: 197, s. 502.

Merad, Ali, "Islah", *DİA*, yıl: 1999, cilt: 19, sayfa: 143-156.

Fığlalı, Ethem Ruhi, "Hâricîler", *DİA*, yıl: 1997, cilt: 16, sayfa: 169-175.

Ersoylu, Halil, Kutadgu Bilig'de Kur'an-ı Kerim Ayetlerinden İlhâmlar, *Türk Dünyası Araştırmaları*, 1981, sayı: 15, s. 17-41.

Görgün, Hilal "Seyyid Kutub", *DİA*, yıl: 2009, cilt: 37, sayfa: 64-68.

Cerrahoğlu, İsmail *Tefsir Tarihi*, c. I, s. 198;

Özvarlı, M. Sait "Muhammed Abduh", *DİA*, yıl: 2005, cilt: 30, sayfa: 482-487

Demirci, Muhsin, *Tefsir Tarihi*, 35. Baskı, İstanbul, 2016, s. 43-54.

Fayda, Mustafa, "İbn Cerir et-Taberî", DİA, s. 317.

Kurban, Nur Ahmet, "İdil Ural'dan Kaşgar'a Bir Müfessirin Hayatı: Ahmed Ferîd Kârî el-Abbâsî", *Gümüşhane Üniversitesi İlahiyat Fakültesi Dergisi*, Sayı 16 (Temmuz-Aralık 2011), s. 73.

----------, *Türkistan Coğrafyasında Çağdaş Dönem Kuran Çalışmaları*, Siyer Yay., 2016, s. 35-36 vd.

----------, "Muhammed Zarîf Ve Tefsir Anlayışı", *Gümüşhane Üniversitesi İlahiyat Fakültesi Dergisi*, 2012/1, c. 1, sayı: 1, s. 14, 20, 22, 28.

Sofuoğlu, M. Cemâl, "Kur'ân ve Hadis Kültürünün Kutadgu Bilig'teki İzleri", *Dokuz Eylül Üniversitesi İlahiyat Fakültesi Dergisi*, 1989, sayı: 5, s. 127-180.

Türker, Ömer "Mukātil b. Süleymân", *DİA*, yıl: 2006, cilt: 31, sayfa: 134-136.

كەلىمىلەرنىڭ لۇغەت مەنىلىرىنى نىشان ئوبيېكتى قىلغان تىلدا ئەكس ئەتتۈرۈشىنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەربىر تەرجىمە بىر تەپسىر ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ مىساللىرى ئەرەب تىلىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. تىلنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە لۇغەتنىڭ خىلمۇخىللىقى بەزى ئىختىلاپلارنى تۇغدۇرۇشى مۇقەررەر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان نازىل بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەستىن يېزىلىشقا باشلىغان تەپسىر كىتابلىرى قىيامەت قايىم بولغانغا قەدەر يېزىلىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئىلىم-پەن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان، شۇنىڭغا تايىنىپ ئىلىمگە ئېرىشىش ئاسانلىشىۋاتقان بۇ دەۋردە تەپسىر ۋە تەرجىمە پائالىيىتىنىڭ خىلمۇخىللىقىغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئۆزىمىزگە باپ كەلگىنىگە ئەگىشىپ مېڭىش، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ھەققىدە باش قاتۇرۇش كېرەك. پىكىر ئىختىلاپلىرىنى زىددىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى بۇزۇشنىڭ ئورنىغا، بۇنداق ئىختىلاپلارنى ئۈممەتنىڭ ئىچىدە بىر بايلىققا ئايلاندۇرۇش كېرەك.


## پايدىلانغان مەنبەلەر

- أحمد بن محمد بن أبي بكر بن خلكان، وفيات الأعيان وأنباء أبناء الزمان، الناشر: دار صادر - بيروت، سنة النشر: 1972، المجلد الثاني، ص: 371-375.
- أثير الدين أبو حيان محمد بن يوسف بن علي بن يوسف الأندلسي، البحر المحيط في التفسير، المحقق: صدقي محمد جميل، دار الفكر، ص: 26.
- محمد بن عبد الله الزركشي بدر الدين، البرهان في علوم القرآن، المحقق: أبو الفضل الدمياطي، دار الحديث، 2006/1427، ص: 22.
- الراغب الأصفهاني، مفردات ألفاظ القرآن، دار القلم، سنة النشر: 1430 - 2009.
- يالقۇن رۇزى، «سابىت داموللا كىم»، شىنجاڭ تارىخ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى، 2011 -يىلى 45- سان، 80-95- بەتلەر.
- محمد حسين الذهبي، التفسير والمفسرون، دارالأرقم، بيروت، 1/241-249.
- محمد قاسم أمين، تركستان الشرقية فى عهد ملك الطوائف وفي واقت الحاضر، تكلماكان نشرياتى 2000، ص: 2.

# ئاز سانلىقلار فىقھىسى بويىچە تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر

**دوكتور مۇھەممەد چۇچاق**

[ئوسمانىيە قورقۇت ئاتا ئۈنىۋېرسىتېتى، ئىلاھىيات فاكۇلتېتى ئىسلام ھوقۇقى (فىقھ) ئوقۇتقۇچىسى]

**Dr. Öğretim Üyesi Muhammed ÇUÇAK**

*[Osmaniye Korkut Ata Üniversitesi İlahiyat Fakültesi]*

**قىسقىچە مەزمۇنى**

كۆپ ساندىكى فىقھشۇناسلار دۇنيادىكى دۆلەتلەرنى شۇ دۆلەتنىڭ ھاكىمىيىتى ۋە ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن ئىسلام دۆلىتى ۋە كاپىر دۆلىتى دەپ ئىككىگە ئايرىغان بولۇپ، بىر قىسىم فىقھشۇناسلار دۇنيا پەقەت بىر دۆلەتتىن ئىبارەت دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. قۇرئان-كەرىمدە دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمىيىتى ۋە ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن ئىككىگە بۆلۈندىغانلىقى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان بولسىمۇ، ئايەتلەرنى ئىنچىكە تەھلىل قىلغىنىمىزدا، يەر يۈزىدە ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ دىنىغا بويسۇنۇپ ياشاش جەريانىدا تۈرلۈك بېسىم ۋە زۇلۇمغا ئۇچرايدىغان، دىنىدا بۇيرۇلغان ئىشلارنى ئىجرا قىلىش قىيىن بولغان بىر قىسىم رايونلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى، شۇنداقلا ئۆزى ئېتىقاد قىلغان دىنىنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى قىلىشتا ھېچقانداق بېسىم ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىماستىن ئەركىن ئىجرا قىلىش ئىمكانىيىتى بار بولغان باشقا بىر قىسىم رايونلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئەھۋال ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئۆز دىنىغا بويسۇنۇپ ياشاش جەريانىدا ھەر-تۈرلۈك بېسىم ۋە زۇلۇملارغا ئۇچرىغان ئىنسانلار بۈگۈنكى كۈنىمىزدە فىقھي ساھەسىدە «اَلْأَقَلِّيَات/ ئەلئەقەللىيات» (يەنى ئاز سانلىقلار) دەپ ئاتالماقتا. بۇ ئاتالغۇ دەسلەپتە خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى ۋە جەمئىيەتشۇناسلىقتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، كېيىن فىقھ ساھەسىدىمۇ قوللىنىلىشقا باشلىغان. قۇرئان-

Azınlık hukukunun hangi temeller üzerine bina edildiğini ortaya koymaya, azınlıklar için Kur'an'da ne gibi tabirlerin kullanıldığını tespit etmeye çalışmak ve Türkistanlı Müslümanların karşı karşıya kaldığı namaz, oruç ve hac gibi birtakım meselelerin Azınlık hukuku çerçevesinde bir değerlendirmeye tabi tutmak, bildirimizin ana hattını teşkil etmektedir.

***Anahtar Kelimeler:*** Doğu Türkistan Müslümanları, Müslüman Azınlıklar, Müslüman Azınlık hukuku, İslâm ülkesi, Gayrimüslim ülkesi.

كەرىمدە بولسا بۇ تۈردىكى ئاز سانلىق مۇسۇلمانلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن باشقا بىر قانچە خىل ئاتالغۇلار قوللىنىلغان ھەمدە بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئوخشىمىغان ھۆكۈملەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە بۇ ھۆكۈملەر زامانىمىزدا «ئاز سانلىقلار فىقھىسى» دەپ ئايرىلغان.

ئاز سانلىقلار فىقھىسىنىڭ قايسى مەنبەلەرگە ئاساسلانغانلىقىنى، ئاز سانلىقلار ئۈچۈن قۇرئان-كەرىمدە قانداق ئاتالغۇلارنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىش ۋە تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلار زامانىمىزدا دۇچ كېلىۋاتقان ناماز، روزا ۋە ھەجگە ئوخشاش بىر قىسىم مەسىلىلەرنى ئاز سانلىقلار فىقھىسى بويىچە مۇھاكىمە قىلىش بۇ ماقالىمىزنىڭ تۈپ مەقسىتىدۇر.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى، ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار، ئاز سانلىقلار فىقھىسى، ئىسلام دۆلىتى، كاپىر دۆلىتى.

**Özet**

İslâm hukukçuları hâkimiyet ve yönetim faktörünü esas alarak dünyayı, İslâm ülkesi ve gayrimüslim ülkesi olarak iki kısma ayırmışlardır. Kimi fakihler ise dünyayı tek bir dâr/ülke olarak kabul etmişler. Kur'an-ı Kerim'de dünyanın, hâkimiyet ve yönetimden dolayı iki kısma ayrılacağı açıkça ifade edilmemişse de âyetler dikkatli incelendiğinde âyetlerden, yeryüzünde Allah'a ve dinine bağlı yaşamaya çalışan insanların baskı ve zulme maruz kaldığı, dinî vecibelerini yerine getiremediği bir yerin, insanların baskı ve zulme maruz kalmadığı, dinini özgürce yaşayabildiği başka bir yerin olduğu anlaşılmaktadır.

Dinine bağlı yaşama konusunda baskıya maruz kalan insanlar, günümüz tabiriyle "اَلْأَقَلِّيَاتُ/el-ekalliyât/azınlık" olarak adlandırılmaktadır. Bu, İslam hukukuna uluslararası hukuk ve sosyolojiden intikal eden bir tabir olup Kur'an, azınlıkları ifade etmek için farklı farklı tabirler kullanmış ve bu durumdaki insanları ayrı bir hükme tabi tutmuştur. Bu hükümler, çağımızda "azınlık hukuku" olarak sınıflandırılmıştır.

دەيدىغان ئاجىز ئەرلەر، ئاجىز ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىھاد قىلمايسىلەر﴾.[4]

﴿ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر. (ئۇلار) پەقەت پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ دېگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلدى، ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى بىر-بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئاللاھنىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى، كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، ئاللاھ ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر. (ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە ئاللاھقا قايتىدۇ)﴾.[5]

مەزكۇر ئايەتلەرنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، دۇنيانىڭ ئىككى خىل ھالەتتە ئىكەنلىكىنى، يەنى ئاللاھقا ئېتىقاد قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغان ئېتىقادلىق كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىپ، ئىبادەتلىرىنى قىلىشىغا توسالغۇ بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى ئەركىنلىكلىرىنى بوغىدىغان جايلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى بىلەن بىرگە، كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ئىبادەتلەرنى قىلىش، نامازلىرىنى ئوقۇش ۋە زاكاتلارنى بېرىشكە ئوخشاش ھەر-تۈرلۈك دىني پائالىيەتلىرىنى ھېچقانداق توسالغۇسىز، ئازادە ئېلىپ بارالايدىغان باشقا جايلارنىڭمۇ بارلىقىدىن ئىبارەت پەرقلىق ئىككى خىل جەمئىيەتنى كۆرۈۋالالايمىز. دېمەك، دۇنيانىڭ پەرقلىق ئىككى خىل دۆلەتكە ئايرىلىدىغانلىقى قۇرئاندا ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان بولسىمۇ، شۇنداق ئەھۋالنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشارەت قىلغان. كۈنىمىزدە بولسا ئۆز دىني ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قالغان، ئىبادەتلىرىنى قىلىشتا ھەر

[4] نىسا سۈرىسى، 75- ئايەت.
[5] ھەج سۈرىسى، 39- ئايەتتىن 41- ئايەتكىچە.

## ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى

يۇقىرىدا دېيىلگىنىدەك، كۆپىنچە فىقھشۇناسلار (ئىسلام قانۇنشۇناسلىرى) دۇنيادىكى دۆلەتلەرنى شۇ دۆلەتنىڭ ئىجرا قىلىنغان قانۇنىغا ئاساسەن ئىسلام دۆلىتى ۋە كاپىر دۆلىتى دەپ ئىككىگە ئايرىپ قارىغان[1]. لېكىن ھەنەفىي فىقھشۇناسلىرىدىن ئىمام دەبۇسىي ئىمام شافىئىينىڭ بۇ ھەقتە باشقىچە قاراشتا، يەنى دۇنيادىكى دۆلەتلەر يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك ئىككىگە ئايرىلمايدۇ، دېگەن قاراشتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن[2]. زامانىمىزدىكى ئالىملىرىمىزدىن بىرى بولغان ۋەھبە ئەززۇھەيلىيمۇ ئىمام شافىئىينىڭ مەزكۇر قارىشىغا قوشۇلۇپ، دۇنيانىڭ ئىككى خىل دۆلەتكە ئايرىلمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن[3].

قۇرئان كەرىمگە قارايدىغان بولساق، بىرەر ئايەتتە دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىككىگە ئايرىلىدىغانلىقىغا دائىر مەزمۇنلار ئۇچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلمىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. لېكىن جەمئىيەتتىكى ئەمەلىي رېئاللىقنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكىنىمىزدە، دۇنيادىكى بىر قىسىم جايلاردا ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ ئىبادەتلىرىنى ئەركىن ھالدا ئېلىپ بارالايدىغانلىقىنى، ھېچقانداق قىيىنچىلىققا ئۇچرىمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا يەنە بىر قىسىم جايلاردىكى ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتتىكى تۈرلۈك قانۇن-بەلگىلىمىلەرنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئىبادەتلىرىنى قىلىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، بۇ جەھەتتىكى ئەركىنلىكلىرىدىن مەھرۇم قېلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ ھەقتە بىر قىسىم ئايەتلەرنى مىسال قىلىدىغان بولساق:

﴿(ئى مۆمىنلەر!) سىلەرگە نېمە بولدىكى، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلمايسىلەر ۋە (دۇئا قىلىپ): ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇ ئاھالىسى زالىم شەھەردىن بىزنى چىقارغىن، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى مۇيەسسەر قىل، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر مەدەتكارنى مۇيەسسەر قىل،

---

[1] ۋەھبە ئەززۇھەيلى: «ئاسارۇلھەرب فىل فىقھىل ئىسلامى»، 1998-يىلى، دىمەشق، دارۇلفىكرى، 3- باسما، 167-بەت؛ ئابدۇلقادىر ئۇدەھ: «ئەتتەشرىيئۇل جىنائىيى ئەل ئىسلامىي»، بەيرۇت، دارۇلكاتىب ئەلئەرەبى، 1-توم، 275- بەت.

[2] ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ئەيسا ئەددەبۇسىي ئەلھەنەفىي: «تەئسىسۇن نەزەر»، 1994-يىلى 2 -باسما، قاھىرە، مەكتەبەتۇلھانجى، 58 - بەت.

[3] ۋەھبە ئەززۇھەيلى: «ئاسارۇلھەرب»،195-بەت.

بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئەھۋالى ۋە قىيىنچىلىقلىرى شۇ چاغدىكىگە ئوخشاپ قالىدىغان بىر قىسىم ئاز ساندىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قوللىنىلىشقا باشلىغان ئۇشبۇ «ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار» دېگەندىن ئىبارەت بۇ ئاتالغۇنىڭ قانداق قىلىپ ۋە قاچاندىن باشلاپ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز ئۈچۈن دەسلەپتە مۇراجىئەت قىلىدىغان مەنبەيىمىز يەنىلا قۇرئان كەرىمدۇر. كۈنىمىزدە «ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار»نى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىۋاتقان ئەرەبچە «اَلْأَقَلِّيَات/ئەلئەقەللىيات» ئىبارىسى قۇرئان كەرىمدە يوق، لېكىن قۇرئان كەرىمدە مۇشۇ ئىبارە بىلەن يىلتىزى بىر بولغان «ئاز» مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان «قَلِيلُونَ/ قەلىيلۇنە»[10]، «قَلِيلَةٌ/ قەلىيلەتۇن»[11]، «قَلَّ/ قەللە»[12]...گە ئوخشاش ئىبارىلەر مەۋجۇت. ئادەتتە ئاجىزلىق، سان جەھەتتە ئاز بولۇشنىڭ، شۇنداقلا كۈچلۈكلۈك، سان جەھەتتە كۆپ بولۇشنىڭ بىر نەتىجىسىدۇر. بۇ سەۋەبتىن قۇرئان كەرىمدە ئاجىز بولغانلارغا مەزكۇر ئىبارە قوللىنىلغانلىقى كۆرۈلمەكتە. مەسىلەن: ئاللاھتائالا پىرئەۋننىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسرائىل ئوغۇللىرى توغرىسىدا دېگەنلىرىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ هَٰؤُلَاءِ لَشِرْذِمَةٌ قَلِيلُونَ﴾ (بۇ كىشىلەر ھەقىقەتەن بىر ئوچۇم ئادەملەردۇر)[13]. ئاللاھتائالا باشقا بىر ئايەتتە يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَاذْكُرُوا إِذْ كُنتُمْ قَلِيلًا فَكَثَّرَكُمْ﴾ (ئەسلىدە سىلەر ئاز ئىدىڭلار، ئاللاھنىڭ سىلەرنىڭ سانىڭلارنى كۆپەيتكەنلىكىنى ياد ئېتىڭلار)[14]. بۇ ئايەتلەردە «قَلِيلُونَ/ قەلىيلۇنە ۋە قَلِيل/ قەلىيل» ئىبارىلىرى بار بولۇپ ئاز، ئاجىز دېگەن مەنىلەرنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ ئايەتلەر، بىز ئۈستىدە توختالغان «ئاز سانلىق» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە بىزگە تولۇق ۋە كەڭ دائىرىلىك مەلۇمات بېرەلمىسىمۇ، لېكىن تېمىمىزغا ئالاقىدار بىر قىسىم يىپ ئۇچلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بۇ خىل مەزمۇندىكى باشقا بىر ئايەتتە: «وَاذْكُرُوا إِذْ أَنتُمْ قَلِيلٌ مُّسْتَضْعَفُونَ فِي الْأَرْضِ/ياد ئېتىڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر (مەككە) زېمىنىدا ئاز سانلىق بولۇپ، بوزەك قىلىنغان ئىدىڭلار»[15] دېيىلگەن. بۇ ئايەت توغرىسىدا، بەدرى

---

[10] شۇئەرا سۈرىسى، 54- ئايەت.

[11] بەقەرا سۈرىسى، 249- ئايەت.

[12] نىسا سۈرىسى، 7- ئايەت.

[13] شۇئەرا سۈرىسى، 54- ئايەت.

[14] ئەئراپ سۈرىسى، 86- ئايەت.

[15] ئەنفال سۈرىسى، 26- ئايەت.

تۇرلۇك بىسىم ۋە زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان شۇ تىپتىكى ئىنسانلار «ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

ئەمەلىيەتتە، ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمگە ئەۋەتىلگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە شۇ قەۋمگە نىسبەتەن ئاز سانلىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ھەر قەۋم ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرنىڭ ئېلىپ كەلگەنلىرىنى توغرا چۈشىنىپ، قوبۇل قىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا، ئۆزلىرىگە يات بولغان بىر ئىدىيەنى بىر خىل خاتا ئېقىم دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك نەزىرىدە قاراپ، دەماللىققا قوبۇل قىلماي، بار كۈچى بىلەن قارشى چىقىشقا، جەمئىيەتتىن سىقىپ چىقىرىشقا، ھەتتا تامامەن يوق قىلىۋېتىشكە تىرىشىدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، بۇلار پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە نىسبەتەن سان جەھەتتە ئاز، جەمئىيەتتە تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىغان ۋە ئۇلارنى ھەر ۋاقىت خالىغىنىچە ئېزەلەيدىغان ئەرزىمەس، بىچارە ۋە ئاجىز بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ۋە كەمسىتىش مەقسىتىدە، ئۆز دەۋرىگە ماس دەپ قارىغان ھەرخىل ئاتالغۇلار بىلەن ئۇلارنى ئايرىپ ئاتىغان ھەمدە قۇرئان كەرىمدىمۇ بۇ ئاتالغۇلارنىڭ بىر قىسمى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن: نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى: «أَرَاذِلُنَا\ئارىمىزدىكى پەس كىشىلەر»[6] دەپ؛ شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنى: «ضَعِيفًا\ ئاجىز»[7] دەپ؛ سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنى: «اسْتُضْعِفُوا\ئاجىز بولغانلار»[8] دەپ؛ پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئىسرائىل ئوغۇللىرىنى «لَشِرْذِمَةٌ قَلِيلُونَ\بىر ئوچۇم ئادەملەر»[9] دەپ ئاتىغان.

---

[6] ﴿فَقَالَ الْمَلَأُ الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْ قَوْمِهِ مَا نَرَيكَ إِلَّا بَشَرًا مِثْلَنَا وَمَا نَرَيكَ اتَّبَعَكَ إِلَّا الَّذِينَ هُمْ أَرَاذِلُنَا بَادِيَ الرَّأْيِ﴾ (ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاپىر كاتتىلىرى: «بىزنىڭچە، سەن پەقەت بىزقەگە ئوخشاش بىر ئادەمسەن، بىزنىڭچە، ئارىمىزدىكى پەس كىشىلەر يەڭگىللىك بىلەن ساڭا ئەگەشكەن» دېدى). ھۇد سۈرىسى، 27 - ئايەت.

[7] ﴿قَالُوا يَا شُعَيْبُ مَا نَفْقَهُ كَثِيرًا مِمَّا تَقُولُ وَإِنَّا لَنَرَيكَ فِينَا ضَعِيفًا﴾ (ئۇلار: «ئى شۇئەيب! بىز سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنىڭ نۇرغۇنىنى چۈشەنمەيمىز. بىز ئەلۋەتتە سىنى ئارىمىزدا كۈچسىز ئادەم دەپ قارايمىز» دېدى). ھۇد سۈرىسى، 91 - ئايەت.

[8] ﴿قَالَ الْمَلَأُ الَّذِينَ اسْتَكْبَرُوا مِنْ قَوْمِهِ لِلَّذِينَ اسْتُضْعِفُوا لِمَنْ آمَنَ مِنْهُمْ أَتَعْلَمُونَ أَنَّ صَالِحًا مُرْسَلٌ مِنْ رَبِّهِ﴾ (ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ تەكەببۇر چوڭلىرى بوزەك قىلىنغانلارغا(ئاجىز بولغانلارغا) يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۆئمىنلەرگە: «سىلەر سالىھنى ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر دەپ بىلەمسىلەر؟» دېدى). ئەئراف سۈرىسى، 75- ئايەت.

[9] شۇئارا سۈرىسى، 54- ئايەت.

تەنقىد قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ الَّذِينَ تَوَفَّاهُمُ الْمَلآئِكَةُ ظَالِمِي أَنْفُسِهِمْ قَالُواْ فِيمَ كُنتُمْ قَالُواْ كُنَّا مُسْتَضْعَفِينَ فِي الأَرْضِ قَالْوَاْ أَلَمْ تَكُنْ أَرْضُ اللهِ وَاسِعَةً فَتُهَاجِرُواْ فِيهَا فَأُوْلَئِكَ مَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ وَسَاءتْ مَصِيرًا إِلاَّ الْمُسْتَضْعَفِينَ مِنَ الرِّجَالِ وَالنِّسَاء وَالْوِلْدَانِ لاَ يَسْتَطِيعُونَ حِيلَةً وَلاَ يَهْتَدُونَ سَبِيلاً﴾ (ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار، (يەنى ھىجرەتنى قىلماي كاپىرلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار)نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «(دىنىڭلارنىڭ ئىشىدا) قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «زېمىندا (يەنى مەككە زېمىنىدا) بىز (دىنىي بەرپا قىلىشتىن) بوزەك قىلىنغان ئىدۇق» دەيدۇ. پەرىشتىلەر: «ھىجرەت قىلساڭلار ئاللاھنىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟» دەيدۇ. ئەنە شۇ (ھىجرەت قىلمىغان)لارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! پەقەت ئەرلەردىن، ئاياللاردىن، بالىلاردىن چارىسىز قالغان (يەنى ھىجرەت قىلىشقا چارە تاپالمىغان)، يول بىلمەيدىغان ئاجىزلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا.)[19] بۇ ئايەتنىڭ ئىمان ئېيتقان، ئەمما ھىجرەت قىلمىغان مۇسۇلمانلار توغرىسىدا چۈشكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغاندۇر.[20]

ئۇ دەۋردە مەككىدىن ۋە مۇسۇلمانلار ياشاۋاتقان باشقا رايونلاردىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش بۇيرۇلغان ئىدى. ئەمما مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئىمان ئېيتقان، لېكىن چارىسىزلىكتىن ھىجرەت قىلالمىغانلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق رايونلاردا كاپىرلار ئىچىدە تۈرلۈك زۇلۇم ۋە بېسىمغا چىداپ ياشاشقا مەجبۇر بولغان. قۇرئان كەرىمدە بۇ خىلدىكى مۇسۇلمانلارغا قارىتا مەزكۇر ئىبارە، يەنى «مُسْتَضْعَف/ مۇستەزئەپ» ئىبارىسى قوللىنىلغان. بۇ ئىبارە قۇرئان كەرىمنىڭ باشقا يەرلىرىدىمۇ بار بولۇپ، «ئاجىز، بىچارە» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ ئىبارە سۆز نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى مەنە نۇقتىسىدىن «ئاز سانلىق» دېگەن مەنىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ، دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ ئىبارە ھەدىستىمۇ تىلغا ئېلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قېتىم مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىدىكى ئەھۋالى توغرىسىدا سۆزلەپ: «مەككىدە ھەركىم ئاجىز ۋە خار ئىدى. مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن بۇ ئەھۋال ئۆزگەردى»[21] دېگەن.

---

[19] نىسا سۈرەسى، 97- ۋە 98- ئايەتلەر.

[20] ئەبۇجەئفەر: «جامىئۇلبايان» 7- توم، 381-بەت.

[21] ئەبۇلقاسىم سىۇلەيمان ئىبنى ئەھمەت ئەتتەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇلكەبىر»، نەشرگە تەييارلىغۇچى:

غازىتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئەسلىتىش مەقسىتىدە ئۇرۇشتىن كېيىن چۈشكەن دېگەن كۆزقاراشتا بولغانلارمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىدىكى ئاز ۋە ئاجىز، بىچارە ئەھۋالىنى ئەسلىتىش ئۈچۈن ھىجرەتتىن بۇرۇن چۈشكەن دېگەن قاراشتا بولغانلارمۇ بار.[16] ئايەت مەيلى مۇسۇلمانلارنىڭ بەدرى غازىتىدىكى ئاجىز ھالىتىنى ئەسلىتىش ئۈچۈن چۈشكەن بولسۇن، مەيلى مەككىدىكى ئاز ۋە بىچارە ھالىتىنى ئەسلىتىش ئۈچۈن چۈشكەن بولسۇن، ھەر ئىككى خىل ئەھۋالدا بۇ ئايەتنىڭ بىزنىڭ دىققىتىمىزنى چەككەن تەرىپى دەل مۇسۇلمانلارنىڭ شۇ چاغدىكى ئاز، ئاجىز ۋە بىچارە ھالىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن بولغانلىقىدۇر. بۇ ئايەتتە «قَلِيل/ قەلىيل، يەنى ئاز» ئىبارىسى بىلەن بىرلىكتە «مُسْتَضْعَف/مۇستەزئەپ، يەنى بوزەك قىلىنغان/ئاجىز» ئىبارىسىمۇ تىلغا ئېلىنغان.

بۇ، يەنى «مُسْتَضْعَف/مۇستەزئەپ» ئىبارىسىنىڭ مۇسۇلمانلار ئاجىز ھالەتتە ياشىغان مەككە دەۋرىدىمۇ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قوللىنىلغانلىقى كۆرۈلمەكتە. مەككە دەۋرىدە مۇسۇلمانلار قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىشلارنىڭ بىرى ھىجرەتتۇر. قۇرئان كەرىمدە (ئۆز ۋاقتىدا مەككىدىن مەدىنىگە) ھىجرەت قىلىشقا ئۈندىگەن ئايەتلەر بار.[17] ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ھىجرەت قىلىش شۇ قەدەر مۇھىم ئىدىكى، ئىمان ئېيتقان ھەركىم ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ھىجرەت قىلىشقا كۈچى يەتسىلا چوقۇم ھىجرەت قىلىشى كېرەك ئىدى. بولمىسا ئۇ كىشىنىڭ باشقا مۇسۇلمانلار بىلەن ئۆزئارا يار-يۆلەك بولۇش ۋە بىر-بىرىگە مىراسخور بولۇش ھوقۇقى بولمايدىغانلىقى بايان قىلىنغان ئىدى. ئاللاھتائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿وَالَّذِينَ آمَنُواْ وَلَمْ يُهَاجِرُواْ مَا لَكُم مِّن وَلاَيَتِهِم مِّن شَيْءٍ حَتَّى يُهَاجِرُواْ﴾ (ئىمان ئېيتقان، ئەمما (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلمىغانلار بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا تاكى ئۇلار ھىجرەت قىلغانغا قەدەر ئۆز-ئارا ئىگە بولۇش (يەنى ياردەملىشىش ۋە مىراسخور بولۇش) بولمايدۇ)[18]. بۇ سەۋەبتىن ئاللاھتائالا ھىجرەت قىلىشقا شارائىتى بار تۇرۇپمۇ ھىجرەت قىلمىغان كىشىلەرنى

---

[16] ئەبۇجەئفەر مۇھەممەد ئىبنى جەرىر ئەتتەبەرى: «جامىئۇلبايان ئەن تەئۋىلى ئايىل قۇرئان»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمۇھسىن ئەتتۈركىي، قاھىرە، ھىجر لىتتىبائە ۋەننەشرى، 2001-يىلى، 11- توم، 118-بەت.

[17] نەھل سۈرەسى، 41- ئايەت،ھەج سۈرەسى 58- ئايەت، نىسا سۈرەسى، 100- ئايەت.

[18] ئەنفال سۈرەسى، 72- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قالمىغانلىقىنى ئېيتىپ بۇ تۆردىكى كاپىرلارنىڭ زاكاتتىكى ھەسسىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان.[25]

تارىخىي مەنبەلەردىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەۋىيلەر زامانىدا تېخىمۇ كۈچەيگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. چۈنكى ئەمەۋىيلەر زامانىدا ئىسلام تېررىتورىيەسىنىڭ چېگراسى ئەڭ كەڭ دائىرىدە كېڭەيگەن بولۇپ، شەرقتە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خىتايغا قەدەر، غەربتە ئەندەلۇسقا قەدەر يېتىپ بارغان ۋە بۇ يەرلەر ئاساسەن ئىسلام تېررىتورىيەسىگە ئايلانغان.[26] ئەمەۋىيلەرنى يىقىتىپ، ھوقۇقنى قولغا ئالغان ئاbbاسىيلار دەسلەپتە مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قېلىشتا نەتىجە قازانغان. بۇنىڭ سايىسىدە ئەمەۋىيلەر زامانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن يەرلەرنى ياخشى قوغدىغان، ھەتتا بەزى ۋاقىتلاردا بىزانسلار( يەنى رۇملار) بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلاردا ئۇلارنى يېڭىپ، جىزيە تۆلەشكە مەجبۇر قىلغان. لېكىن ئاbbاسىيلار ئاخىرقى مەزگىللىرىدە مەيدانغا چىققان ھەرقايسى جايلاردىكى ئىچكى زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن ئاجىزلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. ئاخىرىدا مۇڭغۇللارنىڭ مىلادىيە 1257- يىلىدا باغداتقا بېسىپ كىرىشى بىلەن خەلىپىلىك 1258- يىلىغا كەلگەندە يىمىرىلگەن.[27]

تۆت خەلىپە زامانىدىن باشلاپ تاكى ئاbbاسىيلار مۇڭغۇللار تەرىپىدىن يىقىتىلغانغا قەدەر بولغان بۇ مەزگىلدە مۇسۇلمانلارنى ئاجىز ۋە بىچارە ئەھۋالدا دېيىش مۇمكىن ئەمەس. گەرچە مۇسۇلمانلار ئاbbاسىيلارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە ئىچكى زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن يىمىرىلىپ، بىر قانچە دۆلەتلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ مەزگىللەردە مۇسۇلمانلار ھەرگىز باشقىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالمىغان ۋە باشقىلارنىڭ ئېزىشىگە ئۇچرىمىغان.

دۇنياغا ئېغىر تالاپەت ئېلىپ كەلگەن مۇڭغۇللاردىن ئىسلام دۇنياسىمۇ ئۆز نېسىۋىسىنى ئالغان. مۇڭغۇللار دۇنيا سەھنىسىگە چىققان دەسلەپكى

---

[25] ئەبۇبەكرى ئەھمەد ئىبنى ئەلھۇسەيىن ئىبنى ئەلى ئەلبەيھەقىي: «ئەسسۇنەنۇل كۇبرا»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد ئابدۇلقادىر ئاتا، 2- باسما، بەيرۇت، دارۇلكۇتۇبىل ئىلمىيە، 2003- يىلى، قىسمۇس ساداقە، (13189- نۇمۇرلۇق ھادىس).

[26] بەخرىيە ئۇچوك: «ئىسلام تارىخى: ئەمەۋىيلەر- ئاbbاسىيلەر»، ئەنقەرە، سەۋىنچ مەتبەسى، 1979- يىلى، 53- 54- بەتلەر.

[27] بەخرىيە ئۇچوك: «ئىسلام تارىخى »، 78--- 118- بەتلەر.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. مۇسۇلمانلار خەيبەر غازىتى بولغانغا قەدەر، بېكىنمىچىلىك ۋە مۇداپىئەلىنىش ھالىتىدە ياشىغان بولۇپ، ھۇدەيبىيە كېلىشىمى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەيدانغا كەلگەن خەيبەر غازىتىدىن كېيىن تاشقى دۇنياغا يۈزلەنگەن. بۇ يۈزلىنىش بىلەن بىرلىكتە مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىمۇ كۈندىن-كۈنگە تېز سۈرئەتتە زورىيىشقا باشلىغان. ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مۇشرىكلارنىڭ كۈچ مەركىزى بولغان مەككە، ھىجرىيە 8- يىلىغا كەلگەندە مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن.[22] شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئەرەب قەبىلىلىرى، مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىنى قولغا ئېلىشى ۋە باشقا قەبىلىلەر بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلاردىكى غەلىبىلىرىگە ئەگىشىپ مۇشرىكلارنىڭ كۈچىنىڭ ئاجىزلىغانلىقىنى كۆرگەن. بۇ سەۋەبتىن ھىجرىيە 9- يىلىغا كەلگەندە ھەر قايسى ئەرەب قەبىلىلىرى مەدىنىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشنى خالايدىغانلار مۇسۇلمان بولىدىغانلىقىنى، مۇسۇلمان بولماي ئۆز دىنىدا قېلىشنى خالايدىغانلارنىڭمۇ مۇسۇلمانلارغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە مۇسۇلمانلارغا جىزيە تۆلەپ، شۇلارنىڭ ھىمايىسىگە ئۆتۈشنى خالايدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.[23] بۇ سەۋەبتىن مەككىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتۈشى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولغان.

مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچى تۆت خەلىپە زامانىدا مەيدانغا كەلگەن فەتىھلەر بىلەن بىرلىكتە تېخىمۇ كۈچەيگەن بولۇپ، بۇنىڭ بىر پاكىتى سۈپىتىدە دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش مەقسىتىدە[24] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زامانىدىن باشلاپ مۇشرىكلارغا بېرىلىپ كەلگەن زاكاتنىڭ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زامانىدا بىكار قىلىنغانلىقىنى مىسال قىلالايمىز. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەمدى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى، شۇ سەۋەبتىن كاپىرلارغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن زاكات بېرىشنىڭ ھاجىتى

---

ھەمدى ئابدۇلمەجىت ئەسسەلەفي، 2- باسما، قاھىرە، مەكتەبەتۇ ئىبنى تەيمىيە، 1983-يىلى، 1- توم، (598- نۇمۇرلۇق ھەدىس).

[22] مۇھەممەد ئىبنى يۈسۈف سالىھ شامىي: «سۇبۇلۇلھۇدا ۋەررەشاد فى سىراتى خەيرىل ئىباد»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇستافا ئابدۇلۋاھىد، 2- باسما، قاھىرە، ۋىزارەتۇلئەۋقاف، 1986-يىلى، 5- توم، 304 - بەت.

[23] شامىي: «سۇبۇلۇلھۇدا»، 6- توم، 386- بەت.

[24] تەۋبە سۈرەسى، 60- ئايەت.

مۇڭغۇللارنىڭ سەلتەنىتى ئۆتمۈشكە ئايلىنىش ئالدىدا تۇرغان بىر پەيتتە، زامان ئۆزىگە باشقا يېڭى بىر ھۆكۈمران ئىزدەشكە باشلىغان. بىر بەگلىك سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىققان ئوسمانىيلار خاندانى ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۈندىن-كۈنگە تېز سۈرئەتتە كۈچەيگەن ۋە كېڭەيگەن. ئوسمانىيلار پادىشاھلىرىدىن بولغان ياۋۇز سۇلتان سەلىم (1512- يىلى تەختكە چىققان) پورتۇگالىيەنىڭ تەھدىتلىرىدىن مۇسۇلمانلارنى قوغداشقا ئاجىز كەلگەن مەملۇكىيلارغا قارشى 1516-، 1517-يىللىرى ئارىسىدا ئىككى قېتىم ئۇرۇش قوزغىغان ۋە بۇ ئۇرۇشلاردا غەلىبە قىلىپ، مىسىر ۋە سۇرىيە زېمىنلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن[30] ھەمدە ئۇ، مۇشۇ غەلىبىسى بىلەن ئىسلام خەلىپىلىكىنى قولغا ئالغان. ئۇ، ئوسمانىيلار دۆلىتىنىڭ خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، ئىسلام نامىدىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا جەڭ قىلغان ۋە نەدە مۇسۇلمان بولسا شۇلارنى قوغداشنى ئۆزلىرىنىڭ دىني بۇرچى دەپ بىلگەن. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىنتايىن كۈچەيگەن ئوسمانىيلار 17- ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە زاۋاللىققا يۈزلەنگەن. شۇ سەۋەبتىن كاپىرلار بىلەن ئېلىپ بارغان بەزى جەڭلەردە مەغلۇب بولۇپ، تېررىتورىيەسىدىكى كۆپ قىسىم جايلارنى تارتقۇزۇپ قويغان.[31]

ئوسمانىيلارنىڭ تۇرغۇنلۇق ۋە چېكىنىش دەۋرىگە قەدەم قويۇشى نەتىجىسىدە كۈچىنى يوقىتىش بىلەن بىرگە، غەرب باشچىلىقىدىكى كاپىر دۆلەتلىرى ئوسمانىيلار تېررىتورىيەسىدە ياشاۋاتقان كاپىرلار مەسىلىسىنى دۆلەتنىڭ كۈندىلىك خىزمەت تەرتىپىگە كىرگۈزۈشتە ئوسمانىيلارغا قاراتقان بېسىمنى ئاشۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئوسمانىيلار ئىمپېراتورى غەرب دۆلەتلىرى بىلەن ئوخشىمىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە كېلىشىم تۈزۈشكە مەجبۇر بولغان.[32] بەزى كېلىشىمنامىلەرگە «ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار»نى قوغداش ھەققىدە بىر قىسىم ماددىلار كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ كېلىشىملەردىن بىرى 1881- يىلى ئوسمانىيلار ئىمپېراتورى ئاۋىستىرالىيە، ماجارىستان، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە، رۇسىيە

---

[30] فەرىدۇن ئەمەجەن ۋە كامال بەيدىللى: «ئوسمانىيلار» ماقالە، «دىيانەت ئىسلام ئانسىكلوپەدىسى»، 33 - توم، 487-493- بەتلەر.

[31] فەرىدۇن ئەمەجەن ۋە كامال بەيدىللى: «ئوسمانىيلار» ماقالە، «دىيانەت ئىسلام ئانسىكلوپەدىسى»، 33 - توم، 493-502- بەتلەر.

[32] سۇلايمان سىررى تەرزى ئوغلى: «ئۇلۇسلار ئاراسى ھوقۇقتا ئازسانلىقلار ۋە ئانا دىلدە ئەيتىم ھەققىي»، ئەنقەرە، ئالىپ يايىن ئەۋى، 2007-يىلى، 17- بەت.

مەزگىللەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ۋە كېيىنكى كۆنلەردە باشقا رايونلاردىكى مۇسۇلمانلار ئىنتايىن ئېچىنىشلىق كۈنگە قالغان. مۇڭغۇللار كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلارنى رەھىمسىزلەرچە قىرغىن قىلغان ۋە ئىسلام مەملىكەتلىرىنى خارابىلىككە ئايلاندۇرۇپ، ئىسلام مەدەنىيىتىنى يوق قىلغان. مەسجىدلەرنى قوتان ئورنىدا قوللانغان ۋە خىلمۇخىل يوللار بىلەن ئىسلامنىڭ ئىزنالىرىنى يوقاتقان. ئىسلام تارىخىنىڭ پارلاق نەتىجىلىرى مۇڭغۇللارنىڭ ئىشغال قىلىشى ھەمدە ۋەھشىيلەرچە بۇزغۇنچىلىق قىلىشى بىلەن تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان ۋە ئەڭ ئازابلىق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. بۇ ئازابلىق كۈنلەر ھەققىدە كۆپ ساندىكى تارىخچىلارنىڭ كۆز قارىشى بىردەك.[28] لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ مۇسىبەتلىك قارا كۈنلەر ئىككىنچى ئەۋلاد بىر قىسىم مۇڭغۇل ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى بىلەن بارا-بارا يوقۇلۇشقا باشلاپ، بۇ قارا كۈنلەرگە خاتىمە بېرىلگەن.

مۇڭغۇللارنىڭ مۇسۇلمانلارنى رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇشىدىن باشلاپ بىر قىسىم ئىككىنچى ئەۋلاد ھۆكۈمدارلارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغىنىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشايدىغان بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنى «ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار» دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى مۇڭغۇللار مۇئەييەن بەلگىلىمىلەرنى يولغا قويۇش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەت قىلىشلىرىنى قىيىنلاشتۇرغان ياكى توسقان. مەسىلەن، مۇڭغۇللار تاھارەت ئېلىش ئېقىن سۇنى مەينەت قىلىدۇ، دېگەن باھانە بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆستەڭلەردە تاھارەت ئېلىشىنى چەكلەش ۋە ھايۋاناتلارنى ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئۇيغۇن شەكىلدە ئۆلتۈرۈشنى چەكلەش قاتارلىق ھەر تۈرلۈك بەلگىلىمىلەرنى چىقىرىپ، مۇسۇلمانلارغا ئىبادەتلىرىنى قىلىشتا قىيىنچىلىق تۇغدۇرغان. مۇسۇلمانلارمۇ ئۇ مەزگىلدىكى ئامالسىزلىق ۋە مەجبۇرلىنىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ بەلگىلىمىلەرگە چارىسىز بويسۇنغان.[29]

---

[28] ئوسمان غازى ئۆزگۈدەنلى: «مۇڭغۇللار» ماقالە، «ديانەت ئىسلام ئانسكلوپەدىسى»،30-توم، 226- 228- بەتلەر؛ جون مان: «چىڭگىزخان: ياشامى ئۆلۈمى ۋە يەنىدەن دىرىلىشى»، تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان: ئىسمايىل تۈنچەلىي، ئىستانبۇل، نوقتا كىتاب، 2004- يىلى، 171-205-بەتلەر.

[29] جىين پائول روكس: «ئوتتۇرا ئاسىيا: تارىخ ۋە ئۇيغارلىق»، تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان: لالە ئارسلان، ئىستانبۇل،كابالجى يايىن ئەۋى، 2001- يىلى، 321-بەت.

يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەرلىك خەلق تۇرۇقلۇق، دىنىي ئېتىقادى تۆپەيلى ئۆز دۆلىتىدە «ئاز سانلىقلار» مۇئامىلىسىدە ياشاپ كەلمەكتە.[35]

3- يۇرتلىرىنىڭ كاپىرلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشى؛ ئەزەلدىن مۇسۇلمان تۇپرىقى بولغان ۋە ئىسلام تۇپرىقىنىڭ بىر پارچىسى ھېسابلىنىدىغان بىر قىسىم دۆلەتلەر بۈگۈنكى كۈندە كاپىرلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان ئەھۋالدا تۇرماقتا. بۇ دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلار تۇپراقلىرى ئىشغال قىلىنىشتىن ئىلگىرى دىنىي ۋەزىپىلىرىنى جايىدا ئورۇندىيالىغان بولسا، ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن دىنىي پائالىيەتلىرى ئوخشىمىغان شەكىلدە توسالغۇلارغا ئۇچراۋاتىدۇ. ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلىش ۋە دىنىي تەلىم-تەربىيە ئېلىش قاتارلىق مەسىلىلەر ھەر تۈرلۈك باستۇرۇشقا ئۇچرىماقتا.[36] بۇنىڭغا ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

## ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار فىقھىسى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي مەنبەسى

ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار ياشاش جەريانىدا دۇچ كېلىۋاتقان تۈرلۈك مەسىلىلەر ئىچىدە دىنىي مەسىلە ئەڭ مۇھىم ۋە ھالقىلىق بولغان، شۇنداقلا ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان مەسىلىلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. فىقھشۇناسلار بۇلار دۇچ كېلىۋاتقان دىنىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن جاپالىق ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىش ۋە نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىش نەتىجىسىدە ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارغا خاس بولغان «فقه الأقليات المسلمة/ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار فىقھىسى» نامىدا يېڭى بىر فىقھ سىستېمىسىنى رويابقا چىقارغان.

«ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار فىقھىسى» ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىق ئەھۋالىنى ۋە ياشاۋاتقان جەمئىيەت بىلەن بولغان ئالاقىلىرىنى نەزەردە تۇتقان ئاساستا بارلىققا كەلگەن ۋە خاسلىققا ئىگە ئالاھىدە بىر خىل فىقھ سىستېمىسىدۇر. بۇ، شارائىتى ۋە ئەھۋاللىرى باشقا جايلاردىكى مۇسۇلمانلاردىن پەرقلىق بولغان بىر گۇرۇپ مۇسۇلمانلارنىڭ فىقھىسىدۇر. ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار، بىر تەرەپتىن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىر پارچىسى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولغاچقا، ئۇلارغا

---

[35] ئەلقەرەداۋى: «فى فىقھىل ئەقەللىيات»، 20–21- بەتلەر.

[36] ئەلقەرەداۋى: «فى فىقھىل ئەقەللىيات»، 21- بەت.

ۋە ئەنگىلىيە بىلەن تۈزگەن «خەلقئارا ئىستانبۇل كېلىشىمنامىسى» ئىدى. بۇ كېلىشىمنامىگە يونانىستان (گىرېتسىيە)غا بېرىۋېتىلگەن يەرلەردە ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت بىر ماددىمۇ كىرگۈزۈلگەن.[33] بۇ كېلىشىمنامىگە ئاساسەن، «ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار» ئاتالغۇسىنىڭ مۇشۇ تارىختىن باشلاپ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى ۋە رەسمىي ھالدا قوللىنىلىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

تارىختىكى ۋەقەلەرگە قارىغىنىمىزدا، مۇسۇلمانلار تۆۋەندىكى ئۈچ خىل سەۋەبتىن «ئاز سانلىق» ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بولۇپ:

1- كۆچمەنلىك؛ مۇسۇلمانلار جاھاندارچىلىق قىلىش، ئىشلەش ياكى ئىلىم ئېلىش قاتارلىق ھەرخىل مەقسەتلەر بىلەن ۋە ياكى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ كۆچمەنلەر سىياستى تۈپەيلىدىن ئىسلام دۇنياسىدىن غەرب دۇنياسىغا كۆچۈپ بارغان. ئۆز دىيارلىرىدىن كۆچۈپ كەتكەن بۇ مۇسۇلمانلار، ئۆزلىرى يەرلەشكەن جايلاردا دىنىي جەھەتتە ئوخشىمىغان قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولۇپ، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ قىيىنچىلىقلاردىن ئاز بىر قىسمىنىڭ ھەل قىلىش چارىسىنى تاپقان بولسىمۇ، كۆپ قىسمى ھازىرغا قەدەر ھەل قىلىنماي كەلمەكتە. بۇ خىل قىيىنچىلىقلارغا غەرب دۇنياسىدىكى ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ ئەھۋالىنىمۇ قوشۇشقا بولىدۇ.[34]

2- ئوسمانىيلاردىن ئايرىلىپ چىقىش؛ ئوسمانىيلار دۆلىتى سەلتەنىتىنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنىشىگە ئەگىشىپ ئىچكى قىسمىدا پارچىلىنىش يۈز بېرىپ، ئۇنىڭدىن بىر قانچە دۆلەتلەر ئايرىلىپ چىققان. بۇ دۆلەتلەرنىڭ بەزىسىدە مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپ بولسا، بەزىسىدە ئاز ئىدى ۋە كاپىرلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى. ئوسمانىيلار زامانىدا دىنىي پائالىيەتلىرىنى ئەركىن ئېلىپ بارغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى كاپىرلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەندىن كېيىن قىيىنلىشىشقا قاراپ ماڭغان ئىدى. بۇنىڭغا بوسنىيە ۋە بۇلغارىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى تىپىك مىسال بولالايدۇ. بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار شۇ

---

[33] تەرزى ئوغلى: « ئۇلۇسلار ئاراسى »،17- بەت.

[34] يۇسۇپ ئەلقەرەداۋى: «فى فىقهىل ئەقەللىياتىل مۇسلىمە»، 3- باسما،قاھىرە، دارۇششۇرۇق،17 – 18- بەتلەر.

ئاسانلاشتۇرۇشقا ۋە يېنىكلىتىشكە سەۋەب بولىدۇ. بۇ پرىنسىپنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردە پاكىتلىرى بار. بىز بۇ يەردە مىسال سۈپىتىدە ئىككى پاكىتنى ئوتتۇرىغا قويىمىز: «ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، قىيىنچىلىقنى خالىمايدۇ».[40] ئاللاھتائالا بۇ ئايەتنى كېسەللىك ۋە ياكى سەپەرگە چىقىش سەۋەبلىك روزىسىنى رامىزان ئېيىدا تۇتالمىغان كىشىلەرگە يارىتىپ بەرگەن قولايلاشتۇرۇشتىن كېيىنلا تىلغا ئالغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ساھابىلىرىنى ھەر ۋاقىت ئاسانلاشتۇرۇشقا تەشۋىق قىلغان. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز ئىبنى جەبەل بىلەن ئەبۇ مۇسانى يەمەنگە ئەۋەتكەندە ئۇلارغا مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە قولايلىق ئېلىپ كېلىڭلار، قىيىنلاشتۇرۇپ قويماڭلار، خۇش بېشارەت بېرىپ سۆيۈندۈرۈڭلار، نەپرەتلەندۈرمەڭلار...».[41]

دىندا قىيىنچىلىق يوقلۇقى توغرىسىدا ئىمام شاتىبىي مۇنداق دېگەن: «شەرئىي ئەمەللەردە قىيىنچىلىق ۋە زورلاش مەقسەت قىلىنمىغان، ئەگەر شۇنداق بولسا ئىدى، رۇخسەت ۋە يېنىكلىتىش بولمىغان بولاتتى.»[42]

بۇ توغرىسىدا يۈسۈف ئەلقەرەداۋى مۇنداق دېگەن: «ساھابىلەر تابىئىنلارغا قارىغاندا بەكرەك ئاسانلاشتۇرغۇچىلار ئىدى. تابىئىنلار بولسا، كېيىنكى مەزگىلدە ياشىغان ئالىملارغا نىسبەتەن تېخىمۇ قولايلاشتۇرغۇچى ئىدى. چۈنكى ساھابىلەر ۋە تابىئىنلار ھۆكۈملەرنىڭ ئىچىدىن ئەڭ قولاي بولغىنىنى ئېلىشقا مايىل ئىدى. بۇلاردىن كېيىن

[40] بەقەرە سۈرەسى، 185- ئايەت.

[41] ئەبۇئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل ئەلبۇخارىي: «سەھىھۇلبۇخارىي»، دەمەشىق ۋە بەيرۇت، دارۇ ئىبنى كەسىر، 2002-يىلى، ئەلجىھاد ۋەسسىيەر 56، (3038-نومۇرلۇق ھەدىس)؛ ئەبۇلھۈسەيىن ئىبنى ھەججاج ئەلقۇرەيشىي ئەننىسابۇرىي: «سەھىھۇمۇسلىم»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەبۇ قۇتەيبە نازەر مۇھەممەد ئەلفارىيابى، رىياد، دارۇ تايىيبە لىن نەشرى ۋەتتەۋزى، 2006-يىلى،ئەلئەشربە 36،(70-نومۇرلۇق ھەدىس).

[42] ئەبۇ ئىھساق ئىبراھىم ئىبنى مۇسا ئىبنى مۇھەممەد ئەللەھمىيۇ ئەششاتىبىي،«ئەلمۇۋافەقات»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەبۇ ئۇبەيدە مەشھۇر ئىبنى ھەسەن ئەلى سالمان، ھۇبەر، دارۇ ئىبنى ئاففان، 1997- يىلى، 2- توم، 210–212–بەتلەر.

ئالاقىدار مەسىلىلەرگە ھۆكۈم بېرىلگەن ۋاقىتتا ئالىملارنىڭ مۇشۇ ئىككى خىل ئەھۋالنى نەزەردە تۇتقان ئاساستا شۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن ھۆكۈم چىقىرىشى ئۈچۈن شەرئىي ھۆكۈملەردىن باشقا جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق ۋە سىياسەتكە ئوخشاش باشقا ئىلمىي ساھەلەردىمۇ ئومۇمىي مەلۇماتقا ئىگە بولۇشىنىڭ لازىملىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن[37] ۋە شۇ ئاساستا ئىسلام ئۆلىمالىرى يېڭى بىر تۈر بولغان «ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار فىقھىسى»نى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئالىملار «ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار فىقھىسى»نىڭ ئاساسىي مەنبەسى سۈپىتىدە بىر قانچە دەلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بۇ ئاساسىي مەنبەلەر توغرۇلۇق ئۇزۇن تەھلىل ئېلىپ بارغان. بىز بۇ يەردە ئۇ دەلىللەرنى قىسقىچە نەقىل قىلىپ ئۆتمەكچىمىز:

1. ئايەت ۋە سۈننەتلەر؛ قۇرئان-كەرىم ئىسلام فىقھىسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنبەسى بولغىنىغا ئوخشاش، ئاز سانلىقلار فىقھىسىنىڭمۇ بىرىنچى قول مەنبەسىدۇر. بۇ ھەقتە بارلىق ئالىملار ئوخشاش قاراشتا. شۇنداقلا قۇرئان كەرىم بىلەن بىرلىكتە سۈننەتمۇ ھۆكۈمنىڭ بىر مەنبەسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان.

2. مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى (ئەلمەقاسىدۇل ئاممە)؛ بۇنىڭدىكى مەقسەت، يالغۇز بولسۇن ياكى كۆپچىلىك بولسۇن، ئاز سانلىق ھالىتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ھاياتىنى قوغداپ قېلىشقا تىرىشىشتۇر.[38]

3. ئاسانلاشتۇرۇش پرىنسىپى؛ ئىسلامنىڭ بۇ پرىنسىپى فىقھىدا «قىيىنچىلىق ئاسانلاشتۇرۇشقا سەۋەب بولىدۇ» شەكلىدە قائىدىلەشتۈرۈلگەن.[39] يەنى قىيىنچىلىقلار ۋە ئېغىر ئەھۋاللار

[37] تاھا جابىر ئەلئەلۋانىي: «ئازىنلىق فىقھىنا گىرىش» ماقالە، تۈركچىگە تەرجىمە قىلغۇچى: ھاجى مەھمەد گۈناي،«ئۇلۇس دەرگىسى»، 1- سانى، ئىستانبۇل، 2004- يىلى، 139-بەت؛ ئەلقەرەداۋى: «فى فىقھىل ئەقەللياتى»، 32- بەت.

[38] شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى بىيە: «سەنائەتۇل فەتۋا ۋە فىقھۇل ئەقەللىيات»، جىددە، دارۇلمىنھاج، 2007-يىلى، 32- بەت.

[39] ئوسمان ئۆزتۈرك: «مەجەللە»، ئىستانبۇل، ئىرفان مەتبەئاسى، 1973-يىلى، 17- ماددا.

ئىگىدۇر.[46] بىراق بۇ ئىككى تاغدىن باشقا يەرلەردە قانداق ئەھۋالدا نامازلارنى جۇغلاپ ئوقۇغىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلە توغرىسىدا فىقھشۇناسلار ئارىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار بار. ھەنەفىيلەر نامازلارنى جۇغلاپ ئوقۇش پەقەتلا ئەرافات ۋە مۇزدەلىفە تېغىغا خاس ئەھۋالدۇر، دەپ قارايدۇ. ئەگەر نامازلارنى جۇغلاپ ئوقۇش ئەھۋالى باشقا ۋاقىتتا، باشقا يەردە ئېلىپ بېرىلغان بولسا، بۇنداق ئوقۇشتىكى مەقسەت ھەقىقىي جۇغلاپ ئوقۇش ئەمەس، بەلكى شەكىل جەھەتتىكى جۇغلاپ ئوقۇش بويىچە ئوقۇلغان، دەپ قارايدۇ. مەسىلەن: پېشىن نامىزىنى ئەسىر نامىزى بىلەن بىرلىكتە جۇغلاپ ئوقۇماقچى بولغاندا، پېشىن نامىزىنى ئەڭ ئاخىرقى ۋاقتىغا قەدەر كېچىكتۈرۈپ ئوقۇيدۇ ۋە ئارقىدىنلا ئەسىر نامىزىنى ئەڭ ئاۋۋالقى ۋاقتىدا ئوقۇيدۇ. ئىككى نامازنىڭ بىرىنى كېچىكتۈرۈپ ئەڭ ئاخىرقى ۋاقتىدا ئوقۇش، ئارقىدىنلا ئىككىنچىسىنى ئەڭ ئاۋۋالقى ۋاقتىدا ئوقۇش نامازلارنى شەكىل جەھەتتىن جۇغلاپ ئوقۇش ھېسابلىنىدۇ.[47] ھەنەفىيلەردىن باشقا فىقھشۇناسلار بىرەر شەرئىي ئۆزرە بولغان ئەھۋالدا نامازلارنى ئەرافات ۋە مۇزدەلىفەدىن باشقا يەرلەردىمۇ جۇغلاپ ئوقۇشقا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇ فىقھشۇناسلار ئارىسىدا قايسى خىل ئەھۋالنىڭ بۇ خىل ئۆزرىگە تەۋە بولىدىغانلىقى مەسىلىسى توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار بار.

مالىكىيلەرگە نىسبەتەن نامازلارنى قوشۇپ ئوقۇشتىكى شەرئىي ئۆزرىلەر: سەپەردە بولۇش، يامغۇرنىڭ قىيىنچىلىق تۇغدۇرغىدەك دەرىجىدە قاتتىق يېغىشى، ھۇشىدىن كېتىشكە سەۋەب بولىدىغان كېسەللىك، قورقۇش، ئارافات ۋە مۇزدەلىفە تاغلىرىدىكى چاغلاردۇر.[48]

---

[46] ئەبۇجەيىپ: «ئەلجەم» ماقالە، «مەۋسۇئاتول ئىجما فىل فىقھىل ئىسلامى»، 3- باسما، دىمەشىق، 1696-يىلى، 1- توم، 308- 311- بەتلەر.

[47] ئەبۇبەكىر شەمسۇل ئەئىممە مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى سەھل ئەسسەرەخسىي: «ئەلمەبسۇت»، بەيرۇت، دارۇلمەئرىفە، 1989-يىلى، 1-توم، 149- بەت؛ ئەلائۇددىن ئەبۇبەكىر ئىبنى مەسئۇد ئەلھەنەفىي ئەلكاسانىي: «بەدائىئۇس سانائى فى تەرتىبش شارائىي»،2 - باسما، بەيرۇت، دارۇلكۇتۇبىل ئىلمىيە، 1986-يىلى، 1- توم، 126- 127-- بەتلەر.

[48] شەھابۇددىن ئەھمەد ئىبنى ئىدرىس ئەلقارافىي: «ئەززەخىرە »، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد ھاججى، بەيرۇت، دارۇل غەربىل ئىسلامى، 1994-يىلى،2- توم، 373–375– بەتلەر؛ مۇھەممەد ئەلئارابى ئەلقاراۋىي: «ئەلخۇلاسەتۇل فىقھىيە ئەلا مەزھەبىس سادەتىل مالىكىيە»، بەيرۇت، دارۇلكۇتۇبىل ئىلمىيە، 1- توم، 121–بەت.

كەلگەن ئالىملار ھۆكۈملەرنى ئېلىشتا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈشكە مايىل بولۇپ، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈش ئېگى كۆچەيگەن. نەتىجىدە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈش ئاشقانسېرى، كىشىلەر ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالمىغۇدەك ئەھۋاللار بارلىققا كەلگەن.»[43]

4. دەۋرنىڭ ئالمىشىشى بىلەن پەتۋالارنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقى؛ بۇ پىرىنسىپ فىقھىدە «دەۋرنىڭ ئالمىشىشى بىلەن ھۆكۈملەرنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقى ئىنكار قىلىنمايدۇ» شەكلىدە قائىدىلەشتۈرۈلگەن.[44] بۇ توغرىسىدا ئىبنى ئابىدىن مۇنداق دېگەن: «نۇرغۇنلىغان ھۆكۈملەر كىشىلەرنىڭ ئادەتلىرىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى ۋە ياكى بىر قىسىم زۆرۈرىيەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دەۋرنىڭ ئالمىشىشىغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللاردا ھۆكۈملەر ئۆزگەرمەي داۋام قىلسا، ئىنسانلار تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا ۋە زىيانغا ئۇچرايدۇ. بۇ ئەھۋال، ئىسلامنىڭ قولايلاشتۇرۇش ۋە يېنىكلىتىش پىرىنسىپىغا زىت كېلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مەلۇم بىر مەزھەبتىكى مەزھەب ئىماملىرىنىڭ ياشىغان ۋاقتىدىكى رېئال ئۆرپ-ئادەتلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ بەرگەن نۇرغۇنلىغان پەتۋالىرىغا شۇ مەزھەبتىكى باشقا ئىماملارنىڭ زىت پەتۋالارنى بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.»[45]

بۇ ھەقتە شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قىسىم ھۆكۈملەرنى ئەمەلىي مىسال سۈپىتىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتمەكچىمىز:

## نامازلارنى جۇغلاپ ئوقۇش

بارلىق فىقھشۇناسلار پېشىن نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىنى ئەرافات تېغىدا پېشىننىڭ ۋاقتىدا جۇغلاپ ئوقۇش، شام بىلەن خۇپتەن نامىزىنى مۇزدەلىفەدە خۇپتەننىڭ ۋاقتىدا جۇغلاپ ئوقۇش توغرىسىدا ئورتاق قاراشق

[43] ئەلقەرەداۋى: «فى فىقھىل ئەقەللىياتى»،48-49- بەتلەر.

[44] ئۆزتۈرك، «مەجەللە»، 39- ماددا.

[45] مۇھەممەد ئىمىن ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئەددىمەشقىي ئىبنى ئابىدىن،«مەجمۇئەتۇراسائىل ئىبنى ئابىدىن»، 2- توم، 125- بەت.

﴿كاپىرلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن،كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ۋە كۈن پېتىشتىن بۇرۇن پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدۇ-سانا ئېيتقىن.﴾[51] بۇ ئايەتتە بامدات، پېشىن ۋە ئەسىر نامازلىرىنى ئوقۇشقا بۇيرۇلغان بولۇپ، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان ناماز بامدات، كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان نامازلار بولسا پېشىن ۋە ئەسىردۇر. كۆرگىنىمىزدەك ئايەتتە پېشىن ۋە ئەسىر نامازلىرىنىڭ ۋاقتىنىڭ چەك- چېگراسى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان.

﴿كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە ۋە كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئۆتىگىن.﴾[52] بۇ ئايەتنى نامازنىڭ ۋاقتى بىلەن ئالاقىدار باشقا ئايەتلەر بىلەن باغلاپ مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدا، كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدىن مەقسەت قۇياشنىڭ تىكلەشكەن ئۇقتىسىدىن غەربكە قايرىلغىلى تۇرغان ۋاقىت بىلەن، قۇياشنىڭ پېتىشىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىت ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ ۋاقىت دەل پېشىن بىلەن ئەسىر ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ. كېچىنىڭ كۈندۈزگە يېقىن بولغان ۋاقىتلىرى دەل قۇياش چىقىشتىن بۇرۇنقى ۋە پېتىشتىن كېيىنكى ۋاقىتلارنى بىلدۈرىدۇ. بۇلار دەل بامدات، شام ۋە خۇپتەن ۋاقىتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئايەتتە پېشىن بىلەن ئەسىرنىڭ، شام بىلەن خۇپتەننىڭ ۋاقىتلىرىنىڭ چېگرالىرى ئوچۇق بىر ئۆلچەمدە ئايرىلمىغان. دېمەك، بۇ ئايەتلەردىنمۇ نامازلارنى جۇغلاپ ئوقۇسا بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەر مۇنۇلاردۇر: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرافات بىلەن مۇزدەلىفە تاغلىرىدا نامازلارنى جۇغلاپ ئوقۇغانلىقى توغرىسىدا جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتقان: (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرافات تېغىدا پېشىن بىلەن ئەسىر نامىزىنى بىر ئەزان ۋە ئىككى تەكبىر بىلەن ئوقۇغان. ئىككى ناماز ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق بىر نەپلە نامىزى ئوقۇمىغان. مۇزدەلىفە تېغىدا بولسا شام نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزىنى بىر ئەزان ۋە ئىككى تەكبىر بىلەن ئوقۇغان. بۇ ئىككى ناماز ئارىسىدىمۇ ھېچقانداق بىر نەپلە نامىزى ئوقۇمىغان).[53]

---

[51] قاف سۈرىسى، 39- ئايەت.

[52] ھۇد سۈرىسى، 114- بەت.

[53] « ئەلبەيھەقى»، ئەسسالات، (1876- نومۇرلۇق ھەدىس).

شافىئىيلەرگە نىسبەتەن، نامازلارنى جۇغلاپ ئوقۇشتىكى شەرئىي ئۆزرۇلەر: سەپەردە بولۇش، ئەرافات ۋە مۇزدەلىفە تېغىدىكى چاغلار ۋە قاتتىق يامغۇر قاتارلىقلاردۇر. شافىئىيلەردىكى كۈچلۈك قاراشتا كېسەللىك،لاي پاتقاق ۋە قورقۇش قاتارلىق ئەھۋاللار نامازنى جۇغلاپ ئوقۇش ئۈچۈن ئۆزرە ھېسابلانمايدۇ. لېكىن ئەبۇ سۇلايمان ئەلخەتتابىي ۋە قازىي ئەلھۇسەين قاتارلىق بىر قىسىم شافىئىي ئالىملىرى بۇ خىل ئەھۋاللارنى نامازنى جۇغلاپ ئوقۇش ئۈچۈن بىر ئۆزرە دەپ قارايدۇ.[49]

نامازلارنى جۇغلاپ ئوقۇش مەسىلىسىدە ئەڭ كەڭرى يول تۇتقانلار ھەنبەلىيلەردۇر. بۇلار سەپەرگە چىقىش، كىيىملىرنى ھۆل قىلغۇدەك دەرىجىدە قار ۋە يامغۇرنىڭ يېغىشى، ئېغىر كېسەل، ئىستىھازە، لاي- پاتقاق، قاتتىق چىققان شامال، توختىماستىن تەرەت قىستاش، ھەر نامازغا تاھارەت ئالالمايدىغان ياكى تەيەممۇم قىلالمايدىغان ئەھۋالدا بولۇش، ناماز ۋاقتىنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلەلمەيدىغان ھالەتتە بولۇش ۋە قورقۇش قاتارلىقلارنى شەرئىي ئۆزرە دەپ بېكىتكەن ۋە بۇ ئەھۋاللاردا نامازلارنى جۇغلاپ ئوقۇشقا بولىدۇ، دەپ قارىغان.[50]

نامازلارنى جۇغلاپ ئوقۇشنىڭ پاكىتلىرى ھەدىستۇر. شۇنداقلا قۇرئان كەرىمدىمۇ نامازلارنىڭ جۇغلاپ ئوقۇلىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلغان ئايەتلەرمۇ بار بولۇپ، بۇ ئايەتلەر:

---

[49] مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس ئەششافىي: «ئەلئۇم»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: رىفات فەۋزى ئابدۇلمۇتەللىپ، مەنسۇر، دارۇلۋافا،2001-يىلى،2-توم،157- بەت؛ ئەبۇلھەسەن ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئەددابىي ئەششافىي ئەلمەھامىلىي: «ئەللۇباب فى فىقھىش شافىئىي»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇلكەرىم ئىبنى ئامرى، مەدىنە، دارۇلبۇخارىي، 1995-يىلى، 119–120–بەتلەر؛ ئەبۇلھەسەن ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەبىب ئەلماۋەردى: «ئەلھاۋىلكەبىر فى فىقھى مەزھەبىش شافىئىي»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەلى مۇھەممەد مۇئاۋۋىز ۋە ئادىل ئەخمەد ئابدۇلمەۋجۇت، بەيرۇت، دارۇلكۇتۇبىل ئىلمىيە، 1994-يىلى،2- توم، 304–بەت.

[50] ئەبۇمۇھەممەد مۇۋەففەقەددىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد ئىبنى قۇدامە: «ئەلمۇغنى»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇل مۇھسىن تۈركىي ۋە ئابدۇلفەتتاھ مۇھەممەد ئەلخۇلۋىي،3- باسما، رىياد، دارۇ ئالەمىل كۇتۇب، 1997-يىلى، 3-توم، 127–137–بەتلەر؛ ئەلماۋەردى: «ئەلھاۋىلكەبىر »، 2- توم، 304–بەت.

قىلغانلىقى ھەققىدە سورىغانلارغا: «ئۈممىتىدىن ھېچكىمنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قېلىشىنى خالىمىغان ئىدى» دەپ جاۋاب بەرگەن.[58]

يامغۇر، قار، لاي- پاتقاق ۋە قاتتىق بوران قاتارلىق ئەھۋاللارنى نامازلارنىڭ جۇغلاپ ئوقۇلۇشىدىكى شەرئىي ئۆزرۇر دەپ قارىغان فىقھشۇناسلارنىڭ ئاساسى بولسا، ئىبنى ئابباسنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھەدىسىدۇر. بۇلار، بۇ ھەدىستە ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازلارنى ئۈممەتلىرىگە قىيىنچىلىق بولۇپ قالماسلىقى ۋە ئۇلارغا قولايلىق بولۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ جۇغلاپ ئوقۇغانلىقىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان شەرئىي ئۆزرۇردۇر. بۇ ئەھۋاللار فىقھشۇناسلارنىڭ ئۆز زامانىدا نامازغا بېرىپ كېلىش جەريانىدا باشتىن كەچۈرگەن قىيىنچىلىقلىرىنىڭ بىر مىسالىدۇر. فىقھشۇناسلارنىڭ ئۇ دەۋرلىرىدە ئىنسانلارنى ناماز ئوقۇشتا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بۇ خىل ئەھۋالدىن باشقا بىر ئەھۋالنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. نامازلارنى جۇغلاپ ئوقۇشقا بۇ ئەھۋاللارنىڭ ئۆزى تۈپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى بۇ ئەھۋاللار تۈپەيلى كېلىپ چىققان قىيىنچىلىقلار سەۋەبىدىندۇر. بۇنى ئەينى زاماندىكى فىقھشۇناسلارنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرىدىن كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن، يامغۇر مالىكىي، شافىئىي ۋە ھەنبەلىيلەر تەرىپىدىن بىر شەرئىي ئۆزرۇر دەپ قارىلىدۇ. بىراق كۆچلۈك بولغان كۆز-قاراشقا ئاساسلانغاندا يامغۇر كۆپ ساندىكى فىقھشۇناسلار تەرىپىدىن پېشىن ۋە ئەسىر نامىزىنىڭ جۇغلاپ ئوقۇلىشىدا شەرئىي ئۆزرۇر دەپ قوبۇل قىلىنمايدۇ. يامغۇر پەقەت شام ۋە خۇپتەن نامىزىنى جۇغلاپ ئوقۇشقا سەۋەب بولالايدۇ. چۈنكى يامغۇرنىڭ ئاخشاملىرى قاراڭغۇدا كىشىلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان قىيىنچىلىقى كۈندۈزگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىردۇر.[59]

بىر قىسىم فىقھشۇناسلار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرافات ۋە مۇزدەلىفە تاغلىرىدا نامازلارنى جۇغلاپ ئوقۇشتىكى سەۋەب، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەقەتلا شۇ جايلاردا بولغانلىقى، ھەرگىزمۇ ھەجدە ياكى سەپەر ئۈستىدە بولغانلىقى ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ئەگەر پەيغەمبەر

---

[58] «سەھىھۇمۇسلىم»، سالاتۇل مۇسافىرىن ۋەقاسرۇھۇ 6، (54-نومۇرلۇق ھەدىس)؛ «ئەلبەيھەقى»، ئەسسالات، (5545- نومۇرلۇق ھەدىس).

[59] ئىبنى قۇدامە: «ئەلمۇغنى»، 3-توم، 132–133–بەتلەر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەرگە چىققان ۋاقىتتا، نامازنى جۇغلا
ئوقۇغانلىقى توغرىسىدا ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دېگەن: (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالا
سەپەرگە چىقىشقا ئالدىراپ قالغاندا شام نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزنى
جۇغلاپ ئوقۇيتتى).[54]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالا
سەپەرگە چىقىشقا ئالدىرغاندا پېشىن نامىزىنى ئەسىر نامىزىنىڭ دەسلەپكى
ۋاقتىغا قەدەر كېچىكتۈرۈپ، ئەسىر نامىزى بىلەن بىللە ئوقۇيتتى، شا
نامىزىنىمۇ شەپەق يوقالغانغا قەدەر كېچىكتۈرۈپ خۇپتەن نامىزى بىلەن بىلل
ئوقۇيتتى.»[55]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبە
ئەلەيھىسسالام ھېچقانداق بىر قورقۇش ۋە سەپەر ئۈستىدە بولمىسىمۇ پېشى
نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىنى، شام نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزىنى جۇغلاپ
ئوقىغان ئىدى.»[56] ئىمام مالىك بۇ جۇغلاپ ئوقۇش يامغۇر يېغىش سەۋەبىدى
بولغان، دەپ قارايدۇ.[57]

باشقا بىر رىۋايەتتە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ھېچقانداق بىر قورقۇش ۋە يامغۇر يېغىش بولمىغان
ئەھۋالدىمۇ پېشىن بىلەن ئەسرنى، شام بىلەن خۇپتەننى جۇغلاپ ئوقۇغان
ئىدى» دېگەن. ئىبنى ئابباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نېمىشقا بۇنداق

---

[54] «سەھىھۇمۇسلىم»، سالاتۇل مۇسافىرىن ۋەقاسرۇھۇ 6، (42-نومۇرلۇق ھەدىس)؛ «ئەلبەيھەقى»
ئەسسالات، (5512- نومۇرلۇق ھەدىس)؛ ئەنەس ئىبنى مالىك: «ئەلمۇۋاتتا»، رىۋايىتى يەھي
ئىبنى يەھيا ئەلمەسمۇدىي، بەيرۇت، دارۇ ئىھيائىت تۇراسىل ئەرەبى، 1989-يىلى، ئەسسالات
1، (384-نومۇرلۇق ھەدىس).

[55] «سەھىھۇمۇسلىم»، سالاتۇل مۇسافىرىن ۋەقاسرۇھۇ 6، (48-نومۇرلۇق ھەدىس)؛ «ئەلبەيھەقى»
ئەسسالات، (5521- نومۇرلۇق ھەدىس).

[56] «سەھىھۇمۇسلىم»، سالاتۇل مۇسافىرىن ۋەقاسرۇھۇ 6، (49-نومۇرلۇق ھەدىس)؛ «ئەلبەيھەقى»
ئەسسالات، (5543- نومۇرلۇق ھەدىس)، سولايمان ئىبنى ئەشئاس ئەلئەزدى ئەسسىجىستانى
ئەبو داۋۇد: «سۈنەنۇ ئەبى داۋۇد»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: موھەممەد ئەۋۋان، دارۇلقىبلە لىس
سەقاپەتىل ئىسلامىيە، جىددە، 1998- يىلى، ئەسسەلا 2، (1203).

[57] ئەنەس ئىبنى مالىك: «ئەلمۇۋاتتا»، ئەسسالات 1، (385-نومۇرلۇق ھەدىس).

### رامىزاندا روزىسىنى بۇزۇشقا مەجبۇرلانغان كىشىلەر توغرىسىدا

شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى رامىزاندا روزا تۇتۇش توغرىسىدا ھەر-تۈرلۈك بېسىم ۋە توسالغۇلارنى باشتىن كەچۈرمەكتە. ھەممىمىزگە ئايان بولغىنىدەك، روزا تۇتۇش بىر قانچە مىنۇت ياكى بىر ئىككى سائەت ئىچىدە تۈگەيدىغان ئىبادەت ئەمەس. بۇ ئىبادەتنى مۇكەممەل تاماملاشتا روزا ئۈچۈن بەلگىلەنگەن شۇ ۋاقىتنى تۈگىتىش شەرتتۇر. بۇ خىل زۇلۇم ۋە بېسىم ئاستىدا خەلقىمىزنىڭ ھېچقانداق قىيىنچىلىقىقا ئۇچرىماي روزىسىنى ئوڭۇشلۇق تۈگىتىشى ئۇنچە ئاسان ئەمەس، بەزىدە ھەتتا مۇمكىن ئەمەس. بولۇپمۇ مەمۇرىي خادىم ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ توغرىسىدىكى قىيىنچىلىقى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولۇپ، رامىزان ۋاقىتلىرىدا روزىلىرىنى بۇزۇشقا مەجبۇرلانماقتا. ئەگەر قارشىلىق كۆرسىتىپ روزىسىنى بۇزمىسا ۋە ياكى داۋاملىق روزا تۇتۇۋاتقانلىقىنى چاندۇرۇپ قويسا، مەمۇرىي خادىملارنى ئىش ئورنىدىن، ئوقۇغۇچىلارنى بولسا مەكتەپتىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىش ۋە ياكى باشقا تۈرلۈك ئېغىر جازالارنى قوللىنىش ئارقىلىق جازالايدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ روزىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى فىقھشۇناسلارنىڭ تەھلىلى ۋە يەكۈنلەپ چىققان كۆزقاراشلىرىنى بىلىشىمىز كېرەك.

ھەنەفىيلەر ۋە مالىكىيلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى ئومۇملاشقان قارىشى بويىچە، روزىسىنى مەجبۇرىي بۇزغانلارنىڭ روزىسى بۇزۇلغان ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ كۈنىنىڭ روزىسىنى كېيىنكى كۈنلەردە تولۇقلاپ تۇتۇۋېلىشى كېرەك. چۈنكى روزا تۇتۇش بىلەن بىر نەرسىنى يېيىش-ئىچىش بىر- بىرىگە زىت، قارمۇقارشى بولغان ئىككى تۈرلۈك ئىشلار بولۇپ، بىرەر نەرسىنى ئىچىش ياكى يېيىش مەيلى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بولسۇن ياكى باشقىلار تەرىپىدىن مەجبۇرلانغان ھالدا بولسۇن، بۇلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق، پەقەتلا مەجبۇرىي بۇزغانلارغا كەففارەت كەلمەيدۇ.[61]

---

[61] ئەسسەرەخسىي: «ئەلمەبسۇت»، 3-توم، 98-بەت؛ ئەلكاسانىي: «بەدائىئۇس سانائى »، 2-توم، 91-بەت؛ ئابدۇسالام ئىبنى سائىت تەنۇھى سەھنۇن: «ئەلمۇدەۋۋەنەتۇل كۇبرا»، قاھىرە، مەتبەئەتۇس سائادە، 1905-يىلى، 1-توم، 209- بەت؛ شەمسۇددىن ئەششەيخ مۇھەممەد ئۇرفە ئەددۇسۇقىي: «ھاشىيەتۇددۇسۇقىي ئەلا شەرھىل كەبىر»، قاھىرە، دارۇ ئىھيائىل كۇتۇبىل ئەرەبىييە، 1- توم، 527-بەت.

ئەلەيھىسسالام ھەجدە ياكى سەپەر ئۈستىدە بولغانلىقى ئۈچۈن نامازلارنى جۇغلاپ ئوقۇغان دەپ قارىساق، ئۇنداقتا مىنا تېغىدىكى ۋاقتىدىمۇ نامازلارنى جۇغلاپ ئوقۇغان بولسا بولاتتى، بىراق مىنا تېغىدا ئۇنداق قىلمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرافات ۋە مۇزدەلىفە تاغلىرىدا نامازلارنى جۇغلاپ ئوقۇشىدىكى سەۋەب، پەقەت شۇ يەردە يۈز بەرگەن جىددىيچىلىك تۈپەيلىدىندۇر. نامازلارنىڭ ئەرافاتتا جۇغلاپ ئوقۇلۇشى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسىر ۋاقتىدا مۇزدەلىفىگە يولغا چىقىش ئۈچۈن ئالدىراش بولۇپ كېتىدىغانلىقى، مۇزدەلىفىدە جۇغلاپ ئوقۇلۇشى بولسا، شام نامىزى ۋاقتىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ يولدا كېتىۋاتقان ۋاقتىغا توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈندۇر.[60]

يۇقىرىدىكى ھەدىس ۋە فىقھشۇناسلارنىڭ سۆزلىرىدىن شۇنى بىلىۋالالايمىزكى، نامازلارنى جۇغلاپ ئوقۇش ئۈچۈن سەپەردە بولۇش شەرت ئەمەس، پەقەت جۇغلاپ ئوقۇش ئېھتىياجىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، جۇغلاپ ئوقۇلمىغان ۋاقىتتا مەلۇم قىيىنچىلىققا ئۇچراش ئېھتىماللىقىنىڭ بولۇشى يېتەرلىكتۇر. نامازلارنىڭ جۇغلاپ ئوقۇلۇشىدىكى سەۋەب، دەل قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن ئىكەنلىكى، ئىبنى ئابباسنىڭ يۇقىرىدىكى ھەدىسىدىمۇ ئوچۇق چىقىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن دىنىي ئىبادەتلەر قانۇنسىز پائالىيەت دەپ قارىلىپ، ناماز ئوقۇش توسالغۇغا ئۇچراۋاتقان رايونلاردا ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ، نامازلارنى جۇغلاپ ئوقۇشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالمىغان ئاساستا، زۆرۈر بولۇپقالغان ئەھۋال ئاستىدا جۇغلاپ ئوقۇشلىرى توغرىدۇر. ناماز ئوقۇشنىڭ ھەر تۈرلۈك توسالغۇلارغا ئۇچرىشى زامانىمىزنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ توسالغۇلار كەلتۈرۈپ چىقارغان قىيىنچىلىقلار يامغۇر ياكى قار سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان قىيىنچىلىقلاردىن نەچچە ھەسسە ئېغىردۇر. شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتقىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ نامازلىرىنى زۆرۈر تېپىلغاندا جۇغلاپ ئوقۇشلا ئەمەس، ھەتتا ئىشارەت ئارقىلىقمۇ ئوقۇشىنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم بېرەلەيمىز.

---

[60] شەيخۇل ئىسلام تەقىيۇددىن ئەخمەد ئەلھەرراني ئىبنى تەيمىيە: «مەجمۇئەتۇلفەتاۋا»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئامىرجازار ۋە ئەنۋەرباز، 3- باسما، مەنسۇرە، دارۇلۋافا، 2005-يىلى، 24-توم 30-بەت.

بۇ ھەقتە مۇھەممەد ئەلھۇسەين مۇنداق دېگەن: «روزىسىنى بۇزۇشقا مەجبۇرلانغان ھەرقانداق ئادەم ئامالسىزلىقتىن روزىسىنى بۇزۇۋەتسە گۇناھ بولمايدۇ، روزىسىمۇ بۇزۇلغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئاللاھتائالا مۇنداق دېگەن:

﴿خاتالىشىپ قىلغان بىر ئىشتا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، پەقەت قەستەن قىلغان ئىشلاردا گۇناھ بولىدۇ.﴾[66] روزىسىنى بۇزۇشقا مەجبۇرلانغان ھەرقانداق كىشىدە قەستەنلىك يوق. ئاللاھتائالا، ئۆزىنى ئىنكار قىلىشقا مەجبۇرلانغان كىشىنىڭ كاپىر بولمايدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغان. ئاللاھتائالانى مەجبۇرلانغان ھالدا ئىنكار قىلغان كىشىدىن كاپىرلىق ھۆكمى كۆتۈرۈۋېتىلگەن يەردە ئۇنىڭ سىرتىدىكى مەجبۇرلىنىپ قىلىپ سالغان گۇناھ ئىشلارنىڭ ھۆكۈملىرىمۇ ئەلۋەتتە كۆتۈرۈۋېتىلىدۇ.[67]

ھەنەفىيلەردىن ئىمام زۇفەر، مالىكىيلەردىن ئەلىي ئەلئەدەۋىي، ئىبنى ھەزم، ئىمام شەۋكانىي قاتارلىق ئالىملارمۇ مەجبۇرلانغان كىشىلەرنىڭ بۇزغان روزىسى بۇزۇلغان ھېسابلانمايدۇ، دېگەن قاراشتىدۇر.[68]

بۇ فىقھشۇناسلارغا نىسبەتەن روزىسىنى بۇزۇشقا مەجبۇرلىنىپ قالغان كىشىلەرنىڭ ئامالسىز بۇزغان روزىسى بۇزۇلغان ھېسابلانمايدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن كەففارەت ياكى قازا قىلىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق. پەقەت بۇنداق بولۇشى ئۈچۈن

---

ئىبنى نۇرى ئەننەۋەۋىي: «ئەلمەجمۇ شەرھۇل مۇھەززەب لىششىرازىي»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد نەجىب مۇتىئىي، جىددە، مەكتەبەتۇل ئىرشاد، 6-توم، 353–354–بەتلەر؛ ئىبنى قۇدامە: «ئەلمۇغنى»، 4-توم، 365–بەت.

[66] ئەھزاب سۈرەسى، 5- ئايەت.

[67] مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەلئۇسەيمىن: «مەجمۇئۇ فەتاۋا ۋە راسائىل»، توپلىغۇچى: فەھد ئىبنى ناسىر ئىبنى ئىبراھىم ئەسسۇلەيمان، رىياد، دارۇس سۇرەييا، 2003-يىلى، 19-توم، 194–195–بەتلەر.

[68] ئەسسەرەخسىي: «ئەلمەبسۇت»، 3-توم، 98-بەت؛ ئەلكاسانىي: «بەدائىئۇس سانائى »، 2-توم، 91-بەت؛ ئەددۇسۇقىي: «ھاشىيەتۇد دۇسۇقىي»، 1- توم، 527-بەت؛ ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئەششەۋكانى: «ئەسسەيلۇل جەررار»، دارۇ ئىبنى ھەزم، 2004-يىلى، 286-بەت؛ ئەبۇمۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەخمەد ئىبنى سەئت ئىبنى ھەزم ئەززاھىرىي: «ئەلمۇھەللا»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەھمەد مۇھەممەد شاكىر، قاھىرە، ئىدارەتۇل تىبائاتىل مۇنىرىيە، 6-توم، 224-بەت.

شافىئىي ۋە ھەنبەلىيلەرنىڭ قارىشىچە، مەجبۇرىي ھالدا بۇزۇۋېتىلگەن روزا بۇزۇلغان ھېسابلانمايدۇ، مەجبۇرلاش باسقۇچىدىن ئۆتكەندىن كېيىن روزىسىنى داۋاملاشتۇرسا بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھتائالا ئۈممەتلىرىمنىڭ خاتالىشىپ قىلىپ، ئۇنتۇپ قىلىپ ۋە ياكى مەجبۇرلىنىپ قىلىپ سالغان خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈۋەتكەن»[62] دېگەن. دېمەك، روزىسىنى بۇزۇشقا مەجبۇر بولغانلاردا يېيىش-ئىچىش خاھىشى يوق، ئەكسىچە ئامالسىز قالغانلىقتىن ۋە مەجبۇرلانغانلىقتىن بۇزغان.

بىر كىشى ئۆز خاھىشى بويىچە ئەمەس، ئامالسىز قالغانلىقتىن روزىنى بۇزىدىغان بىرەر ئىش قىلىپ سالغان بولسا، روزا بۇزۇلغان ھېسابلانمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا روزىنىڭ بۇزۇلغان ھېسابلانمايدىغانلىقىنى مۇنۇ ھەدىستىنمۇ كۆرۈۋالالايمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خالاپ ئەمەس، ئامالسىز قۇسۇپ سالغانلارنىڭ روزىسى ئۈچۈن قازاسىنى قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق، پەقەت ئۆز خاھىشى بىلەن ياكى قەستەن قۇسقان بولسا قازاسىنى قىلسۇن»[63] دېگەن. بۇ ھەدىستىن روزىنىڭ بۇزۇلغان ياكى بۇزۇلمىغانلىقىنى ئايرىشتا، بۇزۇشقا سەۋەب بولغان ئىشلارنىڭ شۇ كىشى تەرىپىدىن ئۆز ئىستەك-خاھىشى بىلەن قىلىنغان ياكى قىلىنمىغانلىقىغا قاراشنىڭ لازىملىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. روزىسىنى مەجبۇرىي بۇزغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى روزا تۇتقىنىنى ئۇنتۇپ قىلىپ بۇزۇپ تاشلىغانلار بىلەن ئوخشاش. ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن يەپ ياكى ئىچىپ سالغانلارنىڭ روزىسى بۇزۇلغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىم ئېسىدە يوق يەپ ياكى ئىچىپ سالغان بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلغان ھېسابلانمايدۇ. ئۇ ئاللاھنىڭ بەرگەن رىزقىدۇر.»[64] دېگەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا روزىنى بۇزۇشقا مەجبۇرلانغان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلغان ھېسابلانمايدۇ.[65]

---

[62] ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى يەزىد ئەلقەزۋىنىي ئىبنى ماجە: «سۈنەنۇ ئىبنى ماجە»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد ناسىرۇددىن ئەلبانىي، رىياد، مەكتەبەتۇل مائارىپ، ئەتتالاق 10، (2043-نۇمۇرلۇق ھەدىس ).

[63] مۇھەممەد ئىبنى ئەيسا ئىبنى سەۋرە تىرمىزىي: «سۈنەنۇت تىرمىزىي»، نەشرگە تەييار قىلغۇچى ئەبۇ ئۇبەيد مەشھۇر ئىبنى ھەسەن ئەسسالمان، رىياد، مەكتەبەتۇل مائارىپ، 1996-يىلى ئەسسەۋم 6، (720-نۇمۇرلۇق ھەدىس)؛ «سۈنەنۇ ئىبنى ماجە»، ئەسسىيام 7، (1676-نۇمۇرلۇق ھەدىس ).

[64] «سۈنەنۇت تىرمىزىي»، ئەسسەۋم 6، (721-نۇمۇرلۇق ھەدىس).

[65] ئەلماۋەردى: «ئەلھاۋىلكەبىر»، 8- توم، 43-بەت؛ ئەبۇزەكەرىيا مۇھيىددىن يەھيا ئىبنى شەرەف

ھەجنى ئادا قىلىشى پاسپورت، ۋىزا ۋە ھەج قىلىشقا تاللىنىش قاتارلىق تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار بىلەن تېخىمۇ تەسلىشىۋاتىدۇ. بۇلار ختاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شەخسىيەتچىلىك بىلەن قەستەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان توسالغۇلاردۇر. بۇ خىل ئەھۋالدىكى مۇسۇلمانلارغا ھەج قىلىشنىڭ پەرز ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدا فىقھشۇناسلارنىڭ پەرقلىق كۆز-قاراشلىرى بار.

يۇقىرىدىكى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغىنىدەك، ھەجنىڭ پەرز بولۇشى ئۈچۈن «استطاعة/ئىستەتائە، يەنى قۇربى يېتىش»شەرتى ئەمەلىيلىشىشى لازىم. قۇربى يېتىش شەرتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئۈچۈن ھەج سەپىرىنىڭ بىخەتەر بولۇشى شەرتتۇر. بۇ توغرىسىدا تۆت مەزھەبتىكى فىقھشۇناسلار بىردەك قاراشتىدۇر.[71] دېمەك، يولنىڭ بىخەتەر بولۇشى، ھەجگە ماڭغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ بېرىپ-كېلىش سەپىرىدە ھېچقانداق توسالغۇ ياكى قىيىنچىلىق پەيدا قىلىدىغان ئەھۋاللارنىڭ بولماسلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا ھەجنىڭ پەرز بولۇشىدىكى شەرتلەر ھازىرلانغان ھېسابلانمايدۇ. فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، بىر كىشىنىڭ ھەجگە بېرىشى، مەلۇم بىر تاشقى كۈچ تەرىپىدىن توسالغۇغا ئۇچرىسا، بۇ ئەھۋال، ھەج قىلىش سەپىرىدىكى بىر توسالغۇ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئۇ كىشىگە ھەج پەرز بولمايدۇ.[72] ئىسلام تارىخىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان ئەمەلىي مىساللار بولغان. بىر قىسىم فىقھشۇناسلار، ھەج قىلىش سەپىرىدىكى بۇلاڭچىلىق ۋە قورقۇنچ كۆچىيىپ كەتكەن مەزگىللەردە بىر قىسىم جايلاردىكى مۇسۇلمانلارغا ھەج قىلىش پەرز بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن، ئەبۇبەكرى ئەررازىي: «باغداتتىكىلەردىن ھەجنىڭ پەرزلىكى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى» دېگەن. ئەبۇبەكرى ئەلئەسقاف: 326- يىلى

---

[71] ئەلكاسانىي: «بەدائىئۇس سانائى»، 2-توم، 123-بەت؛ ئەلقارافىي: «ئەززەخىرە»، 3- توم، 179 -بەت؛ ئەننەۋەۋىي: «ئەلمەجمۇ»، 5-توم، 7-بەت؛ ئىبنى قۇدامە: «ئەلمۇغنى»، 5-توم، 8-بەت.

[72] مۇھەممەد ئەمىن ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئەددىمەشقىي: «ھاشىيەتۇ ئىبنى ئابىدىن»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئادىل ئەخمەد ئابدۇلمەۋجۇت ۋە ئەلى مۇھەممەد مۇئاۋۋىز، رىياد، دارۇ ئالەمىل كۇتۇپ، 2003-يىلى، 3- توم، 457- بەت؛ ئەلكاسانىي: «بەدائىئۇس سانائى»، 2-توم، 121-بەت؛ ئوبۇلقاسىم مۇھەممەد ئىبنى ئەخمەد ئىبنى جۇزەي ئەلكەلبىي ئەلغىرناتىي ئەلمالىكىي: «ئەلقاۋانىنۇل فىقھىيە»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد ئىبنى سەيدى مۇھەممەد مەۋلاي، 254-بەت؛ شەمسۇددىن مۇھەممەد ئىبنى خاتىپ ئەششىربىنە: «مۇغنىل مۇھتاج ئىلا مەئرىفەتىي مەئانى ئەلفازىل منھاج »، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد خەلىل ئېتانىي، بەيرۇت، دارۇلمەئرىفە، 1997-يىلى، 1-توم، 772-بەت.

ھەقىقىي ھالدا مەجبۇرلانغان، بېسىم ۋە تەھدىتكە ئۇچرىغان بولۇشى ۋە خىل مەجبۇرلاشنى قىلغان قارشى تەرەپنىڭ ھەقىقەتەن شۇ بېسىم ۋە تەھدىتنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغۇدەك كۈچكە ئىگە بولۇشى شەرتتۇر.

**ھەج قىلىش يولىدا توسالغۇلارغا ئۇچرىغان كىشىلەر توغرىسىدا**

ھەج قىلىش ئىسلامنىڭ ئاساسلىق ئىبادەتلىرىدىن بىرىدۇر. بىز بۇ يەردە ھەج قىلىش ھەققىدە ئۆزىمىزگە مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم مەسىلىلەر ھەققىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمىز.

ھەج، ئىسلامنىڭ پەرزلىرى ئىچىدە ئەڭ ئاخىرىدا پەرز قىلىنغان ئىبادەتتۇر؛ بۇ ئىبادەتنىڭ پەرز قىلىنغانلىقىنىڭ پاكىتى ئايەت ۋە ھەدىستۇر. ئايەت ئاللاھتائالانىڭ شۇ سۆزلىرىدۇر: ﴿سەپەر قىلىشقا قۇربى يېتىدىغانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەج قىلىشى ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققىدۇر.﴾[69]

ھەدىس بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: «ئىسلام دىنى بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئۇلار:- ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەدنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش ۋە روزا تۇتۇشتۇر.»[70]

ھەج ئىبادىتى نامازغا ئوخشاش پەقەت جىسمى بىلەن ياكى زاكاتقا ئوخشاش پەقەت پۇل بىلەن ئادا قىلىنىدىغان ئىبادەت ئەمەستۇر. ھەج ئىبادىتى ھەم جىسمانىي جەھەتتىن، ھەمدە پۇل ئارقىلىق ئادا قىلىنىدىغان ئىبادەتتۇر. شۇ سەۋەبتىن بىر ئادەمنىڭ ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن سالامەت بولغان تەن ۋە يېتەرلىك يول خىراجىتى بولۇشى شەرتتۇر. بۇلارغا قوشۇمچە ھالدا ھەج يولىنىڭ بىخەتەر بولۇشى، يەنى ھەجگە بېرىش جەريانىدا ھېچقانداق توسالغۇ بولماسلىقىمۇ مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يۇقىرىدا مىسال قىلغان ئايەتلەردىن بىلىۋالالايمىز. ئادەتتە مۇسۇلمانلار ھەج قىلىش ئۈچۈن ھەرخىل قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايدۇ، لېكىن خەلقىمىزنىڭ

[69] ئال ئىمران سۈرىسى، 97- ئايەت.
[70] «سەھىھۇلبۇخارىي»، ئەل ئىمان 2، (8-نۇمۇرلۇق ھەدىس)؛ «سەھىھۇمۇسلىم»، ئەل ئىمان 1، (21-نۇمۇرلۇق ھەدىس).

بىرى دەپ قارىغان فىقھشۇناسلارغا نىسبەتەن، بىر كىشىنىڭ ھەممە شەرتلىرى تولۇق بولۇپ، پەقەت سەپەر بىخەتەرلىكى مەسىلىسى تۈپەيلى ھەج قىلالماي ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى بالا-چاقىلىرىغا ئۆز نامىدا ھەج قىلىپ قويۇشنى ۋەسىيەت قىلىشى لازىم. سەپەر بىخەتەرلىكى ھەجنىڭ پەرز بولۇشىدىكى بىر شەرت، دېگەن قاراشتىكى فىقھشۇناسلار بولسا، ئۇ كىشىنىڭ بۇنداق ۋەسىيەت قىلىشى ھاجەتسىز، دەپ قارايدۇ.[75]

بۇلارغا ئاساسەن ھەجنىڭ باشقا شەرتلىرىنى ھازىرلىغان، پەقەت سەپەر بىخەتەرلىكى مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەن كىشىلەر ھەجنى بۇ خىل توسالغۇ يوقالغاندىن كېيىن قىلسا بولىدۇ. ئەگەر ھەج نامزاتلىرىنىڭ ئالدىدىكى بۇ توسالغۇلار ئۆمۈر بويى يوقالمىغان ۋە شۇ سەۋەبتىن ھەجگە بارالمىغان بولسا، بىر قىسىم فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشىچە،بۇ ئادەم بالا-چاقىلىرىغا ئۆزى ئۈچۈن ھەج قىلىپ قويۇش توغرىسىدا ۋەسىيەت قىلىشى لازىم. يەنە بىر قىسىم فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، بۇنداق ۋەسىيەت قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئاللاھتائالانىڭ: ﴿سەپەر قىلىشقا قۇربى يېتىدىغانلىكى كىشىنىڭ ھەج قىلىشى ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققىدۇر﴾[76] دېگەن سۆزىنى ئويلىغان ۋاقتىمىزدا، كېيىنكى قاراشنىڭ تېخىمۇ ئۇيغۇن بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. چۈنكى «قۇربى» يەتكەن بولۇشنىڭ شەرتى بولسا، شۇ كىشى ھەج قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كېتەرلىك بولغان بارلىق شەرتلەرنى ھازىرلىغان بولۇشى لازىم.

## خۇلاسە

بۇ ماقالىدە تىلغا ئېلىنىپ ئۆتكەن مەزمۇنلارنى قىسقىچە يىغىنچاقلىغىنىمىزدا، كۆپ ساندىكى فىقھشۇناسلار دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى، شۇ دۆلەتتىكى خەلقنىڭ دىنىي ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولۇش-بولالماسلىقىغا ئاساسەن ئىككى خىل خاراكتېردىكى دۆلەتكە ئايرىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. لېكىن ئىمام شافىئىيغا ئوخشاش ئاز ساندىكى ئالىملار، دۇنيانىڭ

[75] ئەسسەرەخسىي: «ئەلمەبسۇت»، 4-توم، 163-بەت؛ ئەلكاسانىي: «بەدائىئۇس سانائى »، 2-توم، 123-بەت؛ ئىبنى ھۇمام: «شەرھۇ فەتھىل قەدىر»، 2-توم، 422-بەت؛ ئەلمەغرەبىي: «مەۋاھىبۇل جەلىل»، 3-توم، 449-بەت.

[76] ئال ئىمران سۈرىسى، 97- ئايەت.

«مەن بۇ زامانىمىزدا ھەجنى پەرز دېيەلمەيمەن» دېگەن. ئىمام سەلجىي بولسا: «خۇراسانلىقلارغا پالانى يىلىدىن باشلاپ ھەج قىلىش پەرز ئەمەستۇر» دېگەن.[73]

يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمىزغا ئوخشاش، بارلىق فىقھشۇناسلار ھەج سەپىرىنىڭ بىخەتەر بولۇشى ھەجنىڭ پەرز بولۇشىدىكى بىر شەرت ئىكەنلىكىدە ئورتاق قاراشتا. لېكىن ھەج يولىنىڭ بىخەتەر بولۇش مەسىلىسىنىڭ ھەجنىڭ پەرز بولۇش شەرتى ياكى ئادا قىلىش شەرتى بولۇش توغرىسىدا پەرقلىق قاراشلار بار. مالىكىي، شافىئىي ۋە بىر قىسىم ھەنەفىيلەرنىڭ قارىشىچە، سەپەرنىڭ بىخەتەرلىكى ھەجنىڭ پەرز بولۇشتىكى شەرتىدۇر. چۈنكى «استطاع/ ئىستەتائە، يەنى قۇربى يېتىش» شەرتى يول بىخەتەر بولمىسا ئەمەلگە ئاشمايدۇ.[74] كېيىنكى دەۋردىكى ھەنەفىيلەر ۋە ھەنبەلىيلەرنىڭ قارىشىچە، سەپەر بىخەتەرلىكى ھەجنى ئادا قىلىش شەرتىدۇر. ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەدىن بۇ مەسىلىگە ئالاقىدار ئىككى خىل ئوخشىمىغان رىۋايەتلەر نەقىل قىلىنغان بولۇپ، بىر قىسىم ھەنەفىي فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەمۇ سەپەر بىخەتەرلىكىنى ھەجنى ئادا قىلىشنىڭ شەرتى، دەپ قارايدىكەن. بۇ قاراشتىكىلەرنىڭ دەلىلى، باشقىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «استطاعة/ ئىستەتائە، يەنى قۇربى يېتىش»نىڭ نېمىلىكىنى سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ: «يېمەك-ئىچمەك ۋە مىنىدىغان ئۇلاغ» ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەينى ۋاقىتتا سەپەر بىخەتەرلىكى مۇشرىكلار تەرىپىدىن تەھدىتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، سەپەر بىخەتەرلىك مەسىلىسىنى «قۇربى يېتىش»نىڭ ئىچىدىكى بىر ئامىل قاتارىدا ھېسابلىمىغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن سەپەر بىخەتەرلىكى يېمەك- ئىچمەك ۋە ئات-ئۇلاغلارغا ئوخشاش ھەجنىڭ پەرز بولۇشىدىكى شەرتلەردىن بىرى ئەمەس، ئەكسىچە ئادا قىلىش شەرتلىرىنىڭ بىرىدۇر. سەپەر بىخەتەرلىكى ھەجنىڭ ئادا قىلىش شەرتلىرىنىڭ

---

[73] كامالۇددىن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھىد ئىبنى ئابدۇلخەمىد ئىبنى ھۇمام: «شەرھۇ فەتھىل قەدىر»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇررازاق غالىپ ئەلمەھدى، بەيرۇت، دارۇلكۇتۇبىل ئىلمىييە، 2003-يىلى، 2-توم، 424-بەت.

[74] ئەسسەرەخسىي: «ئەلمەبسۇت»، 4-توم، 163-بەت؛ ئەلكاسانىي: «بەدائىئۇس سانائى»، 2-توم، 123-بەت؛ ئەبۇئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇراخمان رۇئەينى خەتتاپ ئەلمەغرەبىي، «مەۋاھىبۇل جەلىل لى شەرھى مۇختەسەرى خەلىل»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: زەكەرىيا ئۇمەيرات، بەيرۇت، دارۇلكۇتۇبىل ئىلمىييە، 1995-يىلى، 3-توم، 449-بەت.

ئۇچۇن، مۇشۇلارنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ۋە بۇ ھۆكۈملەرنىڭ ئاساسىي مەنبەسىنى بېكىتىشكە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. نەتىجىدە بۇ ھۆكۈملەر «ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار فىقھىسى» دەپ ئاتالغان ۋە بۇ فىقھىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى بولسا، قۇرئان، سۈننەت، مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ مەنپەئەتى (ئەلمەقاسىدۇلئاممە)، ئاسانلاشتۇرۇش پرىنسىپى ۋە زاماننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن پەتىۋانىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقى پرىنسىپى قاتارلىق كۈچلۈك ئاساسلاردۇر.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئاشۇ «ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار»نىڭ بىر قىسمى بولغان شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلار ھەر بىر مەسىلىدە، بولۇپمۇ دىنغا ئالاقىدار مەسىلىلەردە ناھايىتى ئېغىر بېسىملارغا دۇچ كەلمەكتە. بۇ ماقالىدە ۋاقىت مەسىلىسى تۈپەيلىدىن بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولغان ساناقلىق مەسىلىلەر ئۈستىدىلا ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتۈلگەن بولۇپ، بۇلار- نامازنى جۇغلاپ ئوقۇش، رامىزاندا روزىسىنى بۇزۇشقا مەجبۇرلانغان كىشىلەر ۋە ھەج قىلىش يولىدا توسالغۇلارغا ئۇچرىغان كىشىلەر قاتارلىق مەسىلىلەردۇر.

بىز يۇقىرىدىكى مەلۇماتلار ئارقىلىق ۋەتىنىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سەپەر ئۈستىدە بولمىسىمۇ، ئېھتىياجلىق بولغاندا نامازلىرىنى جۇغلاپ ئوقۇسا بولىدىغانلىقىنى، ھەتتا زۆرۈر بولغاندا ئىشارەت ئارقىلىق ئوقۇسىمۇ بولىدىغانلىقىنى، روزىسىنى بۇزۇشقا مەجبۇر بوپقالغان كىشى روزىسىنى بۇزغان ۋە مەجبۇرلىنىشتىن كېيىن روزىسىنى داۋاملاشتۇرغان بولسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلغان ھېسابلانمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ھەجنىڭ باشقا شەرتلىرىنى ھازىرلىغان، پەقەت سەپەر توسالغۇسى مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەن ھەج نامزاتلىرى، ئالدىدىكى بۇ توسالغۇ ئۆمۈر بويى يوقالمىغان ۋە شۇ سەۋەبتىن ھەجگە بارالمىغان بولسا، بۇ ئادەمگە ھەج قىلىش پەرز بولمايدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

پەقەت بىر خىلدىكى دۆلەت ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارنىڭ پۈتۈنلەي پەرقلىق بولغان ئىككى خىل ياشاش، يەنى دىنىي ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولۇش-بولالماسلىقتىن ئىبارەت ئوخشىمىغان شارائىتتا ياشايدىغانلىقىغا ئائىت ئىشارەتلەر مەۋجۇت. دىنىي ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولالمىغان مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمدە ھەرخىل ئاتالغۇلار بىلەن ئاتالغان بولسىمۇ، ئومۇمەن «مُسْتَضْعَف\مۇستەزئەپ» ئىبارىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن. دەۋرىمىزگە كەلگەندە بولسا، بۇ خىل دىنىي ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولالمىغان مۇسۇلمانلار «الأقليات المسلمة/ مۇسۇلمان ئاز سانلىقلار» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

مۇسۇلمان ئاز سانلىقلارنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا مۇسۇلمانلاردىن پەرقلىق ھالەتتە ياشاشقا باشلىغان تارىخىغا كۆز يۈگۈرتۈپ باقىدىغان بولساق، مۇسۇلمانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندىن باشلاپ تاكى 1881-يىلىغىچە بولغان بۇ مەزگىللەردە -ئەلۋەتتە بۇ ئارىلىقتا مۇڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى قىسمەن رايونلاردا زۇلۇمغا ئۇچرىغان مۇسۇلمانلارنىڭ تىراگېدىيەلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا- مۇسۇلمانلار دىنىي ئەركىنلىكتە ھېچقانداق قىيىنچىلىققا ئۇچرىمىغان ۋە ئەركىن، كۈچلۈك ھالەتتە ياشىغان ئىدى. 17- ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئوسمانىيلار ئاجىزلىششقا باشلىغان ۋە كاپىرلار بىلەن ئېلىپ بارغان بەزى ئۇرۇشلاردا مەغلۇب بولۇپ، بىر قىسىم جايلارنى تارتقۇزۇپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن كاپىر دۆلەتلىرى بىلەن ئوخشىمىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە كېلىشىمنامە تۈزۈشكە مەجبۇر بولغان. بۇلارنىڭ بىرى 1881- يىلى بىر نەچچە دۆلەتلەر بىلەن تۈزۈشكەن «خەلقئارا ئىستانبۇل كېلىشىمنامىسى» دۇر. بۇ كېلىشىمنامىگە يۇنانىستان (گىرېتسىيە) غا بېرىۋېتىلگەن يەرلەردە ياشاۋاتقان ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا ئالاقىدار بىر ماددىمۇ كىرگۈزۈلگەن. دېمەك، 1881- يىلىدىن باشلاپ «ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار» دېگەن بۇ ئاتالغۇ رەسمىي يوسۇندا قوللىنىلىشقا باشلىغان.

بۇ خىلدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى، باشقا نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان، دىنىي ئېتىقادى جەھەتتە ئەركىن ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلاردىن پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، فىقھشۇناسلار ئۇلارنىڭ دىنىي جەھەتتىكى بۇ خىل توسالغۇلارنى يېڭىپ ئۆزلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرالىشى

- ئوسمان ئۆزتۈرك: «مەجەللە»، ئىستانبۇل، ئىرفان مەتبەئاسى، 1973-يىلى.
- ئەبۇئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل ئەلبۇخارىي: «سەھىھۇلبۇخارىي»، دەمەشق ۋە بەيرۇت، دارۇ ئىبنى كەسىر، 2002-يىلى.
- ئەبۇلھۇسەيىن ئىبنى ھەججاج ئەلقۇرەيشىي ئەننىسابۇرىي: «سەھىھۇمۇسلىم»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەبۇ قۇتەيبە نازەر مۇھەممەد ئەلفارىيابى، رىياد، دارۇ تايىيبە لىن نەشرى ۋەتتەۋزى، 2006-يىلى.
- ئەبۇئىھساق ئىبراھىم ئىبنى مۇسائىبنى مۇھەممەد ئەللەھمىيۇئەششاتىبىي، «ئەلمۇۋافەقات»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەبۇ ئۇبەيدە مەشھۇر ئىبنى ھەسەن ئەلى سالمان، ھۇبەر، دارۇ ئىبنى ئاففان، 1997- يىلى.
- مۇھەممەد ئىمن ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئەددىمەشقىي ئىبنى ئابىدىن، «مەجمۇئەتۇراسائىل ئىبنى ئابىدىن».
- ئەبۇجەيىپ: «ئەلجەم» ماقالە، «مەۋسۇئاتول ئىجما فىل فىقھىل ئىسلامى»، 3- باسما، دىمەشق، 1696-يىلى.
- ئەبۇبەكر شەمسۇل ئەئىممە مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى سەھل ئەسسەرەخسى: «ئەلمەبسۇت»، بەيرۇت، دارۇلمەئرىفە، 1989-يىلى.
- ئەلائۇددىن ئەبۇبەكر ئىبنى مەسئۇد ئەلھەنەفىي ئەلكاسانىي: «بەدائىئۇس سانائى فى تەرتىبىش شارائىي»،2 - باسما، بەيرۇت، دارۇلكۇتۇبىل ئىلمىيە، 1986-يىلى.
- شەھابۇددىن ئەھمەد ئىبنى ئىدرىس ئەلقارافىي: «ئەززەخىرە »، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد ھاجىي، بەيرۇت، دارۇل غەربىل ئىسلامى، 1994-يىلى.
- مۇھەممەد ئەلئارابى ئەلقاراۋىي: «ئەلخۇلاسەتۇل فىقھىيە ئەلا مەزھەبىس سادەتىل مالىكىيە»، بەيرۇت، دارۇلكۇتۇبىل ئىلمىيە.
- مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس ئەششافىي: «ئەلئۇم»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: رىفات فەۋزى ئابدۇلمۇتەللىپ، مەنسۇر، دارۇلۋافا،2001-يىلى.
- ئەبۇلھەسەن ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئەددابىي ئەششافىي ئەلمەھامىلىي: «ئەللۇباب فى فىقھىش شافىئىي»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇلكەرىم ئىبنى ئامرى، مەدىنە، دارۇلبۇخارىي.
- ئەبۇلھەسەن ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەبىب ئەلماۋەردى: «ئەلھاۋىلكەبىر فى فىقھى مەزھەبىش شافىئىي»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەلى مۇھەممەد مۇئاۋۋىز ۋە ئادىل ئەخمەد ئابدۇلمەۋجۇت، بەيرۇت، دارۇلكۇتۇبىل ئىلمىيە، 1994-يىلى.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


- ۋەھبە ئەززۇھەيلى: «ئاسارۇلھەرب فىل فىقھىل ئىسلامى»، 1998-يىلى، دىمەشىق دارۇلفىكرى، 3- باسما.
- ئابدۇلقادىر ئۇدەھ: «ئەتتەشرىيئۇل جىنائىي ئەل ئىسلامىي»، بەيرۇت، دارۇلكاتىب ئەلئەرەبى
- ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ئەيسا ئەددەبۇسىي ئەلھەنەفي: «تەئسىسۇن نەزەر»، 1994 -يىلى 2- باسما، قاھىرە، مەكتەبەتۇلھانجى.
- ئەبۇجەئپەر مۇھەممەد ئىبنى جەرىر ئەتتەبارى: «جامىئۇلبايان ئەن تەئۋىلى ئايىل قۇرئان» نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمۇھسىن ئەتتۈركىي، قاھىرە، ھىجر لىتتىبائە ۋەننەشرى، 2001-يىلى.
- ئەبۇلقاسىم سۇلەيمان ئىبنى ئەھمەت ئەتتابەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇلكەبىر»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھەمدى ئابدۇلمەجىت ئەسسەلىپي، 2- باسما، قاھىرە، مەكتەبەتۇ ئىبنى تەيمىيە، 1983- يىلى.
- مۇھەممەد ئىبنى يۇسۇف سالىھ شامىي: «سۇبۇلۇلھۇدا ۋەررەشاد فى سىراتى خەيرىل ئىباد »، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇستافا ئابدۇلۋاھىد، 2- باسما، قاھىرە، ۋىزارەتۇلئەۋقاف، 1986-يىلى.
- ئەبۇبەكرى ئەخمەت ئىبنى ئەلھۇسەيىن ئىبنى ئەلى ئەلبەيھەقىي: «ئەسسۇنەنۇل كۇبرا»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد ئابدۇلقادىر ئاتا، 2- باسما، بەيرۇت، دارۇلكۇتۇبىل ئىلمىيە، 2003- يىلى.
- بەخرىيە ئۈچوك: «ئىسلام تارىخى: ئەمەۋىلەر- ئاببارسىلەر»، ئەنقەرە، سەۋىنچ مەتباسى، 1979- يىلى.
- جون مان: «چىڭگىزخان: ياشامى ئۆلۈمى ۋە يەنىدەن دىرىلىشى»، تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان: ئىسمايىل تۇنچەلىي، ئىستانبۇل، نوقتا كىتاب، 2004- يىلى.
- جىين پائول روكىس: «ئوتتۇرا ئاسىيا: تارىخ ۋە ئۇيغارلىق»، تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان: لالە ئارسلان، ئىستانبۇل،كابالجى يايىن ئەۋى، 2001- يىلى.
- سۇلايمان سىررى تەرزى ئوغلى: «ئۇلۇسلار ئاراسى ھوقۇقتا ئازىلىقلار ۋە ئانا دىلدە ئەيتىم ھەققىي»، ئەنقەرە، ئالىپ يايىن ئەۋى،2007-يىلى.
- يۇسۇپ ئەلقارداۋى: «فى فىقھىل ئەقەللىياتىل مۇسلىمە»، 3- باسما،قاھىرە، دارۇششۇرۇق.
- شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى بىيە: «سەنائەتۇل فەتۋا ۋە فىقھۇل ئەقەللىيات»، جىددە، دارۇلمىنھاج، 2007-يىلى.

- مۇھەممەد ئەمىن ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئەددىمەشقي: **«ھاشىيەتۇ ئىبنى ئابىدىن»**، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئادىل ئەخمەد ئابدۇلمەۋجۇت ۋە ئەلى مۇھەممەد مۇئاۋۋىز، رىياد، دارۇ ئالەمىل كۇتۇپ، 2003-يىلى.
- ئوبۇلقاسىم مۇھەممەد ئىبنى ئەخمەد ئىبنى جۇزەي ئەلكەلەبىي ئەلغىرناتىي ئەلمالىكىي: **«ئەلقاۋانىنۇل فىقھىيە»**، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد ئىبنى سەيدى مۇھەممەد مەۋلاي.
- شەمسۇددىن مۇھەممەد ئىبنى خاتىپ ئەششىربىنە: **«مۇغنىل مۇھتاج ئىلا مەئرىفەتىي مەئانى ئەلفازىل منهاج »**، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد خەلىل ئىيتانىي، بەيرۇت، دارۇلمەئرىفە، 1997-يىلى.
- كامالۇددىن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھىد ئىبنى ئابدۇلخەمىد ئىبنى ھۇمام: **«شەرھۇ فەتھىل قەدىر»**، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇررازاق غالىپ ئەلمەھدى، بەيرۇت، دارۇلكۇتۇبىل ئىلمىيە، 2003-يىلى.
- ئەبۇئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇراخمان رۇئەينى خەتتاپ ئەلمەغرەبىي، **«مەۋاھىبۇل جەلىل لى شەرھى مۇختەسەرى خەلىل»**، نەشرگە تەييارلىغۇچى: زەكەرىيا ئۇمەيرات، بەيرۇت، دارۇلكۇتۇبىل ئىلمىيە، 1995-يىلى.
- تاھا جابىر ئەلئەلۋانىي: **«ئازىنلىق فىقھىنا گىرىش» ماقالە، تۈركچىگە تەرجىمە قىلغۇچى: ھاجى مەھمەد گۇناي،«ئۇلۇس دەرگىسى»**، 1- سانى، ئىستانبۇل، 2004- يىلى.
- ئوسمان غازى ئۆزگۇدەنلى: **«مۇگغۇللار» ماقالە، «دىيانەت ئىسلام ئانسكلوپەدىسى»**، ئەنقەرە،2005- يىلى،30- توم.
- فەرىدۇن ئەمەجەن ۋە كامال بەيدىللى: **«ئوسمانىلار» ماقالە، «دىيانەت ئىسلام ئانسكلوپەدىسى»**،ئەنقەرە،2007- يىلى، 33- توم.

- ئەبۇمۇھەممەد مۇۋەففەقەددىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد ئىبنى قۇدامە: «ئەلمۇغنى»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇل مۇھسىن تۈركىي ۋە ئابدۇلفەتتاھ مۇھەممەد ئەلخۇلۇۋ،3- باسما، رىياد، دارۇ ئالەمىل كۇتۇب، 1997-يىلى.
- ئەنەس ئىبنى مالىك: «ئەلمۇۋاتتا»، رىۋايىتى يەھيا ئىبنى يەھيا ئەلمەسمۇدىي، بەيرۇت دارۇ ئىھيائىت تۇراسىل ئەرەبى، 1989-يىلى.
- سولايمان ئىبنى ئەشئاس ئەلئەزدى ئەسسىجىستانى ئەبو داۋۇد: «سۈنەنۇ ئەبى داۋۇد» نەشرگە تەييارلىغۇچى: موھەممەد ئەۋۋان، دارۇلقىبلە لىس سەقاپەتىل ئىسلامىيە جىددە، 1998- يىلى.
- شەيخۇل ئىسلام تەقىييۇددىن ئەخمەد ئەلھەرراني ئىبنى تەيمىيە: «مەجمۇئەتۇلفەتاۋا»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئامىرجازار ۋە ئەنۋەرباز، 3- باسما، مەنسۇرە، دارۇلۋافا، 2005-يىلى.
- ئابدۇسالام ئىبنى سائىت تەنۇھى سەھنۇن: «ئەلمۇدەۋۋەنەتول كۇبرا»، قاھىرە، مەتبەئەتۇس سائادە، 1905-يىلى.
- شەمشۇددىن ئەششەيخ مۇھەممەد ئۇرفە ئەددۇسۇقي: «ھاشىيەتۇددۇسۇقي ئەلا شەرھىل كەبىر»، قاھىرە، دارۇ ئىھيائىل كۇتۇبىل ئەرەبىيە.
- ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى يەزىد ئەلقەزۋىني ئىبنى ماجە: «سۈنەنۇ ئىبنى ماجە»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد ناسىرۇددىن ئەلبانىي، رىياد، مەكتەبەتۇل مائارىپ.
- مۇھەممەد ئىبنى ئەيسا ئىبنى سەۋرە تىرمىزىي: «سۈنەنۇت تىرمىزىي»، نەشرگە تەييار قىلغۇچى: ئەبۇ ئۇبەيد مەشھۇر ئىبنى ھەسەن ئەسسالمان، رىياد، مەكتەبەتۇل مائارىپ.
- ئەبۇزەكەرىيا مۇھيىددىن يەھيا ئىبنى شەرەف ئىبنى نۇرى ئەننەۋۋي: «ئەلمەجمۇ شەرھۇل مۇھەززەب لىششىرازىي»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد نەجىب مۇتىئي، جىددە، مەكتەبەتۇل ئىرشاد.
- مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەلئۇسەيمىن: «مەجمۇئۇ فەتاۋا ۋە راسائىل»، توپلىغۇچى: فەھد ئىبنى ناسىر ئىبنى ئىبراھىم ئەسسۇلەيمان، رىياد، دارۇس سۇرەييا، 2003-يىلى.
- ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئەششەۋكانى: «ئەسسەيلۇل جەررار»، دارۇ ئىبنى ھەزم، 2004-يىلى.
- ئەبۇمۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەخمەد ئىبنى سەئىت ئىبنى ھەزم ئەززاھىري: «ئەلمۇھەللا»، نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەخمەد مۇھەممەد شاكىر، قاھىرە، ئىداراتۇت تىبائاتىل مۇنىرىيە.

# ئىسلام پۇل مۇئامىلىسى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

دوتسېنت، دوكتور بۇرھان سەيتى

[ئىستانبۇل ساباھەتتىن زائىم ئۇنىۋېرسىتېتى ئىسلام ئىقتىسادى ۋە پۇل مۇئامىلە بۆلۈمى ئوقۇتقۇچىسى.]

**Doç. Dr. Buerhan SAITI**

*[Sabahattin Zaim Üniversitesi İşletme ve Yönetim Bilimleri Fakültesi]*

## قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ ماقالىمىزدە ئىسلامدىكى پۇل مۇئامىلە ئۇقۇمى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشۇپ چىقىمىز. بولۇپمۇ غەرب پۇل مۇئامىلىسى بىلەن ئىسلام پۇل مۇئامىلىسىنىڭ ماكرو ۋە مىكرو جەھەتتىكى پەرقلىرىنى مىساللار بىلەن تونۇشتۇرىمىز. شۇنداقلا ئىسلام بانكىچىلىقىنىڭ ئامانەت ۋە مالىيە تۈرلىرى بىلەن بىر-بىرلەپ تونۇشۇپ، ئىسلامچە توختامنامىلەرنىڭ رولى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز. ئەڭ ئاخىردا ئىسلامي پاي چېكىنىڭ ئالاھىدىلىكى، فۇنكسىيەسى ۋە قۇرۇلمىلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

ئاساسلىق سۆزلۈك: ئىسلام پۇل مۇئامىلىسى، ئىسلام بانكىچىلىقى، ئىسلامچە پاي چەك.

**Abstract**

This paper aims to introduce the basic concepts in Islamic banking. Especially. The macro and micro differences between conventional and Islamic finance are examined with appropriate examples. By doing so, the special features of Islamic finance are explained. After that, this paper will explain the deposit and financing products and services of Islamic banks where the role of Islamic contracts is highlighted.

## 1. تونۇشتۇرۇش

ئىسلام ئىقتىسادى ئۇقۇمى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تېخىچە ناتونۇش ھالىتىدە تۇرماقتا ياكى بولمىسا بىز ئىسلام ئىقتىسادى ئۇقۇمى بىلەن ئىسلام پۇل مۇئامىلىسىنى بىر ئۇقۇم دەپ قارايمىز. مەلۇم دەرىجىدىن قارىغاندا ئىككىسى ئوخشاشتەك بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام ئىقتىسادى سودا، پۇل مۇئامىلە، بوغالتىرلىق، مەبلەغ سېلىش قاتارلىق پەنلەرنىڭ ئانىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ئىسلام پۇل مۇئامىلىسى ئىسلام ئىقتىساد ئىلمىگە تەۋە بولغان بىر پەن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بىز بۇ يەردە توختالماقچى بولغان مەزمۇن ئىسلام پۇل مۇئامىلىسىدىن ئىبارەت.

ئالدى بىلەن ئىسلام پۇل مۇئامىلىسىنىڭ ئىسلامنىڭ قايسى شاخچىسىگە تەۋە ئىكەنلىكى بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى. ئەلۋەتتە ئىسلام پۇل مۇئامىلىسىنىڭ ئاساسى شەرىئەتتىن ئىبارەت. ئېتىقادىمىز نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئىسلام دىنى ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئىنسانلارغا يەتكۈزگەن دىندۇر. ئىسلام دىنى قانداق قىلغاندا مۇسۇلمانلارنىڭ جۈملىدىن شەخسلەرنىڭ، ئائىلىلەرنىڭ، جەمئىيەتنىڭ، دۆلەتنىڭ ۋە شۇنداقلا ئىسلام ئۈممەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆگىتىدۇ.

1-گىرافىك بىزگە مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا كۆز قارىشى شۇنداقلا ئىسلام پۇل مۇئامىلىسىگە تۇتقان پوزىتسىيەسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ گىرافىكتىن شۇنى كۆرۈۋالايمىزكى، ئىسلام ئەقىدە، شەرىئەت ۋە ئەخلاقتىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم تۈرگە بۆلىنىدۇ. ئەقىدە بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمان ۋە ئېتىقاد مەسىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، ئاللاھنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا ئىشىنىش، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش قاتارلىقلار. شەرىئەت قانۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشۇ ئىمان ۋە ئېتىقاد رامكىسى ئاساسىدا ھاياتلىق داۋامىدىكى ئەمەلىي پائالىيەتلىرىنى قانداق ئېلىپ بېرىشنى ئۆگىتىدۇ. ئەخلاق بولسا مۇشۇ ئەمەلىي پائالىيەتلەرنى توغرا ھەرىكەت، توغرا پوزىتسىيە ۋە ئەخلاق مىزانلىرى بىلەن ئورۇنداشنى تەلەپ قىلىدۇ. دېمەك ئەقىدە، شەرىئەت قانۇنى ۋە ئەخلاق بىر-بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ.

By this way, the readers are able to understand how the Islamic banks utilise the Islamic contracts in their operations. Last but not the least, the special features, functions and structures of Islamic stock indices are examined in the last section.

*Keywords:* Islamic Finance, Islamic Banking, Islamic contracts, Islamic stocks.

ئىسلامچە ياشاش ئۇسۇلى ۋە پرىنسىپلىرى بويىچە، ئىسلام ئۆزىنىڭ ئەھكاملىرىنى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ قائىدە-تۈزۈم ۋە پرىنسىپلىرىنى مۇسۇلمانلارغا ئۆگىتىدۇ. بۇ قانۇنلار ۋە قىممەت-قاراشلار ئىنسانلار تەرىپىدىن يارىتىلغان بولماستىن، بەلكى ئاللاھ تەرىپىدىن بۇيرۇلغان بولىدۇ. بىز بۇلارنى شەرىئەتنىڭ بىرلەمچى مەنبەسى بولغان قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ئېرىشىمىز . ئۇنىڭدىن باشقا ئىجمائ، قىياس، ئىستىھسان، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى، ئىجتىھاد ۋە ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق ئىسلامنىڭ ئىككىلەمچى مەنبەلىرى بار بولۇپ، بۇ يەردە بۇ ھەقتە توختالمايمىز. بانكا ۋە پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى ئۆزىنىڭ مۇئامىلە سىستېمىسىنىڭ بىر ھۆجەيرىسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن، بىز ئۇنىڭغا شەرىئەت قانۇنىنىڭ مۇئامىلىگە تۇتقان قانۇنلىرى بويىچە ئىش تۇتىمىز.

## 2. ئىسلام پۇل مۇئامىلىسى بىلەن غەرب پۇل مۇئامىلىسىنىڭ پەرقى

بىز ئىسلام پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى بىلەن تونۇشۇپ چىقتۇق. ئۇنداقتا ئىسلام پۇل مۇئامىلىسى بىلەن غەرب مالىيەسىنىڭ قانداق ئوخشىماسلىقلىرى بار؟ باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام پۇل مۇئامىلىسىنىڭ قانداق ئەۋزەللىكلىرى بار؟

ئىسلام پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى نوقۇل ھالدا ئىسلام بانكىچىلىقى بولۇپلا قالماستىن، ئىسلام كاپىتال بازىرى، ئىسلام پۇل بازىرى، ئىسلام پاي چېكى بازىرى، ئىسلام زايومى، ئىسلام سۇغۇرتىسى قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مالىيە سىستېمىسىدىن ئىبارەت.

ماكرو جەھەتتىن قىلىپ ئېيتقاندا، غەرب مالىيەسى قەرز ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ. بۇ قەرز سىستېمىسى شەخسلەرنىلا ئەمەس بىر جەمئىيەتنى ھەتتا بىر دۆلەتنى قەرزگە بوغۇپ قويىدۇ. دېمەك، بىر تەرەپ، يەنى قەرز بەرگۈچى تەرەپ يەنە بىر تەرەپتىن، يەنى قەرز ئالغۇچى تەرەپتىن ھېچقانداق مېھنەتسىزلا قىممەت يارىتىدۇ. قەرز بەرگۈچى بىلەن قەرز ئالغۇچى ئوتتۇرىسىدا پەقەت ۋە پەقەت بىرلا توختام مەۋجۇت بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ قەرز توختامنامىسى. ئەلۋەتتە قەرز توختامنامىسى ئۆسۈم(رىبا) ئاساسىدا قۇرۇلىدۇ. دېمەكچى ئۆسۈمدىن ئىبارەت مۇسۇلمانلارغا ھارام بولغان بىر خىل ۋاستە ئارقىلىق قىممەت يارىتىدۇ. يەنە

شەرىئەت قانۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ئاساستا ئىبادەت ۋە مۇئامىلە ئىلمىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ. ئىبادەت بولسا ئىنسانلارنىڭ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشى يەنى ياراتقۇچى بىلەن يارالغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئاللاھنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج تاۋاپ قىلىش قاتارلىقلار. مۇئامىلە ئىلمى بولسا ئىنسانلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشنى يەنى ئىنسانلار بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىدۇ. مەسىلەن: ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە جەمئىيەت مەسىلىلىرىگە ئوخشاش. ئىقتىساد مەسىلىلىرى ئۆزىنىڭ ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى ئاساسلىق بىر مۇئامىلە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىقتىساد سىستېمىسىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بانكا ۋە مالىيە ئىلمى دەل مۇشۇ ئىقتىساد سىستېمىسىغا تەۋە. شۇڭلاشقا ئىسلامچە ياشاش ئۇسۇلى ۋە شەرىئەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ بانكا ۋە مالىيە مۇئامىلىرىنى ئىقتىساد سىستېمىسىغا باغلايدۇ، مۇئامىلە ئىلمىگە باغلايدۇ، شەرىئەت ئىلمىگە باغلايدۇ، ئىسلامغا باغلايدۇ ۋە ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئاللاھقا باغلايدۇ. مانا بۇ ئىسلام پۇل مۇئامىلىسىنىڭ يىلتىزى.

1-گىرافىك: پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى



ئايرىلىدۇ. سودا-سېتىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مەن 100 سوملۇق نەرسىنى توپ باھادا ئېلىپ، پارچە ساتىمەن. ئالغان نەرسىدىن پايدا ئېلىشىممۇ مۇمكىن، زىيان تارتىشىممۇ مۇمكىن، دېمەك پۇل پەقەت ۋە پەقەت بىر ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى خالاس.

جەمئىيەت پاراۋانلىقى نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا، ئىسلام پۇل مۇئامىلىسى جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىنىڭ تەڭ گۈللەپ ياشنىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ھازىرقى غەرب بانكىلىرى پەقەت جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدۇ. مىسال ئۈچۈن ئېيتساق، بىر باي شىركەت بىلەن بىر نامرات شىركەت غەرب بانكىلىرىنىڭ ناھەقسىزلىكىگە ئۇچرايدۇ. باي شىركەتلەر ئاسانلا بانكىلاردىن قەرز ئالالايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بايلار بايلىشىۋېرىدۇ، نامراتلار نامرات پېتى قېلىۋېرىدۇ. شۇڭا ئىسلام پۇل مۇئامىلىسى جەمئىيەت پاراۋانلىقى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

بايلىق تەقسىملەش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئىسلام پۇل مۇئامىلىسى بايلىقلارنى تەقسىملەپلا قالماستىن، بايلىقلارنى يەنە زاكات، سەدىقە، پۇل ۋەقفىسى، مىراس قانۇنى قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن قايتا تەقسىملەيدۇ. شۇنداق بولغاندا زاكات ۋە ۋەقفە ئارقىلىق قۇرۇلغان دوختۇرخانىلار، مەكتەپلەر بارلىققا كېلىپ، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلاملىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ۋە جەمئىيەت پاراۋانلىقى ئېشىپ بارىدۇ. شۇڭا بايلىقلارنى قايتا تەقسىملەش ئىسلام پۇل مۇئامىلىسىنىڭ يەنە بىر ئەۋزەللىكى ھېسابلىنىدۇ.

مالىيە سىستېمىسىنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەكشۈرۈلۈكى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، غەرب مالىيەسى پەقەت پايدىغا ئېرىشىشنى كۆزلەپلا، مالىيە سىستېمىسىنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەكشۈرۈلۈكى بىلەن كارى بولمايدۇ. مەسىلەن، 1998-يىلىدىكى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا مالىيە كرىزىسى، 2007- ۋە 2008- يىللاردىكى ئامېرىكا مالىيە كرىزىسى قاتارلىقلار غەرب مالىيە سىستېمىسىنىڭ ئاچكۆزلۈكى، مالىيە سىستېمىسىدىكى ئالدامچىلىقى ۋە ئويۇنلىرى ئارقىلىق مەيدانغا چىققان كرىزىسلاردۇر. يەنى ئۆزىنىڭ ھىيلە-نەيرەڭلىرى ئارقىلىق، مالىيە سىستېمىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، يەرشارى بايلىقلىرىنىڭ تەقسىملىنىشىنىڭ تەكشۈرسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىسلام پۇل مۇئامىلىسى بولسا، مالىيە سىستېمىسى بىلەن ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پەرقىنى بەك زور قىلىۋەتمەي، مالىيە سىستېمىسىنى

بىر نۇقتىدىن، يەنى پۇلنىڭ غەرب سىستېمىسىدىكى ئورنىدىن قارىغاندا، پۇل مۈلۈك ئورنىدا سانىلىدۇ. دېمەكچى پۇلنى پۇلغا ساتىدۇ. ئالايلۇق، مەن سىزگە 100 سومنى 110 سومغا ساتتىم. سىز ماڭا مەلۇم بىر ۋاقىتتىن كېيىن 110 سوم قايتۇرىسىز. مەن مېھنەتسىزلا پەقەت قەرز بېرىپ تۇرۇش، يەنى پۇلنىڭ ۋاقىت قىممىتى ئارقىلىقلا 10 سوم پايدا تاپتىم. مانا بۇ غەرب مالىيەسىنىڭ قىممەت يارىتىش ئۇسۇلى.

ئۇندافتا ئىسلام پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى قانداق بولىدۇ؟ ئىسلام پۇل مۇئامىلىسى شەخسلەرنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىشىغا قارشى تۇرىدۇ. ئىسلام پۇل مۇئامىلىسى ھەمكارلىق، شېرىكچىلىك ۋە پايدا-زىيىنىغا تەڭ تۇرۇش پرىنسىپلىرى بىلەن قەرز ۋە قەرزگە بوغۇلغان جەمئىيەت سىستېمىسىغا قارشى تۇرىدۇ. قەرز توختامنامىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەمكارلىق توختامنامىسى، سودا-سېتىق توختامنامىسى، مۇلازىمەت توختاملىرى ئارقىلىق قىممەت يارىتىدۇ. 1-جەدۋەلدىن ئىسلامدىكى توختامنامىلەرنى كۆرۈۋالايمىز:

| توختامنامە | توختامنامە تۈرلىرى |
|---|---|
| مۇزارەبەت، شېرىكچىلىك | ھەمكارلىق توختاملىرى |
| مۇرابەھەت، مۇساۋەمەت، تەۋەررۇق، ئىنا، سالام مالىيەسى، ئىستىسنا مالىيەسى قاتارلىقلار | سودا-سېتىق توختاملىرى |
| ھاۋالە، كاپالەت، ۋاكالەت، ئىجارە قاتارلىقلار | مۇلازىمەت توختاملىرى |

ئۇندافتا پۇلنىڭ ئىسلام پۇل مۇئامىلىسىدىكى ئورنىغا قاراپ باقايلى، پۇل ئىسلام پۇل مۇئامىلىسىدە مۈلۈك ئورنىغا قويۇلماستىن، بەلكى ئالماشتۇرۇشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. پۇل پۇلغا سېتىلمايدۇ. پۇل پەقەت ئالماشتۇرۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىنىدۇ. ھەمكارلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مەن سىزگە 100 سوم پۇل بېرىپ تۇرسام، سىز ئالدى بىلەن سودا-سېتىق قىلىسىز، سىز سودىنى تاماملىغاندىن كېيىن ئەمەلىي پايدا-زىيانغا ئاساسەن پايدا-زىيان

قوشلارنى سېتىش، تۇغۇلمىغان ھايۋانلارنىڭ بالىسىنى، سۇدىكى بېلىقلارنى، پىشمىغان مېۋە-چېۋىلەرنى سېتىش قاتارلىقلار. شۇڭا ئىسلام پۇل مۇئامىلىسىمۇ ئاقىۋىتى ئېنىق بولمىغان ۋە خەتەرلىك تۈرلەرگە مەبلەغ سېلىشقا قارشى تۇرىدۇ. شۇنداقلا تۈزۈلگەن توختاملارنىڭ ئوچۇق ۋە ئېنىق بولۇشىنى تەكىتلەيدۇ؛

ئۈچىنچى: قىمارغا ۋە قىمار شەكلىدىكى شۇنداقلا ھايانكەشلىك شەكلىدىكى مەبلەغ سېلىشقا قارشى تۇرىدۇ. ھايانكەشلىك، قىمار شەكلى، بىر تەرەپنىڭ پايدىسى ئۈچۈن پاي چەك قىممىتىنىڭ توقۇلۇپ چىقىرىلىشى، ئۈچۈر تەكشۈرۈكسىزلىقى قاتارلىق شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئىشلار ئەۋج ئالىدۇ. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش چەكلەنگەن ئىشلار تۈپەيلى ئىسلام مالىيە سىستېمىسى روياپقا چىقىدۇ. بىر تەرەپكە پايدىلىق، يەنە بىر تەرەپكە پايدىسىز بولغان ئۈچۈرلار، نەزەرىيە بويىچە، ئىسلام مالىيە سىستېمىسىدا مەيدانغا چىقمايدۇ. ھايانكەش پاي چەكچىلەر «قىسقا مۇددەت سېتىش ئۇسۇلى» بىلەن پاي چەك ئالماشتۇرمايدۇ. مۇسۇلمانلارنى ئىسلام شېرىكچىلىك توختاملىرى ئارقىلىق، پۇل تەمىنلىگۈچى بىلەن كۈچ ئىگىسىنىڭ پايدا-زىيانغا تەڭ مەسئۇل بولغان ھالدا، ھەقىقىي بايلىق يارىتىشقا چاقىرىدۇ؛

تۆتىنچى: پايدا ۋە زىياننى تەڭ ئۈستىگە ئېلىش ئىسلام پۇل مۇئامىلىسىنىڭ يۈرىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئاساسەن مۇزارەبەت ۋە شېرىكچىلىكنى ئاساس قىلغان توختامنامىلەردە ئۆز مەناسىنى تاپىدۇ. ئەلۋەتتە قەرز ۋە سودا-سېتىقنى ئاساس قىلغان سودا مۇئامىلىلىرىدە ئالغان قەرز ۋە نېسى قەرزلەر قەرەلى بىلەن تولۇق قايتۇرۇلىدۇ؛

بەشىنچى: ئىسلام پۇل مۇئامىلىسىدىكى بارلىق مەشغۇلاتلار مەلۇم بىر تاۋارنى ياكى مەھسۇلاتنى ئالماشتۇرۇش ئاساسى قىلىشى كېرەك. دېمەكچى، ھېچقانداق تەرلىمەيلا پۇلنى پۇلغا سېتىپ پۇل تاپىدىغان، پۇلنى تاۋار ئورنىدا قويۇپ قىممەت يارىتىدىغان سىستېما ئەمەس. پۇلنىڭ ئىسلام پۇل مۇئامىلىسىدىكى ئورنى پەقەت ۋە پەقەت ئالماشتۇرۇش ۋاستىسىدىن ئىبارەت؛

ئالتىنچى: ھەممىزگە ئومۇمىي ساۋات بولغىنىغا ئوخشاش، ئىسلام پۇل مۇئامىلىسى ھاراق، تاماكا، قورال-ياراق، چوشقا گۆشى ۋە مەھسۇلاتلىرى، ئومۇمەن، ئىسلام دىنى قارشى تۇرىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى ئىشلەپ

ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىشقا باغلاپ، مالىيە كۆپىكىنى ئازايتىدۇ. باشقىچە قىلى ئېيتقاندا، مالىيە سىستېمىسى ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ مۇشۇنداق بولغاندا، مالىيە سىستېمىسى مۇقىم ۋە تەڭپۇڭ ھالىتىنى ساقلايدۇ.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ماكرو جەھەتتىن غەرب مالىيەسى قەرز ئاساسى قۇرۇلۇپ، پۇلنى مۈلۈك دەپ قاراپ، ئۆسۈم ۋاستىسى بىلەن، زىياننى ۋە خەتەرنى بىرلا تەرەپكە ئارتىپ قويۇپ، پايدىنىلا تۇرۇپ زىياننى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدىغان بىر سىستېمىنى ۋە جەمئىيەتنى شەكىللەندۈردى. ئىسلام پۇل مۇئامىلىسى بولسا ھەمكارلىق ئاساسىغا قۇرۇلۇپ، پۇلنى پەقەت ۋە پەقەت ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى ئورنىغا قويۇپ، زىيان ۋە خەتەرنى تەڭ ئۈستىگە ئالغان، ھەممە تەرەپ پايدىدىن تەڭ بەھرىلىنىدىغان، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي پاراۋانلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ۋە بايلىقلارنى قايتا تەقسىملەيدىغان، شۇنداقلا مۇقىم ۋە تەڭپۇڭ بىر سىستېما قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

ئەمدى بىز ئىسلام پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنىڭ مىكرو جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ باقايلى:

بىرىنچى: ئۆسۈم ئېلىش ۋە ئۆسۈم بېرىش قاتتىق چەكلىنىدۇ. قەرز بەرگۈچى بىلەن قەرز ئالغۇچى ئوتتۇرىسىدا ئۆسۈم نىسبىتى ئالدىنئالا بەلگىلەنگەن قەرز توختامنامىسى بولماسلىقى كېرەك. لېكىن ئىككى تەرەپ سودا ئاخىرلاشقاندا پايدا ئېلىش نىسبىتىنى ئالدىنئالا بەلگىلىسە بولىدۇ. مەسىلەن، پايدىنى 50:50 ۋە ياكى 60:40 بۆلۈشۈش دېگەندەك. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىسلام قەرزگە قارشى تۇرمايدۇ. قارشى تۇرىدىغىنى قەرزنىڭ ئۆسۈم ئارقىلىق بېرىلىشىدە. قەرز ئۆسۈمسىز ھالەتتە بېرىلىسمۇ بولىدۇ ۋە ياكى سودا-سېتىق شەكلىدە بېرىلسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، مۇرابەھە توختامنامىسى، سالام توختامنامىسى ۋە ئىستىسنا توختامنامىسى دېگەندەك؛

ئىككىنچى: غىرارغا يەنى ئېنىقسىزلىققا قارشى تۇرىدۇ. غىرار ئەرەبچە سۆز بولۇپ مەن ئۇنى «ئېنىقسىزلىق» دەپ ئالدىم. چۈنكى غىرار ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنىڭ ئېنىقسىزلىقى، توختام ئاقىۋەت ۋە نەتىجىسىنىڭ ئېنىقسىزلىقى، سېتىلىدىغان مالنىڭ يەتكۈزۈلۈشىنىڭ مەۋھۇملۇقى، توختامدىكى ئېنىقسىزلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، ئاسماندىكى ئۇچۇۋاتقان

كەسپىي نۇقتىدىن قىلىپ ئېيتقاندا، ھەر قانداق بىر بانكىنىڭ ياكى شىركەتنىڭ قەرز-مۈلۈك جەدۋىلى (Balance Sheet) بولىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭ سول تەرىپىگە سېلىنغان مەبلەغ ۋە ئېلىنغان قەرز(Liabilities and Equi-ty) خاتىرىلىنىدۇ. ئوڭ تەرەپكە بولسا شىركەتنىڭ بارلىق مال-مۈلكى (as-set) خاتىرىلىنىدۇ. ئادەتتە قەرز-مۈلۈك جەدۋىلى تۆۋەندىكى مۇنۇ تەڭلىمىنى قانائەتلاندۇرۇشى كېرەك:

مال-مۈلۈك=مەبلەغ+قەرزAsset=Liabilities+Equity

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، بانكىمۇ ئۆزى چىقارغان مەبلەغ ۋە ئامانەتچىلەرنىڭ ئامانىتىنى سول تەرەپكە خاتىرلەيدۇ، باشقىلارغا بەرگەن قەرزنى ئوڭ تەرەپكە خاتىرلەيدۇ. ئاددىي بىر مىسال بىلەن بانكىنىڭ قانداق پۇل تاپىدىغانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرەيي: ئالايلۇق: بىر بانكا ئامانەتچىلەردىن100 مىليون ئامانەت يىغدى ۋە 100 مىليون پۇلنى قەرزگە بەردى دەيلى، ئامانەتچىلەرگە%3 ئۆسۈم بەرسە بەرگەن ئۆسۈمى3 مىليون بولىدۇ. ئەگەر قەرز ئالغۇچىلاردىن%5 ئۆسۈم ئالسا ئالغان ئۆسۈمى (بىز ھازىر يەنىلا غەرب بانكىسىنىڭ قانداق پۇل تاپىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىۋاتىمىز. شۇڭا ئۆسۈم دەپ ئېلىۋاتىمەن) 5 مىليون بولىدۇ،5 مىليوندىن 3مىليوننى ئېلىۋەتسەك، بۇ دەل بانكىنىڭ تاپقان پايدىسى بولىدۇ. دېمەك، ئامانەت بولمىسا، قەرز بولمايدۇ. ئامانەت بولمىسا بانكىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا نۇرغۇن بانكىلار ئامالىنىڭ بارىچە ئامانەت يىغىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

## كرېدىت يارىتىش

خوش ئۇنداقتا، بانكىلار قانداق ئۇسۇلدا كرېدىت يارىتىدۇ؟ بۇ بانكىچىلىقتىكى ئەڭ مۇھىم بىر ھالقا. زاغرا تىل بىلەن بۇنى ئەڭ ئاسان ئۇسۇلدا چۈشەندۇرەيي: ئالايلۇق بىر بانكىنىڭ 10.000 ئامانەت قويغۇچىسى بار دەيلى، سىزگە ۋە ماڭا ئايان بولغىنىدەك، 10.000 ئامانەت قويغۇچى بىرلا ۋاقىتتا كېلىپ ئامانەت قويغان پۇلنى چىقىرىۋالمايدۇ. بەلكىم بىر قېتىمدا 100 ياكى 200 ئامانەتچى كېلىپ پۇلنى چىقىرىشى مۇمكىن. بانكا مۇشۇ 200-100 ئامانەتچىگە يەتكۇدەك پۇلنى ساقلاپ قويۇپلا (بۇ قىسمەن زاپاس ساقلاش Fractional

چىقىرىدىغان تۈرلەرگە مەبلەغ سېلىشنى چەكلەيدۇ ۋە ئىسلام بانكىلىرى مالىيە بىلەن تەمىنلىمەيدۇ؛

يەتتىنچى: ئىسلام پۇل مۇئامىلىسى توختامنامىلەردە ئىگدارچىلىق ھوقوقىنىڭ ئېنىق بولۇشىنى تەكىتلەيدۇ. دېمەكچى، ساتقۇچى تەرەپنىڭ سېتىشتىن بۇرۇن ساتماقچى بولغان تاۋارغا نىسبەتەن تولۇق ئىگدارچىلىق قىلىشى، ئىگدارچىلىق ھوقۇقى ئېنىق بولۇشى كېرەك.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئىسلام پۇل ۇئامىلىسى ئىسلامنىڭ ئەخلاق پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن، ئىسلامدىكى توختامنامە قانۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ، قەرز ئاساسىغا قۇرۇلغان غەرب پۇل مۇئامىلىسىگە، يەنى ئۇنىڭ جېنى بولغان ئۆسۈمگە، ئىسلام چەكلىگەن تۈرلەرگە مەبلەغ سېلىشقا قارشى تۇرۇپ، ئىسلام پۇل مۇئامىلىسىنىڭ يۈرىكى بولغان پايدا-زىياننى تەڭ ئۈستىگە ئېلىش، ئىگدارچىلىق ھوقوقى ئېنىق بولۇش پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن، جەمئىيەت ۋە ئومۇمىي مەنپەئەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئادىل ۋە توغرا بىر مالىيە سىستېمىسى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ.

### 3. ئىسلام بانكىچىلىقى ئۇقۇمى

#### 3.1 بانكا ئۇقۇمى

بىز ئاۋۋال بانكا ئۇقۇمى بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى. بانكا قانداق پۇل تاپىدۇ؟ جىق مەبلەغ سېلىپ پۇل تاپامدۇ ياكى ئاز مەبلەغ بىلەن پۇل تاپامدۇ؟ ئەمەلىيەتتە بانكىنىڭ چىقارغان مەبلىغى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. بانكىنىڭ مەبلىغىنىڭ 90%-85 ى ئامانەتچىلەردىن كېلىدۇ. ئۇ بىر قۇرۇق قول ۋاكالەتچىگە ئوخشايدۇ. ئۇ ئامانەتچىلەرنىڭ ئېشىنچا پۇلنى ئۆتنىگە ئېلىپ قەرزگە ئېھتىياجلىق بولغانلارغا قەرز بېرىدۇ. ئامانەت قويغۇچىلارغا ئۆسۈم بېرىدۇ ۋە قەرز ئالغۇچىلاردىن ئۆسۈم ئالىدۇ .ئۆسۈمنى ئېلىپ ئۆسۈم بېرىۋەتسە ئۇنداقتا بانكا قانداق پۇل تاپىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە بانكا قەرز ئالغۇچىلاردىن يۇقىرى نىسبەتتە ئېلىپ، ئامانەتچىلەرگە تۆۋەن نىسبەتتە ئۆسۈم بېرىدۇ. مانا بۇ نىسبەت پەرقى دەل بانكىنىڭ پايدىسى. بانكا پايدىسى=ئامانەت نىسبىتى - قەرز ئۆسۈم نىسبىتى

ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشنى ھالال بىلىپ: سودا-سېتىق جازانىگە ئوخشاش (جازانە نېمىشقا ھارام بولىدۇ؟) دېدى. ئاللاھ سودا-سېتىقنى ھالال قىلدى، جازانىنى )بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن) ھارام قىلدى. كىمكى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ۋەز-نەسىھەت كەلگەندىن كېيىن يانسا، بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىشى ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ) يەنى ئاللاھ خالىسا ئۇنى كەچۈرىدۇ، خالىسا جازالايدۇ( قايتا جازانە قىلغانلار ئەھلى دوزاخ بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ).

بۇ ئايەتنىڭ روھىغا ئاساسەن، سودا-سېتىق ھالال قىلىنغان، جازانە بولسا ھارام قىلىنغان. بۇنىڭغا ئاساسەن ئەگەر ئىسلام بانكىلىرى سودا-سېتىق ئاساسىدا، ئىسلام توختامنامىلىرىدىن پايدىلىنىپ پايدا تاپسا ھالال ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇنى ئېنىق ئېيتىش لازىمكى:

1. غەرب بانكىلىرى پۇل ئارقىلىق پۇل تاپىدۇ. غەرب بانكىلىرى پۇلنى كاپىتال، مال-مۈلۈك )مەبلەغ) ھېسابلايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا پۇلنى پۇلغا سېتىش ئارقىلىپ پۇل تاپىدۇ. مەسىلەن، مەن ساڭا 100- سوم پۇل بەردىم، ماڭا110 سوم قايتۇرىسەن دەپ.

2. غەرب بانكىسىنىڭ ئامانەتچىلىرى بانكا ۋەيران بولامدۇ، پايدا ئالامدۇ بۇنىڭ بىلەن كارى يوق. ئۇلار ئالدىنئالا بېكىتىلگەن ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ئۆسۈم ئالىدۇ. بانكىنىڭ ئۆلۈش-تىرىلىشى بىلەن كارى بولمايدۇ. بۇنى خەتەرنى باشقىلارغا ئارتىپ قويۇش دەيمىز.

3. غەرب بانكىلىرىدا، ئۆسۈم ئالدىنئالا بېكىتىلگەن بولىدۇ. تاپمىغان پۇلنى ئالدىنئالا بېكىتىپ قويىدۇ. ئالدىنئالا بېكىتىلسە ھارام بولىدۇ.

ئىسلام بانكىلىرى بولسا:

1. پۇلنى ئالماشتۇرۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىپ تۇرۇپ، سودا-سېتىق ئاساسىدا پۇل تاپىدۇ. پۇلنى پۇل ئارقىلىق تاپمايدۇ. دېمەكچى پۇلنى پۇلغا ساتمايدۇ. مەسىلەن: ئۇلار 100 سومغا بىر نەرسە سېتىۋېلىپ سىزگە 110 سومغا ساتىدۇ. دېمەك، سودا-سېتىق ئاساسىدا قىممەت يارىتىلىدۇ.

(Reserve Banking دەپ ئاتىلىدۇ( قالغان پۇلنى قەرزگە بېرىۋېتىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئامانەتچىلەرنىڭ %10-15 پۇلنى ساقلاپ قېلىپلا، قالغان-85 %90 ئامانەت پۇلنى قەرز ئالغۇچىلارغا بېرىۋېتىدۇ. يەنە بىر بانكىمۇ ئوخشاشلا قىسمەن ساقلاپ قويۇپلا قالغىنىنى قەرزگە بېرىۋېتىدۇ. يەنە بىر بانكىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە كىرېدىت يارىتىلىدۇ.

مەسىلەن: سىز 100 مىڭ سوم پۇلنى بانكىغا قويدىڭىز دەيلى، سىز ئامانەت قويغان بانكا %10 نى ساقلاپ قويۇپلا قالغان 90 مىڭنى قەرزگە بېرىۋېتىدۇ. يەنە بىر بانكىمۇ 90 مىڭنى ئامانەت ئېلىپ، يەنە %10 ساقلاپ قېلىپ، قالغان 81 مىڭنى قەرزگە بېرىدۇ. يەنە بىر بانكىمۇ بۇنى ئامانەت ئېلىپ %10 ساقلاپ قېلىپلا، قالغان 72.900 نى قەرزگە بېرىدۇ.

مۇشۇنداق داۋاملىشىش ئارقىلىق، بۇ پۇل كىرېدىت يارىتىدۇ. بۇنى فورمىلا ئارقىلىق ھېسابلىماق بەكمۇ ئاسان:

جەمئىي يارىتىلغان كىرېدىت= قىسمەن ساقلانغان زاپاس پۇل پىرسەنتى/ ئەسلىدىكى ئامانەت

مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، سىز ياراتقان كىرېدىتنى ھېسابلاپ باقايلى:

سىز 100 مىڭ سوم ئامانەت قويسىڭىز، ئەگەر زاپاس پۇل پىرسەنتى %10 بولسا، سىز ياراتقان كىرېدىت بىر مىليون بولىدۇ. دېمەك سىز 100 مىڭ سوم پۇلىڭىز ئارقىلىق، بانكىلارغا ياردەملىشىپ بىر مىليون كىرېدىت يارىتىسىز. بۇنىڭدىن چوقۇم ھەيران قالدىڭىز ۋە نېمىلەرنى ھېس قىلدىڭىز؟ قالغىنىنى كۆپچىلىككە قويدۇم.

## 3.2 ئىسلام بانكىچىلىقى

خوش، ئىسلامدا ئۆسۈم ئېلىش ۋە بېرىش چەكلەنگەن، ئۇنداقتا ئىسلام بانكىسىدا قانداق شەكىلدە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلىدۇ؟ بەقەرە سۈرىسىنىڭ 275-ئايىتىنىڭ مەنىسى:

(جازانە، ئۆسۈم يېگەن ئادەملەر (قىيامەت كۈنى گۆرلىرىدىن) جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ . بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار

ئۈچى بار تەرەپ كۆچىنى ۋە ئەقلىنى چىقىرىدۇ. ئەگەر سودىدا پايدا كۆرۈلسە ئىككى تەرەپ ئۆزلىرى كېلىشكەن نىسبەت بويىچە بۆلۈشىدۇ. ئەگەر زىيان چىقسا، پۇل ئىگىسى ئىگە بولىدۇ. بۇ مۇزارەبەت توختامىنامىسى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن خەدىچە ئانىمىز ئوتتۇرىدىمۇ بولغان. خەدىچە ئانىمىز باي، پۇلى بار ئايال ئىدى. لېكىن پەيغەمبىرىمىزدە ئىقتىساد يوق ئىدى. شۇڭا خەدىچە ئانىمىز پۇل چىقارسا، پەيغەمبىرىمىز كۆچ چىقىرىپ سودا قىلغان. تاپقان پايدىنى تەڭ بۆلۈشكەن. مانا بۇ ئاددىيغىنە مۇزارەبەت توختامىنامىسى. مۇشۇ توختامنامە بويىچە ئامانەتچىلەر پۇل ئىگىسى، بانكا بولسا كۆچ ئىگىسى بولىدۇ. بۇ توختامنامىدە ئامانەتچىلەر مەبلەغ سالغان پۇلمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلىنمايدۇ. پايدىمۇ بېكىتىلمەيدۇ. (قىسقىچە ئىزاھات: مالايسىيادىكى ئىسلام بانكىسى قۇرۇلغان ۋاقىتتىن باشلاپ، تاكى ھازىرغىچە بۇ ئامانەت تۈرىنىڭ ئامانىتى قوغدىلىپ كەلگەن. مەبلەغ سالغان پۇل قوغدىلىدۇ. ئامانەتچىلەرنىڭ پۇلى زىيانغا ئۇچرىمايدۇ دېمەكچى. دېمىسمۇ، ئەگەر ئىسلام بانكىسى يېڭى قۇرۇلۇپلا، سېنىڭ ئامانىتىڭ قوغدالمايدۇ، زىياننى تەڭ ئۈستىگە ئالىسەن دېسە، ھېچكىم ئامانەت قويمايدۇ-دە. لېكىن 2013-يىلىدىن باشلاپ، مالايسىيا ھۆكۈمىتى ئىسلام بانكىسى قانۇنى چىقىرىپ، بۇ ئامانەت 2014-يىلىدىن باشلاپ، كاپالەتكە ئىگە قىلىنمايدۇ، ئامانەتچىلەر پايدا-زىيانغا تەڭ مەسئۇل بولىدۇ دەپ قارار ماقۇللىدى. شۇڭا بۇندىن كېيىن بۇ ئامانەت تۈرى كاپالەتكە ئىگە قىلىنمايدۇ). مانا بۇ ئىسلامدىكى قەرەللىك پۇل ئامانىتى.

يىغىنچاقلىغاندا، قەرەلسىز پۇل ئامانىتى كاپالەتكە ئىگە بولۇپ، قويغان ئامانەتنىڭ تولۇق قايتۇرۇلۇشى ئۈچۈن كاپالەتلىك قىلىدۇ. بانكا پايدا تاپسا، پايدىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ. مەبلەغ سېلىش ھېساباتىدىكى پۇل (قەرەللىك ئامانەت) بولسا، كاپالەتكە ئىگە ئەمەس، بانكىنىڭ پايدا-زىيىنىغا تەڭ مەسئۇل بولىدۇ.

## پۇل بازىرى ئامانىتى

ئامانەتنىڭ جىق ئادەم بىلمەيدىغان يەنە بىر تۈرى بار. ئۇ بولسىمۇ پۇل بازىرى ئامانىتى. بۇ ئامانەت قانداق ۋاقىتتا ئىشلىتىلىدۇ ؟ ئالايلۇق، مەلۇم بىر كۈندە مەلۇم بىر بانكىدىن جىق پۇل چىقىرىۋېلىندى، بۇ ۋاقىتتا بانكا ساقلاپ قويغان پۇل يېتىشمەي قالدى. بۇ چاغدا، بانكا بۇ

2. ئىسلام بانكىسىنىڭ ئامانەتچىلىرى، پىرىنسىپ بويىچە ئېيتقاندا، بانكىنىڭ پايدا-زىيىنىغا تەڭ مەسئۇل بولىدۇ. دېمەكچى، بانكا پايدا ئالسا پايدا ئالىدۇ، زىيان تارتسا، زىيانىنىمۇ تەڭ ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ پايدا ۋە زىياننى تەڭ ئۈستىگە ئېلىش دەپ ئاتىلىدۇ.

3. ھېچقانداق بىر نىسبەت بېكىتىلمەيدۇ. پەقەتلا بانكىنىڭ پايدا-زىيىنىغا ئاساسەن پايدا ئايرىپ بېرىلىدۇ.

### ئىسلام بانكىسى ئامانەت تۈرلىرى

ئەمدى بانكىنىڭ ئامانەت تەرىپى بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى: غەرب بانكىسى بولسۇن، ياكى ئىسلام بانكىسى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئامانەت ۋە قەرز تۈرلىرىنىڭ ئىسمى ئوخشاش بولىدۇ. مەسىلەن: قەرەللىك ۋە قەرەلسىز ئامانەت، ئۆي قەرزى، ماشىنا قەرزى دېگەندەك. ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ پەرقى زادى قەيەردە ؟ ئۇلارنىڭ تۈپكى پەرقى ئىسلام بانكىلىرى قوللىنىۋاتقان ئىسلامىي توختامنامىلەر بىلەن پەرقلىنىدۇ.

### قەرەلسىز ئامانەت

ئىسلام بانكىسىمۇ ئامانەتچىلەردىن قەرەلسىز ئامانەت ئالىدۇ. بۇ ئامانەت تۈرىگە ئەرەبچىدىن كىرگەن ۋەدىيەيات-ئامانە (مەنىسى: قايتۇرۇلۇشقا كاپالەت قىلىنىدىغان ئامانەت) دېگەن توختامنامىنى ئىشلىتىلىدۇ. دېمەكچى بۇ پۇل ئامەنەتچىلەرگە قايتۇرۇلۇشىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. بانكىمۇ ھېچقانداق بىر نىسبەت ئۆلۈشى بېكىتمەيدۇ. ئامانەتچىلەرمۇ بانكىغا ساقلاش پۇلى تاپشۇرمايدۇ. ئامانەتچىلەر خالىغان ۋاقىتتا پۇلنى بانكىدىن ئالالايدۇ. ئاي ئاخىرىدا ياكى بولمىسا يىل ئاخىرىدا، بانكا ئۆزىنىڭ تاپقان پايدىسىغا ئاساسەن بۇ ئامانەت تۈرىگە مۇكاپات قىلىپ پايدا ئايرىپ بېرىدۇ. مانا بۇ ئىسلامدىكى قەرەلسىز پۇل ئامانىتى.

### قەرەللىك ئامانەت

بۇ ئامانەت تۈرى غەرب بانكىسىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. بۇ ئامانەت تۈرىگە ئىسلامچە مۇزارەبەت دەيدىغان توختامنامە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ توختامنامىدە پۇلنى پۇلى بار ئادەم چىقىرىدۇ، لېكىن سودىدا ماھىر، سودىدا

ئەمەت بۇ سودىدىن تاپقان پۇل ھالال بولىدۇ. ئەمەت بۇ كومپيۇتېرنى سەمەتكە 1200 سومغا ساتتى دەيلى، 200 سوم ئەمەتنىڭ پايدىسى بولىدۇ. مانا بۇ ئەنئەنىۋى تەۋەررۇق. ئۇنداقتا بانكىلار ئوتتۇرىسىدىكى تەۋەررۇق قانداق بولىدۇ؟ غەرب بانكىسى بولغان بولسا پۇلنى بىرپىلا بولدى قىلاتتى، شۇڭا بەرگەن پۇلغا ئۆسۈم ئالاتتى. شۇڭا ئىسلام بانكىلىرىكى تەۋەررۇق تۆۋەندىكى باسقۇچلاردىكىدەك بولىدۇ:

1. ئېشىنچا پۇلى بار بانكا مال بىلەن تەمىنلىگۈچىدىن ) ئادەتتە مالايسىيادىن پالما مېيى جىق چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن، پالما مېيىنى ئاساسلىق مال قاتارىدا ئىشلىتىدۇ) مال سېتىۋالىدۇ. مىسال ئۈچۈن بۇ بانكا بىر مىليونغا سېتىۋالدى دەيلى.

2. مال بىلەن تەمىنلىگۈچى مالنى يەتكۈزىدۇ.

3. بۇ مالنى پۇلغا ئېھتىياجلىق بانكىغا نېسىغا بېرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئېشىنچا پۇلى بار بانكا بۇ مالنى 1 مىليون 100 مىڭغا ساتتى دەيلى. ئارىيەتكە ئالغان بانكا مەلۇم بىر مۇددەت ئىچىدە بۇ پۇلنى قايتۇرىدۇ.

4. پۇلغا ئېھتىياجلىق بانكا مالنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، بۇنى بازار نەرقىدە ئۈچىنچى بىر تەرەپكە نەق پۇلغا ساتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ بانكا ئېھتىياجلىق پۇلغا ئېرىشىدۇ. مانا بۇ تەۋەررۇق توختامنامىسى. شۇنداق قىلىپ ئىسلام بانكىسىنىڭ ئامانەت تۈرلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقتۇق. يىغىنچاقلىغاندا، بانكىنىڭ ئامانەت تۈرلىرى:

1) قەرزلىسىز ئامانەت؛ 2) قەرەللىك ئامانەت؛ 3) پۇل بازىرى ئامانىتى؛ 4) ئۆزى چىقارغان ئازغىنە مەبلەغ (كاپىتال).

ئەمدى مالىيە تۈرلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى:

**مالىيە تۈرلىرى**

غەرب بانكىلىرى قەرز ئالغۇچىلارغا بەرگەن پۇلنى قەرز (Loan) دەپ ئاتايدۇ.

مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، پۇل بازىرىدىن ئۆتنە ئالىدۇ. ئەلۋەتتە ئىسلام بانكىلىرى غەرب بانكىلىرىدىن پۇل ئالسا بولمايدۇ-دە. شۇڭا ئىسلام بانكىسى قۇرۇلسا، چوقۇم يەنە ئىسلام پۇل بازىرى قۇرۇلۇشى كېرەك. مالايسىيادا ئىسلام بانكىسى قۇرۇلۇپ 13 يىلدىن كېيىن يەنى 1993 -يىلى ئىسلام بانكىلىرىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىسلام پۇل بازىرى قۇرۇلغان. بۇنىڭدىن بۇرۇن پۇل يېتىشمىسە دۆلەت ياردەم قىلىپ تۇرغان.

بۇ يەردە پۇل بازىرى (Money Market) بىلەن كاپىتال بازىرىنىڭ (Capital Market) پەرقى نېمە دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. پۇل بازىرى ئادەتتە قىسقا مۇددەتلىك بولىدۇ. ئۆتنە ئېلىش ۋاقتى بىر يىلدىن تۆۋەن بولىدۇ. كاپىتال بازىرىدا ئادەتتە زايوم بىلەن پاي چەك سېتىلىدۇ، ئادەتتە كاپىتالنىڭ ئارىيەت ئېلىش ۋاقتى بىر يىلدىن يۇقىرى بولىدۇ. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، پۇل بازىرى قىسقا مۇددەتلىك، كاپىتال بازىرى ئۇزاق مۇددەتلىك بولىدۇ.

ئەمدى ئىسلام پۇل بازىرىغا قايتىپ كېلەيلى:

ئىسلام پۇل بازىرى ئىسلام بانكىلىرى مەبلەغ ئالماشتۇرىدىغان بىر سەھنە. مۇشۇ سەھنە ئارقىلىق پۇلى ئېشىپ قالغان بانكا پۇل بازىرىغا قويىدۇ. پۇلى كېمىپ قالغان بانكا مۇشۇ سەھنىدىن ئارىيەت ئالىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ پۇلنىمۇ بىكارغا بېرىپ تۇرمايدۇ. ھەرقانداق بىر كاپىتالنىڭ قىممىتى (Cost of Capital) بولىدۇ. بۇ بانكىلار ئوتتۇرىسىدا يەنە ئىسلامچە توختامنامىلەر بولىدۇ. مۇزارەبەت (Mudarabah)، ۋەكالەت (Wakalah) ۋە تەۋەررۇق (Tawarruq) قاتارلىق ئىسلامچە توختامنامىلەر. مۇزارەبەتنى قىسقىغىنە قىلىپ چۈشەندۈردۈم. ۋەكالەت توختامنامىسىنى چۈشەنمەك تەس ئەمەس. پۇل ئارىيەت ئالغان بانكا مەبلەغ سېلىپ، تاپقان پۇلدىن ۋەكالەت پۇلى ئېلىپ قالغان پۇلنى ئانا پۇلى بىلەن قوشۇپ مەبلەغ بەرگەن بانكىغا قايتۇرىدۇ.

### تەۋەررۇق توختامنامىسى

بۇ توختامنامە3 تەرەپتىن تەركىب تاپقان. بۇ خۇددى بىزنىڭ ئەنئەنىۋى سودىلىرىمىزغا ئوخشاپ كېتىدۇ. مىسال: ئەمەت مەمەتتىن 1000 سومغا بىر كومپيۇتېر سېتىۋالدى. ئەمەت بۇ ۋاقىتتا يا ئىز پۇلىغا سېتىشىنى، يا پايدا ئېلىشىنى ياكى زىيان تارتىشىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا

3. بانكا ئاندىن كېيىن بۇ ئۆينى خېرىدارغا ئۆزىنىڭ پايدىسىنى قوشۇپ نېسىغا ساتىدۇ. ئانا پۇل قانچە، بانكىنىڭ پايدىسى قانچە ئېنىق ئاشكارلايدۇ.

4. خېرىدار ئايغا بۆلۈپ بانكىغا پۇل تۆلەيدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى: بۇ يەردە بىر باھا بولىدۇ. ئەگەر باھا ئۆزگەرسە بۇ ئىسلام سودا قانۇنىيىتىگە چۈشمەي قالىدۇ. شۇڭا باشتىن ئاخىر بىر باھادا پۇل تۆلەيدۇ. مىسال: بانكا ئۆينى 300 مىڭغا سېتىۋالدى دەيلى، ئۇنى خېرىدارغا400 مىڭغا 20 يىلدا تۆلەيدىغان قىلىپ ساتتى. شۇنداق بولغاندا خېرىدار ھەر ئايدا 1667 سوم تۆلەيدۇ.

400,000/ 20*12=1667

مانا بۇ مۇرابەھە مالىيىسى.

**مۇشارەكە مۇتەناقىسە مالىيەسى**

بۇ مالىيە شەكلى ئىسلامغا ئەڭ ئۇيغۇن كېلىدۇ دەپ قارىلىدۇ. بۇ توختامنامىدە 2 تەرەپ شېرىك بولۇپ مەلۇم بىر نەرسىنى سېتىۋالىدۇ. بىر تەرەپ كۆپرەك، يەنە بىر تەرەپ ئازراق چىقىرىدۇ. ئازراق چىقارغان تەرەپ كۆپ چىقارغان تەرەپكە قەدەممۇقەدەم پۇل تۆلەش ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ پېيىنى سېتىلىۋالىدۇ. بۇ پۇل تۆلەش قارشى تەرەپنىڭ پېيىنى 100% سېتىۋالغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. دېمەكچى بىر تەرەپنىڭ پېيى ئازلاپ ماڭىدۇ، يەنە بىر تەرەپنىڭ جىقلاپ ماڭىدۇ. بۇ توختامنامىنىڭ لۇغەت مەنىسى بولسا، بىر شېرىكنىڭ پېيى قەدەممۇقەدەم ئازىيىش دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنداقتا بۇ توختامنامە ئىسلام بانكىلىرىدا قانداق ئىشلىتىلىدۇ؟

1. بانكا بىلەن خېرىدار بىرلىشىپ ئۆي مۈلۈك سودىگىرىدىن ئۆينى سېتىۋالىدۇ. بانكا 90% ۋە خېرىدار 10% چىقاردى دەيلى.

2. ئۆي ئىككى تەرەپنىڭ نامىدا بولىدۇ.

3. خېرىدار ھەر ئايدا ئىجارە ھېسابىدا بانكىغا ھەر ئايدا پۇل تۆلەيدۇ.

ئىسلام بانكىلىرى بولسا مالىيە بىلەن تەمىنلەش (Financing) دەپ ئاتايدۇ. غەرب بانكىلىرى بولسۇن ياكى ئىسلام بانكىلىرى بولسۇن، ئۇلار ئاساسلىق خېرىدارلىرى ئۆي مۈلۈك سېتىۋالغۇچىلار (Home Financing) ، ماشىنا سېتىۋالغۇچىلار (Car Financing) ، شەخسىي ئىشقا ئىشلىتىدىغانلار (Personal Financing ) بولىدۇ. ئۇنداقتا ئىسلام بانكىلىرى قانداق شەكىلدە مالىيە بىلەن تەمىنلەيدۇ؟

## ئۆي ـ مۈلۈك مالىيەسى

بۇ مالىيە تۈرى ئۈچۈن ئوخشىمىغان ئىسلام بانكىلىرى ئوخشىمىغان ئىسلام توختامنامىلىرىنى ئىشلىتىدۇ. مۇرابەھە (Murabahah)، مۇشارەكە مۇتەناقىسە (Musharakak Muntanaqisah)، تەۋەررۇق (Tawarruq) توختامنامىلىرى ئىشلىتىلىدۇ.

## مۇرابەھە مالىيەسى

ئادەتتە بىزنىڭ ئەنئەنىۋى سودىلىرىمىزدا ئالغان مالنىڭ قىممىتى ۋە پايدىسى ئاشكارىلانمايدۇ. دېمەكچى مال ساتقۇچى ئانا پۇلى قانچە پۇل، پايدىسى قانچە پۇل بۇنى ئاشكارىلىمايدۇ. بۇ ئادەتتە مۇساۋەمە (Musawamah) سودا-سېتىق شەكلىگە كىرىدۇ. ئۇنداقتا مۇرابەخە قانداق بولىدۇ؟ بۇ توختامنامىدە مال ساتقۇچى مال ئالغۇچىغا ئانا پۇل قانچە، پايدىسى قانچە ئېنىق ئاشكارلايدۇ. بۇنىڭ لوغەت مەنىسى ئانا پۇلغا پايدىنى قوشۇپ سېتىش. شۇنداق بولغاندا مال ئالغۇچى سېتىۋالغان مېلىنىڭ ئانا پۇلى قانچە، قارشى تەرەپنىڭ پايدىسى قانچە ئېنىق بىلەلەيدۇ. مانا بۇ مۇرابەھە توختامنامىسى. ئۇنداقتا بۇ توختامنامە ئىسلام بانكىلىرىدا قانداق ئىشلىتىلىدۇ؟

1. بانكا ئالدى بىلەن ئۆي-مۈلۈك سودىگىرىدىن ئۆينى نەق پۇلغا سېتىۋالىدۇ.

2. ئۆي-مۈلۈك سودىگىرى ئۆينىڭ ئىگدارچىلىق ھوقوقىنى بانكىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

2. بانكا ماشىنا شىركىتىدىن خېرىدارغا لازىم بولغان ماشىنىنى نەق پۇلغا سېتىۋالىدۇ.

3. ماشىنا بانكىنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا ئۆتكەندىن كېيىن، خېرىدارغا ئىجارىگە بېرىدۇ.

4. خېرىدار ھەممە پۇلنى تۆلەپ بولغاندا، بانكا ماشىنىنى خېرىدارغا ھەدىيە قىلىدۇ. ياكى بولمىسا ئەڭ ئاخىرقى تۆلەم ماشىنىنىڭ باھاسى ھېسابلىنىپ، خېرىدارغا سېتىپ بېرىلىدۇ.

مانا بۇ ماشىنا مالىيەسىگە ئىشلىتىلگەن ئىسلامچە توختام.

**سالام (Salam Financing) مالىيەسى**

ئەسلىدە ئىسلامدا ئۆزىدە يوق نەرسىنى سېتىش چەكلەنگەن. لېكىن پەيغەمبىرىمىز دېھقانلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ياكى بولمىسا دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن سالام مالىيەسىگە يول قويغان. بۇ توختامنامە بىزدەك دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغىمۇ بەك ماس كېلىدۇ. سالام مالىيەسىنىڭ كونكرېت ئەھۋالى مۇنداق:

1. دېھقاندا يەر بار، لېكىن تېرىقچىلىق قىلاي دېسە پۇل يوق. دېمەك پۇلغا ئېھتىياجلىق. مەسىلەن، دېھقان سەۋزە تېرىماقچى ۋە50 توننا سەۋزە بىلەن تەمىنلىمەكچى. دېمەكچى 50 توننا يوق سەۋزىنى (نەچچە ئايدىن كېيىن يەتكۈزۈلۈپ بېرىدىغان) بانكىغا ساتىدۇ.

2. بانكىدا پۇل بار (ياكى بىرەر سودىگەر بولسىمۇ بولىدۇ (. بانكا (ياكى سودىگەر) ئالدى بىلەن دېھقانغا 100% مالىيەنى ئالدىنئالا بېرىدۇ. 100% ئالدىنئالا بېرىلمىسە سالام مالىيەسى بولماي قالىدۇ.

3. بۇ ۋاقىتتا دېھقان بىلەن بانكا (سودىگەر) كېلىشىدۇ. ئەگەر سەۋزە چىققان ۋاقىتتا سەۋزىنىڭ توپ سېتىش باھاسى 3 سوم بولسا، دېھقان سەۋزىنى بۇ توپ باھادىنمۇ تۆۋەن باھادا بېرىشكە رازى بولىدۇ. مىسالغا 2.5 سومغا بەردى دەيلى. ئەگەر

4. پۇل تۆلەش قاچان خېرىدار بانكىنىڭ 90% پېيىنى تولۇق سېتىۋالغۇچە داۋاملىشىدۇ.

5. خېرىدار بانكىنىڭ ھەممە پۇلىنى تۆلەپ بولغاندا بۇ ئۆي 100% خېرىدار نامىغا ئۆتىدۇ. مانا مۇ مۇشارەكە مۇتەناقىسە ئۆي-مۈلۈك مالىيەسى.

تەۋەررۇق ئۆي مالىيەسى

بۇ يۇقىرىدا سۆزلەنگەن مەزمۇنغا ئوخشاپ كېتىدۇ. مەن بۇ يەردە بۇ توختامنامىنىڭ قانداق ئىشلىتىدىغانلىقىنىلا تونۇشتۇرىمەن.

1. خېرىدار ئۆي سېتىۋېلىش ئۈچۈن پۇلغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. شۇڭا ئىسلام بانكىسىغا بارىدۇ.

2. ئىسلام بانكىسى مال تەمىنلىگۈچىدىن نەق پۇلغا مال سېتىۋالىدۇ. بانكا 300.000 سوم تۆلىدى دەيلى.

3. بۇنى خېرىدارغا 400.000 سومغا نېسىغا ساتىدۇ.

4. خېرىدار بۇ پۇلنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ تۆلەيدۇ.

5. ئەڭ ئاخىرىدا خېرىدار بۇ مالنى نەق پۇلغا سېتىپ ئۆي پۇلىنى تۆلەيدۇ. مانا بۇ تەۋەررۇق ئۆي مالىيەسى.

ماشىنا مالىيەسى

بۇ مالىيە تۈرىگە ئەلئىجارە سۇممە ئەلبەي ( Al-Ijarah Thumma Al-bay) دەيدىغان توختامنامىنى ئىشلىتىدۇ. قىسقارتىپ ئەيتاب (AITAB) دەپ ئاتايدۇ. بۇ دۇنيادىكى ھەر قايسى ئىسلام بانكىلىرىدا ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىدۇ. بۇ توختامنامىنىڭ مەنىسى: ئىجارە سودا بىلەن ئاخىرلىشىش. باسقۇچلىرى تۆۋەندىكىدەك:

1. خېرىدار ماشىنا ئېلىش ئۈچۈن بانكىغا بېرىپ ماشىنا سېتىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

كېرەك. ئىككىنچى، ھەسسىدارلىق نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بۇ ئىككى سىستېمىنىڭ يەنە روشەن پەرقى بار، ئىسلام توختاملىرى پۇل ئىگىسى بىلەن كۈچ ئىگىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچۇر تەڭپۇڭ بولماسلىقتەك ئەھۋالنى ھەل قىلىدۇ. مەسىلەن، ئىسلام مالىيە سىستېمىسى ھەسسىدارلىق توختاملىرىنى «مۇزارەبەت» دەپ ئاتايدۇ، بۇ توختام ئاز دېگەندە ئىككى شېرىك تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ توختامدا، بىر تەرەپ بارلىق پۇلنى چىقىرىدۇ، يەنە بىر تەرەپ سودىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، غەرب مالىيە سىستېمىسىدا، ئۇچۇر تەڭپۇڭ بولماسلىقتەك ئەھۋال شېرىكلەر تەرىپىدىن ھەددىدىن تاشقىرى غەرب قانۇنلىرى بىلەن ھەل قىلىنىدۇ. ھايانكەشلىك، قىمار شەكلى،بىر تەرەپنىڭ پايدىسى ئۈچۈن پاي چېكى قىممىتىنىڭ توقۇلۇپ چىقىرىلىشى، ئۇچۇر تەڭپۇڭسىزلىقى قاتارلىق شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئىشلار ئەۋج ئالىدۇ. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش چەكلەنگەن ئىشلار تۈپەيلى، ئىسلام مالىيە سىستېمىسى روياپقا چىقىدۇ. بىر تەرەپكە پايدىلىق، يەنە بىر تەرەپكە پايدىسىز بولغان ئۇچۇرلار، نەزەرىيە بويىچە، ئىسلام مالىيە سىستېمىسىدا مەيدانغا چىقمايدۇ. ھايانكەش پاي چەكچىلەر «قىسقا مۇددەت سېتىش ئۇسۇلى» بىلەن پاي چەك ئالماشتۇرمايدۇ. مۇسۇلمانلارنى ئىسلام شېرىكچىلىك توختاملىرى ئارقىلىق، پۇل تەمىنلىگۈچى بىلەن كۈچ ئىگىسىنىڭ پايدا-زىيانغا تەڭ مەسئۇل بولغان ھالدا، ھەقىقى بايلىق يارىتىشقا چاقىرىدۇ.

## پاي چېكى بازىرىنىڭ ئېنىقلىمىسى، قۇرۇلمىسى ۋە فۇنكسىيەسى

ئىسلام پاي چەكلىرى ھەققىدە ساۋات بېرىشتىن بۇرۇن، پاي چېكىنىڭ ئېنىقلىمىسى، قۇرۇلمىسى ۋە فۇنكسىيەسىنى بىلىۋېلىش زۆرۈر بولىدۇ. ئۇنداقتا پاي چەك دېگەن نېمە ؟ خافىر ۋە خېيىنىنىڭ (2007) كىتابىغا ئاساسلانغاندا، پاي چەك دېگىنىمىز مەبلەغ چىقارغۇچىنىڭ مالىيە مال-مۈلكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، پاي چەكلەر مالىيە ئاكسىيەسى بولۇپ مەلۇم بىر نىسبەتتىكى ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا مەلۇم پايچەكچى ئاشۇ پاي چەك تارقاتقان شىركەتنىڭ نىسپىي ئىگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەلۇم بىر شىركەت پاي چەك تارقاتسا، مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ بۇ پاي چەكلەرنى سېتىۋېلىپ بۇ شىركەتنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇڭلاشقا پاي چەكنى شىركەت ۋە مەبلەغ سالغۇچى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى توختانامە

بانكا (سودىگەر) تۇپ باھادا ساتسا 25 مىڭ سوم پايدا قالدى دېگەن گەپ. پارچە باھادا ساتسا ئۇنىڭدىنمۇ جىق پايدا قىلىدىغان گەپ. دېھقاننىڭ يېرىمۇ ئاق قالمىدى. ئۇمۇ پايدا ئالدى سودىگەرمۇ پايدا ئالدى. مانا بۇ دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىدىغان سالام مالىيىسى.

## 4. ئىسلام پاي چېكى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

بۇ بۆلۈم ئىسلام پاي چېكى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىدۇ. ئىسلام پاي چېكى بازىرىنىڭ پەلسەپەسى سۆزلەنگەندىن سىرت، ئىسلام پاي چېكىنىڭ ئېنىقلىمىسى، قۇرۇلمىسى ۋە رولى سۆزلىنىدۇ. ئىسلام پاي چېكىنىڭ شەرتلىرى، ئۇنىڭ شەكىللىنىشى، پاي چەكلەرنىڭ تاللىنىش، فىلتىرلاش باسقۇچى قاتارلىق بىلىملەر ھەققىدە ئومۇمىي ساۋات بېرىدۇ.

### ئىسلام پاي چېكى بازىرىنىڭ پەلسەپىسى

دۇنيادىكى تۆت چوڭ دىن بولغان ئىسلام، خىرىستىيان، ھىندى ۋە يەھۇدىي دىنلىرى ئۆسۈمنى چەكلەيدۇ (ئۆمەر چاپرا، 2007). بىراق، بۇ چەكلىمىنىڭ دەل ئەكسىچە، 200 يىلدىن ئاشقان غەرب مالىيە سىستېمىسى رىبا (ئۆسۈم) ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئۆسۈمنى چەكلەش چاقىرىقلىرى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام دۇنياسىدىكى چاقىرىق بەكمۇ روشەن بولدى، ئۇ بولسىمۇ ئۆسۈم ئاساسىدىكى مالىيە سىستېمىسىنى ئىسلام مالىيە سىستېمىسىغا ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ ئىككى مالىيە سىستېمىسىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئىسلام پاي چېكى بازىرىدا ئالماشتۇرۇلۇۋاتقان مالىيە مەھسۇلاتلىرى چوقۇم ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا ماس كېلىشى كېرەك، بۇ يەردە سودا خەتىرى بارلىق شېرىكلەر تەرىپىدىن ئۆز ئۈستىگە ئېلىنىشى كېرەك. رىبا چەكلەنگەنلىكى تۈپەيلى، ئىسلام پاي چېكى بازىرىغا بۇنداق دەپ ئېنىقلىما بېرىشكە بولىدۇ: بارلىق سودىلار (پاي چەك ئالماشتۇرۇشلار) نوقۇل ھالدا ئىگىدارچىلىق توختاملىرى ئارقىلىق بولىدۇ.

بىرىنچى، ئىسلام مالىيە بازىرىنىڭ بىر قانچە مەھسۇلاتلىرى چوقۇم شېرىكچىلىك توختامى تەلىماتى ئارقىلىق بولۇشى كېرەك يەنى كۈچ ئىگىسى بىلەن پۇل ئىگىسى ئوتتۇرىسىدا ئېنىق بىر شېرىكچىلىك توختامى بولۇشى

كېرەك. ئىككىنچى، ھەسسىدارلىق نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بۇ ئىككى سىستېمىنىڭ يەنە روشەن پەرقى بار، ئىسلام توختاملىرى پۇل ئىگىسى بىلەن كۈچ ئىگىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچۇر تەڭپۇڭ بولماسلىقتەك ئەھۋالنى ھەل قىلىدۇ. مەسىلەن، ئىسلام مالىيە سىستېمىسى ھەسسىدارلىق توختاملىرىنى «مۇزارەبەت» دەپ ئاتايدۇ، بۇ توختام ئاز دېگەندە ئىككى شېرىك تەرىپىدىن ئىمزالىنىدۇ. بۇ توختامدا، بىر تەرەپ بارلىق پۇلنى چىقىرىدۇ، يەنە بىر تەرەپ سودىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، غەرب مالىيە سىستېمىسىدا، ئۇچۇر تەڭپۇڭ بولماسلىقتەك ئەھۋال شېرىكلەر تەرىپىدىن ھەددىدىن تاشقىرى غەرب قانۇنلىرى بىلەن ھەل قىلىنىدۇ. ھايانكەشلىك، قىمار شەكلى،بىر تەرەپنىڭ پايدىسى ئۈچۈن پاي چېكى قىممىتىنىڭ توقۇلۇپ چىقىرىلىشى، ئۇچۇر تەڭپۇڭسىزلىقى قاتارلىق شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئىشلار ئەۋج ئالىدۇ. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش چەكلەنگەن ئىشلار تۈپەيلى، ئىسلام مالىيە سىستېمىسى روياپقا چىقىدۇ. بىر تەرەپكە پايدىلىق، يەنە بىر تەرەپكە پايدىسىز بولغان ئۇچۇرلار، نەزەرىيە بويىچە، ئىسلام مالىيە سىستېمىسىدا مەيدانغا چىقمايدۇ. ھايانكەش پاي چەكچىلەر «قىسقا مۇددەت سېتىش ئۇسۇلى» بىلەن پاي چەك ئالماشتۇرمايدۇ. مۇسۇلمانلارنى ئىسلام شېرىكچىلىك توختاملىرى ئارقىلىق، پۇل تەمىنلىگۈچى بىلەن كۈچ ئىگىسىنىڭ پايدا-زىيانغا تەڭ مەسئۇل بولغان ھالدا، ھەققى بايلىق يارىتىشقا چاقىرىدۇ.

## پاي چېكى بازىرىنىڭ ئېنىقلىمىسى، قۇرۇلمىسى ۋە فۇنكسىيەسى

ئىسلام پاي چەكلىرى ھەققىدە ساۋات بېرىشتىن بۇرۇن، پاي چېكىنىڭ ئېنىقلىمىسى، قۇرۇلمىسى ۋە فۇنكسىيەسىنى بىلىۋېلىش زۆرۈر بولىدۇ. ئۇنداقتا پاي چەك دېگەن نېمە ؟ خافىر ۋە خېيىننىڭ (2007) كىتابىغا ئاساسلانغاندا، پاي چەك دېگىنىمىز مەبلەغ چىقارغۇچىنىڭ مالىيە مال-مۈلكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، پاي چەكلەر مالىيە ئاكسىيەسى بولۇپ مەلۇم نىسبەتتىكى ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا مەلۇم پايچە ئاشۇ پاي چەك تارقاتقان شىركەتنىڭ نىسپىي ئىگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، مەلۇم بىر شىركەت پاي چەك تارقاتسا، مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ چەكلەرنى سېتىۋېلىپ بۇ شىركەتنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇڭا پاي چەكنى شىركەت ۋە مەبلەغ سالغۇچى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى

بانكا (سودىگەر) توپ باھادا ساتسا 25 مىڭ سوم پايدا قالدى دېگەن گەپ. پارچە باھادا ساتسا ئۇنىڭدىنمۇ جىق پايدا قىلىدۇ دېگەن گەپ. دېھقانىنىڭ يېرىمۇ ئاق قالمىدى. ئۇمۇ پايدا ئالدى. سودىگەرمۇ پايدا ئالدى. مانا بۇ دېھقانچىلىققا ئىشلىتىدىغان سالام مالىيىسى.

## 4. ئىسلام پاي چېكى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

بۇ بۆلۈم ئىسلام پاي چېكى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىدۇ. ئىسلام پاي چېكى بازىرىنىڭ پەلسەپەسى سۆزلەنگەندىن سىرت، ئىسلام پاي چېكىنىڭ ئېنىقلىمىسى، قۇرۇلمىسى ۋە رولى سۆزلىنىدۇ. ئىسلام پاي چېكىنىڭ شەرتلىرى، ئۇنىڭ شەكىللىنىشى، پاي چەكلەرنىڭ تاللىنىش، فىلتىرلاش باسقۇچى قاتارلىق بىلىملەر ھەققىدە ئومۇمىي ساۋات بېرىدۇ.

### ئىسلام پاي چېكى بازىرىنىڭ پەلسەپىسى

دۇنيادىكى تۆت چوڭ دىن بولغان ئىسلام، خىرىستىيان، ھىندى ۋە يەھۇدىي دىنلىرى ئۆسۈمنى چەكلەيدۇ (ئۆمەر چاپرا، 2007). بىراق، بۇ چەكلىمىنىڭ دەل ئەكسىچە، 200 يىلدىن ئاشقان غەرب مالىيە سىستېمىسى رىبا (ئۆسۈم) ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئۆسۈمنى چەكلەش چاقىرىقلىرى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام دۇنياسىدىكى چاقىرىق بەكمۇ روشەن بولدى، ئۇ بولسىمۇ ئۆسۈم ئاساسىدىكى مالىيە سىستېمىسىنى ئىسلام مالىيە سىستېمىسىغا ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ ئىككى مالىيە سىستېمىسىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئىسلام پاي چېكى بازىرىدا ئالماشتۇرۇلۇۋاتقان مالىيە مەھسۇلاتلىرى چوقۇم ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا ماس كېلىشى كېرەك، بۇ يەردە سودا خەتىرى بارلىق شېرىكلەر تەرىپىدىن ئۆز ئۈستىگە ئېلىنىشى كېرەك. رىبا چەكلەنگەنلىكى تۈپەيلى، ئىسلام پاي چېكى بازىرىغا بۇنداق دەپ ئېنىقلىما بېرىشكە بولىدۇ: بارلىق سودىلار (پاي چەك ئالماشتۇرۇشلار) نوقۇل ھالدا ئىگىدارچىلىق توختاملىرى ئارقىلىق بولىدۇ.

بىرىنچى، ئىسلام مالىيە بازىرىنىڭ بىر قانچە مەھسۇلاتلىرى چوقۇم شېرىكچىلىك توختامى تەلىماتى ئارقىلىق بولۇشى كېرەك يەنى كۆچ ئىگىسى بىلەن پۇل ئىگىسى ئوتتۇرىسىدا ئېنىق بىر شېرىكچىلىك توختامى بولۇشى

2. پاي چېكى باھالاش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، پاي چېكلەرنىڭ باھالىنىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەبلەغ سالغۇچىلار ئۆزى مەبلەغ سالغان شىركەتلەرنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى ھەر قانداق ۋاقىتتا بىلەلەيدۇ.

3. مەبلەغ سالغۇچىلارنى مۇشۇنداق بىر سورون بولمىغان ھالەتتىكى پەرىشانلىقتىن ساقلاشتىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەبلەغ سالغۇچىلار مۇشۇنداق بىر بازار بولغانلىقىدىن، كېلىدىغان پايدا نىسبىتى تۆۋەنرەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مۇشۇ بازار تۇپەيلى خاتىرجەم ھالدا مەبلەغ سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شىركەتلەرمۇ ئەرزانراق بولغان مەبلەغكە ئېرىشىدۇ.

4. پۇختا تۈزۈلگەن رول ۋە تۈزۈملەر پاي چېكلەرنىڭ ئالمىشىشىدا بىخەتەر ۋە ئىشەنچلىك مۇھىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. بولۇپمۇ پاي چېكى بولغان شىركەتلەر مۇشۇ رول ۋە تۈزۈملەرگە رىئايە قىلىدۇ، شۇنداقلا بۇ شىركەتلەرنى ئاكسىيە ئورگانلىرى ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ.

5. بۇ مەركەزلەشكەن پاي چېكى بازىرى تارقاق ھالەتتىكى بازارلارغا قارىغاندا،تۇغرا ۋە ۋەكىل خاراكتېرلىك بىر باھانىڭ رويابقا چىقىشى ئۈچۈن ياردەم قىلىدۇ

6. پاي چېكى بازىرى دۆلەت ئاكسىيەلىرىنى سېتىپ چىقىرىشتىكى ئاساسلىق بازار. شۇڭلاشقا دۆلەت ھەم ئاسان ھەم تېزلا ھۆكۈمەت مەبلىغىگە ئېرىشەلەيدۇ. شۇنداقلا چوڭ كارخانىلارمۇ ئۇنۇملۇك يول بىلەن مەبلەغ مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ.

7. ساغلام بولغان ھايانكەشلىك (ھايانكەشلىك بىرىنىڭ تىلىمىزدا قويىمچىلارنى ھايانكەش دەپ ئاتايمىز. speculation دېگەن سۆزنى بىز ھايانكەشلىك دەپ تەرجىمە قىلىدىكەنمىز) ، پايچەك بازىرىنى ئاكتىپ ھالەتتە تۇتۇپ تۇرىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ساغلام بولغان ھايەنكەشلىك خەتەرلىك ئەمەس بولۇپ، پاي چېكى بازىرىنى نۇرغۇن سودا پۇرسەتلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەمما ھەددىدىن زىيادە

دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەبلەغ سالغۇچىلار كەلگۈسىدىكى پايدا ئۈچۈن ھازىرچە ئۆزىدىكى ئېشىنچە پۇلنى پاي چېككە تېگىشىدۇ.

پاي چېكى بازىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، پاي چېكنى ناھايىتى تېز بولغان ھەرىكەت، ھەيران قالارلىق بايلىق ۋە تۇيۇقسىز يۈرەك كېسىلى دەپ ئېنىقلىما بېرىشكە بولىدۇ. ئەمما بۇ ھەرىكەتلەر پاي چېكى بازىرىنىڭ مۇھىم فۇنكسىيەلىرىدىن ئەمەس. باشقا مالىيە بازارلىرىغا ئوخشاشلا، پايچەك بازىرىنىڭ تاۋار، باھا مېخانىزمى ۋە سودا بازىرىدىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم قۇرۇلمىسى بولىدۇ. تاۋارلار بولسا پايچەك بولۇپ، پايچەك تارقاتقۇچى بىلەن سېتىۋالغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ئىناۋەتلىك قەغەزدىن ئىبارەت. پايچەك تارقاتقۇچىلار ئادەتتە، دۆلەت، دۆلەت ئىگدارچىلىقىدىكى كارخانىلار ۋە شەخسىي كارخانىلار بولىدۇ. بۇ تاۋارلار 2 خىل بولۇپ، بىرى يېڭىدىن تارقىتىلغان پايچەكلەر، يەنە بىر خىلى، ئىككىنچى قول پايچەكلەر بولۇپ، قولدىن قولغا ئۆتۈۋاتقان تارقىتىپ بولۇنغان پاي چېكلاردۇر. بىرىنچىسى بىرلەمچى بازار، ئىككىنچىسى ئىككىلەمچى بازار دەپ ئاتىلىدۇ. رولى ۋە چوڭلۇق جەھەتتىن قارىغاندا، ئىككىلەمچى بازار بىرلەمچى بازارغا قارىغاندا كۆپ چوڭ بولىدۇ.

پاي چېكى بازىرىدىكى تاۋار باھاسى بازار ئىقتىسادىدىكى ھەممە تاۋارلارغا ئوخشاشلا تەمىنلەش ۋە ئېھتىياج قانۇنىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر مەلۇم بىر شىركەت بەكرەك روناق تاپقان بولسا، شۇ شىركەتنىڭ پاي چېكىگە بولغان ئېھتىياجى يۇقىرى بولىدۇ.

پاي چېكى بازىرىنىڭ بىر قانچە فۇنكسىيەلىرى بولۇپ، ئەڭ ئاساسلىق فۇنكسىيەسى بولسا ئىقتىساد فۇنكسىيەسىدۇر. ئۇ مەبلەغلەرنىڭ مەبلەغ سالغۇچىدىن مەبلەغ ئىشلەتكۈچىگە ئۆتىشىدە ۋاستىلىق رول ئوينايدۇ. يەنە قوشۇمچە ھالدا، شىركەتلەرنىڭ بىرلەمچى ۋە ئىككىلەمچى بازاردىن پايدىلىنىپ كېڭەيىشىدىمۇ ئاساسلىق رول ئوينايدۇ، پاي چېكى ئالماشتۇرۇشنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ئۇ پاي چېكلەرنىڭ سېتىلىش ۋە سېتىۋېلىشتا تەييار ۋە ئۈزلۈكسىز بازار بىلەن تەمىنلەيدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، نۇرغۇنلىغان پاي چېكى ساتقۇچى ۋە سېتىۋالغۇچىلار ئۈچۈن بازار مۇھىتى يارىتىپ بېرىدۇ.

مەبلەغ سېلىشقا قارشى تۇرۇپ، ئىسلام پۇل مۇئامىلىسىنىڭ يۈرىكى بولغان پايدا زىياننى تەڭ ئۈستىگە ئېلىش، ئىگىدارچىلىق ھوقوقى ئېنىق بولۇش پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن، جەمئىيەت ۋە ئومومىي مەنپەئەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئادىل ۋە توغرا بىر مالىيە سىستېمىسى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ.

ماقالىمىزدە يەنە ئىسلام بانكىچىلىقىنىڭ ئامانەت ۋە مالىيە تۈرلىرى بىلەن بىر-بىرلەپ تونۇشۇپ چىقتۇق. ئىسلام بانكىلىرىنىڭ قەرەللىك ۋە قەرەلسىز ئامانەت تۈرلىرى، پۇل بازىرى ئامانىتى ۋە تەۋەررۇق توختامنامىلىرى چۈشىنىشلىك مىساللار بىلەن تونۇشتۇرۇلدى. شۇنداقلا ئىسلام بانكىسىنىڭ مالىيە تۈرلىرى بولغان ئۆي مالىيەسى، ماشىنا مالىيەسى ۋە سالام مالىيەسى قاتارلىق مالىيە تۈرلىرىمۇ مۇھاكىمە قىلىندى. ئەڭ ئاخىرىدا ئىسلام پاي چېكىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەنمۇ تونۇشۇپ چىقتۇق. بۇ ھەقتە ئىسلام پاي چەك بازىرىنىڭ پەلسەپەسى سۆزلەنگەندىن سىرت، ئىسلام پاي چېكىنىڭ ئېنىقلىمىسى، قۇرۇلمىسى ۋە رولى تونۇشتۇرۇلدى. ئىسلام پاي چېكىنىڭ شەرتلىرى، ئۇنىڭ شەكىللىنىشى، پاي چەكلەرنىڭ تاللىنىش، فىلتىرلاش باسقۇچى قاتارلىق بىلىملەر ھەققىدە ئومۇمىي ساۋات بېرىلدى.

## پايدىلانغان مەنبەلەر


Saiti, B., & Abdullah, A. (2015). Sale of goods and sale of debts: a comparative analysis. Al-Shajarah: *Journal of the International Institute of Islamic Thought and Civilization* (ISTAC), (SI), 249-272.

Saiti, B., & Abdullah, A. (2016). *Prohibited Elements In Islamic Financial Transactions: A Comprehensive Review*. Al-Shajarah, 139-159.

Saiti, B., & Ahmad, K. (2017). *Fundamentals, Universe Creation And Appraisal Of Major Shari'ah-Compliant Stocks Screening Methodologies*. Al-Shajarah, 105-138.

Saiti, B., (2017), *Islamic Banking Operations*, Publisher: ICIFE, ISBN: 978-967-13714-8-0

Saiti, B., Wahab, H. A., & Ahmad, K. (2017). *Contracts, Structures, and Computation Mechanisms of Islamic Bank Retail Financing Products: A Critical Assessment*. In Islamic Banking (pp. 81-125). Palgrave Macmillan, Cham.

ھايانكەشلىك بۇزغۇنچىلىق بولۇپ، مەبلەغ سالغۇچىلارغا خەتەر ۋە شىركەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا توسقۇنلۇق رولىنى ئوينايدۇ.

8. شىركەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ۋە دۆلەت ئىقتىسادى ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئۇ بىر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى ياخشى-يامانلىق ئەھۋالىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئوخشاش يول بىلەن شەرىئەت ئاساسىدىكى پاي چېكىلەرنىڭمۇ بازار سورۇنى، تاۋارلىرى ۋە باھا مېخانىزمى بولىدۇ. بىراق غەرب ۋە ئىسلامچە پاي چېكىلەرنىڭ ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن تەرەپلىرى بار، ئىسلام پاي چېكىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بار بولۇپ، بۇ پاي چېكىلار سەمىمىيلىك، ئادىللىق، ئوچۇق بولۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش قاتارلىق ئىسلامچە بولغان قائىدە نىزاملار ئاساسىدا قۇرۇلغان.

### 5. خۇلاسە

بۇ ماقالىمىزدە ئىسلامدىكى پۇل مۇئامىلە ئۇقۇمى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشۇپ چىقتۇق. بولۇپمۇ غەرب پۇل مۇئامىلىسى بىلەن ئىسلام پۇل مۇئامىلىسىنىڭ ماكرو ۋە مىكرو جەھەتتىكى پەرقلىرىنى مىساللار بىلەن تونۇشتۇرۇپ چىقتۇق. بۇ ئارقىلىق ئىسلام پۇل مۇئامىلىسىنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلىرى يورۇتۇلدى:

ماكرو جەھەتتىن، غەرب مالىيەسى قەرز ئاساسىغا قۇرۇلۇپ، پۇلنى مۈلۈك دەپ قاراپ، ئۆسۈم ۋاسىتىسى بىلەن، زىياننى ۋە خەتەرنى بىرلا تەرەپكە ئارتىپ قويۇپ، پايدىنىلا تۇرۇپ زىياننى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدىغان بىر سىستېمىنى ۋە جەمئىيەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئىسلام پۇل مۇئامىلىسى بولسا ھەمكارلىق ئاساسىغا قۇرۇلۇپ، پۇلنى پەقەت ۋە پەقەت ئالماشتۇرۇش ۋاسىتىسى ئورنىغا قويۇپ، زىيان ۋە خەتەرنى تەڭ ئۈستىگە ئالغان، ھەممە تەرەپ پايدىدىن تەڭ بەھرىلىنىدىغان، جەمئىيەتنىڭ ئومومىي پاراۋانلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ۋە بايلىقلارنى قايتا تەقسىملەيدىغان، شۇنداقلا مۇقىم ۋە تەڭپۇڭ بىر سىستېما قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. مىكرو جەھەتتىن بولسا، ئىسلام پۇل مۇئامىلىسى ئىسلامنىڭ ئەخلاق پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن، ئىسلامدىكى توختامنامە قانۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ، قەرز ئاساسىغا قۇرۇلغان غەرب پۇل مۇئامىلىسىگە يەنى ئۇنىڭ جېنى بولغان ئۆسۈمگە، ئىسلام چەكلىگەن تۈرلەرگە

# مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر مەتبۇئاتىغا نەزەر

**ئابدۇلجېلىل تۇران**

[مۇستەقىل تەتقىقاتچى، ژۇرنالىست، تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ مەسئۇلى]

**Abdulcelil TURAN**

*[Araştırmacı-Yazar, Teklimekan Uygur Neşriyatı]*

1949- يىلى 10- ئايدا شەرقىي تۈركىستان قىزىل خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنغاندىن كېيىن، «ۋەتەن ئۈچۈن ۋەتەندىن ئايرىلغان» شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن مەرھۇم مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ۋە مەرھۇم ئىيسا يۇسۇف ئالپتېكىن ئەپەندىلەر ۋەتەندىن ئايرىلىپ كەشمىرگە قەدەم باسقان كۈندىن باشلاپلا قەلەم كۈرىشىنى باشلىۋەتكەن. ئۇلار كەشمىرگە كېلىپلا، ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرىگە، ئەلچىلىكلەرگە مەكتۇپ يوللاپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتە ئۇلارنىڭ ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلغان.

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ۋە ئىيسا يۇسۇف ئالپتېكىن ئەپەندىلەر 1952- يىلى ئېزىلگەن تۈرك خەلقلىرىنىڭ پاناگاھى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىگە كەلگەندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈركچە «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئۇ ئون نەچچە سان نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇزۇن داۋام قىلالماي نەشردىن توختاپ قالغان. 1952- يىلى مەرھۇم مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى، جۇغراپىيەسى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى» ناملىق 96 بەتلىك تۈركچە كىتابى نەشر قىلىنغان ۋە مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا تۈركىيەنىڭ يەرلىك

سەييد قۇتۇپ ئۆز كىتابلىرىدا مەزكۇر كىتابتىن نەقىل كەلتۈرگەن. يەنە شۇ يىللاردا قاھىرەدە مۇھەممەد ئىسمائىل ئىبراھىم (خوتەنلىك ئۇيغۇر) تەرىپىدىن يېزىلغان ئەرەبچە «روسىيە ۋە جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلار» (ئەلمۇسلىمۇن فىل ئىتتىهادىسسوفىتى ۋەسسىين) دېگەن كىتابمۇ نەشىر قىلىنغان.

مەرھۇم مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى» (تۈركىستانى شەرقىيە مادىيھا ۋە ھادىرۇھا) ناملىق كىتابى 1991 - يىلى مۇھەممەد قارىھاجىم (مۇھەممەد جانتۈرك) تەرىپىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنىپ ئەرجىيەس ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان.

مەرھۇم مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىينىڭ «شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ھەقىقەت» (ھەقائىق ئەن تۈركىستانى شەرقىيە) ناملىق كىتابى 1964 - يىلى مەككىدە ئەرەبچە نەشىر قىلىندى.

1973- يىلى مەرھۇم ئىيسا يۇسۇف ئالپتېكىننىڭ «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى» ناملىق كىتابى تۈركىيەدە نەشىر قىلىندى، ئارقىدىنلا ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 1978 - يىلى مەككىدە نەشىر قىلىنغان.

1978- يىلى ئەركىن ئالپتېكىن ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر تۈركلىرى» ناملىق كىتابى تۈركچە نەشىر قىلىنغان.

80- يىللارغا كەلگەندە مەرھۇم ئىيسا يۇسۇف ئالپتېكىن ئىستانبۇلدا شەرقىي تۈركىستان نەشرىيات مەركىزىنى قۇرۇپ، ئالدى بىلەن ئۆز خاتىرىلىرىنىڭ 1- تومىنى «ئەسىر شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن» دېگەن ئىسىمدا (تۈركچە) 1985- يىلى نەشىر قىلىپ تارقاتقان. (ئىككىنچى تومى ئۆمەر قۇل تەرىپىدىن نەشىرگە تەييارلىنىپ 2008- يىلى ئەنقەرەدە نەشىر قىلىندى ۋە 1- تومى 2010- يىلى ئەنقەرەدە قايتا نەشىر قىلىندى.) مەرھۇم ئىيسا يۇسۇف ئالپتېكىن 1984- يىلى مەركەز قارمىقىدا پەسىللىك «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» ژۇرنىلىنى تەسىس قىلىپ، ھەر بىر سانىنى تۆت تىلدا (تۈركچە، ئەرەبچە، ئىنگلىزچە ۋە ئۇيغۇرچە) نەشىر قىلىشقا باشلاپ، تۇنجى سانىنى 1984 - يىلى نەشىر قىلىپ تارقاتقان. 1986- يىلدىن باشلاپ

گېزىت-ژۇرناللىرىدا ئىزچىل شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە ماقالە يېزىپ تۇرغان.

1953- يىلىدىن باشلاپ مىسىرنىڭ پايتەختى قاھىرە شەھرىدە مەرھۇم ئىبراھىم ۋاسىلىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە ئەرەبچە «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» (سەۋتۇ تۈركىستانى شەرقىيە) ژۇرنىلى نەشر قىلىنغان بولۇپ، ژۇرنال قوش ئايلىق ژۇرنال بولۇشى پىلانلانغان بولسىمۇ 1958 - يىلىغا قەدەر جەمئىي 10 سان نەشر قىلىنغان.

يەنە 1954 - يىلى قاھىرەدە مەرھۇم مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامي تەرىپىدىن، ئۇيغۇرچە «ئازات تۈركىستان» ناملىق ژۇرنال (جەمئىي 3 سان) نەشر قىلىنغان.

ئەپسۇسكى، 50- يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن 80- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە مەخسۇس قەلەملىك مەتبۇئات بولمىدى.

1955- يىلى نۇر مۇھەممەد خاننىڭ «روسىيە ۋە جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتى ھەققىدە ھەقىقى قىسسە» (ئەل قىسسەتۇل ھەقىقىيە لىھاياتىل مۇسلىمىنە فىي زىلالىل ھۆكمىررۇسى ۋەسسىينى) ناملىق ئەرەبچە كىتابى نەشر قىلىنغان.

1952 - يىلى مەرھۇم ئىيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ «تۆمۈر پەردە ئارقىسىدا شەرقىي تۈركىستان» (تۈركىستانى شەرقىيە تەھتەسسىتارىل ھەدىدى) ناملىق كىتابى بىلەن، يەنە 1959 - يىلى مەرھۇم مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ «شەرقىي تۈركىستاندا مۇستەقىللىق كۈرەشلىرى» (مۇھارىبەتۇل ھۆررىيەتى ۋەل ئىستىئمار فىي تۈركىستانى شەرقىيە)، «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى» (تۈركىستانى شەرقىيە مادىيھا ۋە ھادىرۇھا) ناملىق كىتابلىرى مىسىردا ئەرەبچە نەشر قىلىنىپ، بۇ كىتابلار شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئەرەب دۇنياسىغا ئاڭلىتىشتا بەلگىلىك رول ئوينىغان. ھەتتا مەرھۇم ئىيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ «تۆمۈر پەردە ئارقىسىدا شەرقىي تۈركىستان» (تۈركىستانى شەرقىيە تەھتەسسىتارىل ھەدىدى) ناملىق كىتابى مىسىرلىق ئىسلام مۇتەپەككۇرى سەييىد قۇتۇبنىڭ ئوقۇپ چىقىشىغا نائىل بولۇپ،

ئۇزۇن يىل ماتېرىيال توپلاپ، جاپالىق ئىزدىنىپ شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا ئۆتكەن ئالىم-ئۆلىمالار، يازغۇچى، شائىرلار، تېۋىپ- ھۆكۈمالاردىن 2000 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ تەرجىمىھالىنى توپلاپ، ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىپ (ئابدۇلجېلىل تۇراننىڭ نەشرگە تەييارلىشىدا)، 2008- يىلى سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئۆز خىراجىتى بىلەن باستۇرۇپ تارقاتقانىنىڭ سىرتىدا، 11- ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىبنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى مىسرامۇ مىسرا ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىپ باستۇرۇپ تارقاتقان.

1988 - يىللىرى پاكىستاننىڭ ئىسلام ئاباد شەھىرىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن ئابدۇخېلىل ئابىد، سىراجىددىن ئەزىزى، قۇتلۇق قادىر، ئاخۇنجانلار بىرلىشىپ، ئۇيغۇرچە پەسىللىك «ئۈمىد» ژۇرنىلىنى تەسىس قىلىپ، 90- يىللارغىچە جەمئىي 8 سان نەشر قىلغان. بۇ ژۇرنال بەك ئاددىي ۋە سۈپەتسىز ژۇرنال بولسىمۇ، زامان شارائىتىچە خېلى بۇرۇن تەسىس قىلىنغان ژۇرنال بولغاچقا ئۇيغۇر ژۇرنالىستلىق تارىخىدا ئەسلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ.

1990- يىللىرى ئۆمەر قانات رەھبەرلىكىدە، گېرمانىيەدە ئۇيغۇرچە ۋە نېمىسچە «شەرقىي تۈركىستان خەۋەرنامىسى» مەجمۇئەسى تارقىتىلىپ، ئۇزۇن داۋاملىشالماي توختاپ قالغان.

ئەركىن ئالپتېكىننىڭ «قىزىل خىتاي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان» ناملىق كىتابى 1990- يىلى ئەرەب تىلىدا سەئۇدىي ئەرەبىستاننىڭ جىددە شەھىرىدە، «شەرقىي تۈركىستاندىن ھىجرىتىمىزنىڭ 40- يىلى» ناملىق كىتابى 1992- يىلى قەيسەرىدە تۈرك تىلىدا نەشر قىلىنغان.

1989- يىلى دىنىي ئالىم مۇھەممەد قارىھاجىم (مۇھەممەد جانتۈرك) باشچىلىقىدا قەيسەرىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار تەرىپىدىن «شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى» قۇرۇلۇپ، مەزكۇر جەمئىيەت قارمىقىدا 1994- يىلى 1- ئايدىن باشلاپ «كۆك بايراق» ناملىق تۈركچە قوش ئايلىق ژۇرنال نەشر قىلىنىشقا باشلىغان. بۇ ژۇرنال ئالدى

مەزكۇر ژۇرنال شەرقىي تۈركىستان ۋەقپى قارمىقىدا گېنېرال مۇھەممەد رىزا بېكىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە نەشىر قىلىنغان. بىر قانچە يىل ئىنچىل ۋە تۆت تىلدا نەشىر قىلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئاستا- ئاستا ئۈچ تىلدا، ئىككى تىلدا ئاخىرىدا تۈركچە بىرلا تىلدا چىقىرىلىدىغان بولۇپ قالغانىنىڭ سىرتىدا، يىلدىن- يىلغا قەرەللىمۇ ئاستىلاپ، يىلدا بىرەر سان كېينچە، ئىككى-ئۈچ يىلدا بىرەر سان چىقىدىغان ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، 2010- يىلىغا كەلگەندە ئاران 71- سانىغان ئېرىشكەن بولۇپ، ھازىر نەشىردىن توختىغان.

ھەمدۇللاھ تارىم تەرىپىدىن يېزىلغان «تۈركىستان تارىخى» ناملىق كىتاب 1983- يىلى ئىستانبۇلدا ئۇيغۇرچە نەشىر قىلىنغان.

80- يىللاردا شەرقىي تۈركىستان كۆچمەنلەر جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئىسمائىل چىنگىز قاتارلىق كىشىلەر تۈركچە «شەرقىي تۈركىستان» ناملىق ژۇرنال تەسىس قىلىپ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، 2003 ـ يىلىغىچە (بىر مەزگىل ئايلىق گېزىت بولۇپ نەشىر قىلىنغان) 193 سان نەشىر قىلىنغان.

1985- يىللاردىن باشلاپ 2004- يىلىغىچە سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئاتاقلىق ژۇرنالىست، مەرھۇم دوكتۇر ئابدۇلقادىر تاش ئەرەب مەتبۇئاتىدا شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئىنچىل ماقالە يېزىپ كەلگەن كىشى بولۇپ، مەرھۇم دوكتۇر ئابدۇلقادىر تاش ئۆزىنىڭ بىر بۆلۈك ماقالىلىرىنى باشقا ئەرەب يازغۇچىلىرىنىڭ ماقالىلىرى بىلەن قوشۇپ كىتابلاشتۇرۇپ تارقاتقان.

90- يىللاردىن باشلاپ ئەرەبچە كىتاب ۋە ماقالە يېزىپ كەلگەن كىشىلەردىن يەنە بىرى سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئۇلتۇراقلىشىپ قالغان توختاخۇن ئەركىن دېگەن كىشىدۇر.

60 يىلدىن بۇيان سەئۇدىي ئەرەبىستاندا ياشاپ، مېھنەتسىز تەر تۆكۈپ كەلگەن كىشىلەردىن بىرى دىنىي ئالىم، تارىخچى ۋە ئەدىب مۇھەممەد قاسىم ئەمىن بولۇپ، بۇ كىشىنىڭ «خانلىقلار دەۋرى ۋە بۈگۈنكى كۈندە شەرقىي تۈركىستان» ناملىق ئەرەبچە كىتابى 2000- يىلى ئىستانبۇلدا تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان. يەنە بۇ كىشى

1997 - يىلى مۇھەممەت ئەمىن ھەزرەتنىڭ «مۇستەقىللىق كۈرىشى» ناملىق كىتابى نەشىر قىلىنىپ دۇنيا ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئىچىدە زىلزىلە پەيدا قىلغان. بۇ كىتاب تۈركچىگىمۇ تەرجىمە قىلىنىپ نەشىر قىلىنغان.

1998- يىلى مەرھۇم مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ناملىق كىتابى مەرھۇم دوكتۇر مۇھەممەد ياقۇپ بۇغرا تەرىپىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرۇلۇپ، مەرھۇم دوكتۇر مۇھەممەد ياقۇپ بۇغرانىڭ ئۆز خىراجىتى بىلەن نەشىر قىلىنغان. 2018- يىلىغا كەلگەندە مەرھۇم مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ۋە مەرھۇم دوكتۇر مۇھەممەد ياقۇپ بۇغرانىڭ ۋارىسلىرىنىڭ رۇخستى بىلەن تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن قايتا باستۇرۇلدى.

1998- يىلى گېرمانىيەدىكى ئابدۇلجېلىل قاراقاش تەرىپىدىن ئىككى ھەپتىدە بىر چىقىدىغان ئۇيغۇرچە «ئۇچقۇن» گېزىتى تەسىس قىلىنىپ، 38 سان نەشىر قىلىنغان. كېيىن بىر مەزگىل تور بېتىدە نەشىر قىلىنغان. يەنە گېرمانىيەدىكى ئابدۇلجېلىل قاراقاش تەرىپىدىن 1995 - يىلى ئۇيغۇرچە پەسىللىك «تامچە» ژۇرنىلى تەسىس قىلىنىپ، تۇنجى سانى 1995- يىلى 4- ئايدا نەشىر قىلىنغان بولۇپ، 2003- يىلىغىچە 10 - سان نەشىر قىلىنغان.

1995- يىلىدىن 2000- يىللارنىڭ بېشىغىچە شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى تەرىپىدىن «ئىستىقلال» گېزىتى ۋە «بىرلىك» ژۇرنىلى تەسىس قىلىنىپ، ھەر بىرى 5- 6 ساندىن نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن ئۆزلىكىدىن توختاپ قالغان.

ئابدۇلھېكىم باقى تەرىپىدىن يېزىلغان «شەرقىي تۈركىستان قوللانمىسى» ناملىق ئۇيغۇرچە كىتاب 1999- يىلى ئىستانبۇلدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەقپى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان.

-2003 يىللىرى ئابدۇلغەنى قۇتۇبى يېتەكچىلىكىدە «ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى» قۇرۇلۇپ «تەپسىرى ئىبنى كەسىر»، «ھۆكۈم ئايەتلىرى تەپسىرى»، «ياخشىلار باغچىسى» قاتارلىق نەچچە ئون پارچە دىنىي كىتاب ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا بېسىپ تارقىتىلغان.

بىلەن مۇھەممەد قارىھاجىم (مۇھەممەد جانتۈرك) رىياسەتچىلىكىدە، ئارقىدىن مۇھەممەد ئەمىن باتۇر رىياسەتچىلىكىدە، 2000- يىللاردىن كېيىن، سېيىت تومتۈرك رىياسەتچىلىكىدە ئىزچىل نەشر قىلىنىپ كەلگەن بولۇپ، بۇگۈن 100- ساندىن ئارتۇق نەشر قىلىنغان بولۇپ، يېقىنقى يىللاردا بۇ ژۇرنالمۇ توختاپ قالدى.

1989- 1990- يىللىرى مۇھەممەت ئەمىن ھەزرەت تۈركىيەدىكى زامان گېزىتىدە شەرقىي تۈركىستان مەكتۇبلىرى نامىدا ھەپتىلىك ماقالە يېزىپ، بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرى تۈركىيە ۋە گېرمانىيەدە ئۇيغۇر ژۇرنالىستلىقىنىڭ رىقابەت دەۋرى بولدى. يەنى ئارقا- ئارقىدىن گېزىت ئۈستىگە گېزىت، ژۇرنال ئۈستىگە ژۇرنال تەسىس قىلىندى ۋە ئارقا- ئارقىدىن ھەممىسى توختاپ قالدى.

1993- يىلى ئابدۇلجېلىل تۇران ۋە پەرھات مۇھەممەدىلارنىڭ مۇھەررىرلىكىدە ئۇيغۇرچە «شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى» ناملىق ئايلىق گېزىت تەسىس قىلىنىپ، 14 سان نەشر قىلىنغان (بۇ گېزىت ۋەتەن سىرتىدا تەسىس قىلىنغان تۇنجى گېزىت بولۇپ، ئالاھىدە تەسىر قوزغىغان)، كېيىن پەسىللىك ژۇرنالغا ئۆزگەرتىلىپ، دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى قارمىقىدا نەشر قىلىنىپ 21- سانىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، 2004- يىلى دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ ژۇرنالنىڭمۇ نەشر قىلىنىشى ئاخىرلاشقان. ئۇنىڭدىن باشقا دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى ئىككى پارچە قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرىنى (ئۇيغۇرچە) ۋە دولقۇن ئىيسانىڭ «ئاسارەتتىكى شەرقىي تۈركىستان» (ئۇيغۇرچە) ناملىق كىتابىنى نەشر قىلىپ تارقاتقان.

1995- يىلى مۇھەممەد ئەمىن ھەزرەت ۋە ئارسلان ئالپتېكىنلەر تەرىپىدىن «شەرقىي تۈركىستان» ناملىق ئايلىق ئۇيغۇرچە گېزىت تەسىس قىلىنغان بولۇپ، 10 سانىغا يەتمەي توختاپ قالغان.

2003 - يىلى 10 - ئايدىن باشلاپ بىر بۆلۈك ئەربابلار تەرىپىدىن ئۇيغۇرچە پەسىللىك «مەرىپەت» ژۇرنىلى تەسىس قىلىنىپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، جەمئىي 6 سان نەشىر قىلىنىپ، توختاپ قالغان، كېيىن يەنە ئەسلىگە كېلىپ ھازىر 23- سانىغا قەدەم قويدى.

2004- يىلى قەيسەرىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلاردىن مۇھەممەد ئەمىن باتۇر ئايلىق تۈركچە «ئىستىقلال» گېزىتىنى تەسىس قىلىپ، تۇنجى سانىنى 2004 - يىلى 8 - ئايدىن باشلاپ تارقاتقان بولۇپ بىر قانچە يىل داۋاملاشقان.

2005- يىلى ئابدۇلجېلىل تۇران تەرىپىدىن مەرھۇم مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ «شەرقىي تۈركىستاندا مۇستەقىللىق كۈرەشلىرى» (مۇھاربەتۇل ھۆررىيەتى ۋەل ئىستىئمار فىي تۈركىستانى شەرقىيە)، مەرھۇم مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىينىڭ «شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ھەقىقەت» (ھەقائىق ئەن تۈركىستانى شەرقىيە) قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن دوكتۇر ماجىدە مەخلۇف ۋە توختاخۇن ئەركىننىڭ بىر بۆلۈك ماقالىلىرى توپلىنىپ، «شەرقىي تۈركىستاندا مۇستەقىللىق كۈرەشلىرى» (مۇھاربەتۇل ھۆررىيەتى ۋەل ئىستىئمار فىي تۈركىستانى شەرقىيە) دېگەن ئىسىمدا (ئەرەبچە) تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان.

2006- يىلى 9- ئايدا تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن ھازىر ئاۋستىرالىيەدە ياشاۋاتقان سۆيۈنگۈل چانىشېپ خانىمنىڭ ئەسلىمىسى — «كۆز يېشىدا نەملەنگەن زېمىن» ناملىق كىتابى نەشىر قىلىنىپ دۇنيا ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئىچىدە بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى. ئارقىدىن بۇ كىتاب تۈركچىگىمۇ تەرجىمە قىلىنىدى ھەمدە سىلاۋيان يېزىقىدىمۇ نەشىر قىلىندى.

يېقىنقى يىللاردا قازاقىستاندا ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر يازغۇچىلاردىن زىيا سەمەدىنىڭ «ئىستەك ۋە قىسمەت»، مەشۇر روزىيۇفنىڭ «ئۇيغۇر زېمىنىدا» ناملىق ئەسلىمىلىرى، يولداش ئەزەمەتوفنىڭ «تارىخ ساۋاقلىرى» ناملىق ماقالىلار توپلىمى سىلاۋيان يېزىقىدىن ئۇيغۇر يېزىقىغا ئاغدۇرۇلۇپ، تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ سىرتىدا،

2004- يىلى شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا ئۆزگەرگەندىن بۇيان قەرەللىك ژۇرنال ياكى گېزىت تەسىس قىلمىغان بولسىمۇ يىللىق پائالىيەت دوكلاتى، كونفرانسىس لېكسىيەلىرىنى ئۇيغۇرچە، ئىنگلىزچە تىللاردا نەشىر قىلىپ تارقاتقانىنىڭ سىرتىدا، 2005- يىلى ئابدۇلجېلىل تۇران تەرىپىدىن نەشىرگە تەييارلانغان «بارىن ئىنقىلابىنىڭ 15 يىلى» ناملىق كىتابنى نەشىر قىلىپ تارقاتقاندىن كېيىن، ئەنگلىيەلىك يازغۇچى كىرىستىيان تايلورنىڭ «Weldwest China» ناملىق كىتابىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ، «تىنچماس ئۇيغۇر دىيارى» دېگەن ئىسىم بىلەن 2006 - يىلى نەشىر قىلىپ تارقاتتى. 2007- يىلى ئەلىخان تۆرە ساغۇنىنىڭ «تۈركىستان قايغۇسى» (ئۇيغۇرچە) ناملىق كىتابىنى باستۇرۇپ تارقاتتى. ئەڭ ئاخىرىدا يەنى 2010- يىلى مەرھۇم تۇرغۇن ئالماسنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا چەكلەنگەن ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوقۇشى ۋە ئۆيلىرىدا ساقلىشى جىنايەت ھېسابلانغان «ئۇيغۇرلار» ناملىق كىتابىنى (ئۇيغۇرچە) زامانغا مۇناسىپ، سۈپەتلىك قايتا نەشىر قىلىپ تارقاتتى. (ئەينى چاغدا بۇ كىتابنىڭ تۈركچە تەرجىمىسىمۇ ئىستانبۇلدا «سەلەنگە» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىندى.)

2007- يىلدىن كېيىن «سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى» قۇرۇلۇپ ھەدىس توپلاملىرى ۋە بىرقانچە پارچە دىنىي كىتابلارنى باستۇرۇپ تارقاتقان بولۇپ، بۇ يىل يەنى 2018- يىلى «تەپسىرى زەرىف» ناملىق قۇرئان كەرىم تەپسىرىنى بېسىپ تارقاتتى.

2017- يىلى تۇرغۇن ئالماسنىڭ ئۈچ كىتابى يەنى ھۇنلارنىڭ قىسقىچە تارىخى، ئۇيغۇرلار ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قاتارلىق ئۈچ كىتاب بىر كىتاب ھالىتىدە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن باستۇرۇلغان.

شىۋىتسىيەدە مەرھۇم كۈرەش كۆسەننىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە «غەرب شاملى» ژۇرنىلى تەسىس قىلىنىپ تۇنجى سانى 2004- يىلى نەشىر قىلىنغان. كۈرەش كۆسەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، 2007- يىللىق 1- سانى خەلقئارا ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى تەرىپىدىن چىقىرىلغان بولسىمۇ قەلەمكەشلەر تەشكىلاتى بۇ ژۇرنالنى داۋاملاشتۇرالمىغان.

ۋە ئىسلام ئالەمىگە ئاڭلىتىشنى ۋە مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر تىلىمىزنى ساقلاپ قېلىشنى ئاساسى مەقسەت ۋە نىشان قىلىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ يۇزلەرچە گېزىت - ژۇرنال ۋە رادىئو- تېلېۋىزىيەلىرىگە قارشى چەتئەلدە - دېموكراتىك ئەللەردە ئېلىپ بارغان تەشۋىقات ماتېرىياللىرىمىز ئەنە يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت.

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر مەتبۇئاتىنىڭ ئىچكى داۋملىشالماسلىقىدىكى بىردىنبىر سەۋەب بۇ ھەقتە پىشىپ يېتىلگەن كەسپ ئەھلىنىڭ بولماسلىقى ياكى ئاز بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەخسۇس بۇنىڭغا ئاجرىتىلغان ئىقتىسادىي مەنبەنىڭ بولماسلىقى دەپ قارايمەن.

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر مەتبۇئاتى ھەققىدە سۆز بولغاندا، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر مەتبۇئاتىمىزغا ئاساس سالغان مەرھۇم مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ۋە مەرھۇم ئىيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ئەپەندىلەرنى ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىمىز.

مۇسا تۈركىستانىنىڭ «تۈركىستان فاجىئەسى»، پولات قادىرنىڭ «ئۆلكە تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ھازىرقى ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىندى.

2013- يىلىدىن باشلاپ دوكتور نۇر ئەھمەد قۇربانىنىڭ مەسئۇللىقىدا، دوكتور ئەركىن ئەكرەمنىڭ باش تەھرىرلىكىدە «ئانا يۇرت» ناملىق پەسىللىك ئىلمىي تەتقىقات تور ژۇرنىلى تەسىس قىلىنىپ ھازىرغىچە 9 سان ژۇرنال ئىنتېرنېت توردا تارقىتىلغاندىن سىرت بىر نەچچە يىللىق سانلىرى كىتابلاشتۇرۇلدى.

2016- يىلى ئابدۇلجېلىل تۇران تەرىپىدىن «شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى» ناملىق يېرىم يىللىق چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي ، سىياسىي ژۇرنال تەسىس قىلىنىپ، 2016- 2017- يىللىرى تولۇق 4 سان ژۇرنال نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

2017- يىلى 1- ئايدا «ئەۋلاد گۇرۇپپىسى» تەرىپىدىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىغا بېغىشلانغان پەسىللىك «سىيرەت ئۆسمۈرلەر ژۇرنىلى» تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

2017- يىلى 8- ئايدا دوكتور مۇرات ئورخۇن باشچىلىقىدا «ئىزدىنىش» ناملىق پەسىللىك، ئەدەبىي تور ژۇرنىلى چىقىرىلىشقا باشلىغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر پارچە كىتاب يازغان ئادەم ئايرىم بىر نەشرىيات ئىسمىدا كىتاب نەشر قىلدۇرغان بولۇپ، ھازىرقى نەشرىياتلارنىڭ سانىنى ئېنىق تۇرغۇزۇپ چىقىشمۇ قىيىن مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا. بۇ ئەھۋال كەلگۈسى نەشرىياتچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقۇسى.

بىزنىڭ 70 يىلدىن بۇيان ۋەتەن سىرتىدا مۇستەقىللىق يولىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىمىزنىڭ بىردىنبىر قورالى بولغان مەتبۇئات بويۇملىرىمىز (گېزىت- ژۇرنال ۋە كىتاب) شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ئۇيغۇر خەلقىگە توختاۋسىز يۈرگۈزۈۋاتقان زۇلۇم ۋە قانلىق پاجىئەلەرنى تۈركىيە خەلقىگە، جۇملىدىن، دېموكراتىك ئەللەرگە، ئەرەب

# ۋەتەنپەرۋەرلىك ئادەمىيلىكنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشىدۇر

**مۇھەممەد يۈسۈپ**

[ شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ رەئىسى،
سەئۇدىي ئەرەبىستان خەلقئارا رادىيوسى تۈركىستان بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى.]

**Muhammed Yusuf ER**

*[Doğu Türkistan Ulemalar Birliği, Araştırmacı-Yazar]*

ۋەتەن سۆيگۈسى ئەڭ تەبىئىي، ئەڭ مۇقەددەس ۋە ئەڭ سەممىي سۆيگۈدۇر. چۈنكى ھەرقانداق بىر ئادەم ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتىنىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندا قاتتىق سېغىنىدۇ، ۋۇجۇدى ۋەتىنىدىن ئايرىلسىمۇ، قەلبى قەتئىي ئايرىلالمايدۇ.

بىر ئەرەب شائىرى مۇنداق دېگەن:

سۆيگۈڭنى بەر پەقەت تۇنجى يۇرتۇڭغا،
تۇنجىسى ھەقىقىي سۆيگۈدۇر ھاي ـ ھاي.
يىگىتلەر ھەر جايغا كۆنۈپ قالسىمۇ،
گەتمەيدۇ دىلىدىن پەقەت ئۆسكەن جاي.

ھەركىمنىڭ ۋەتىنى خۇددى ئانىسىنىڭ باغرىدەك ئىللىق ۋە ئارامبەخىشتۇر. شۇڭا ئۇنى «ئانا ۋەتەن» دەيمىز. ئانىمىز خەۋپكە ئۇچرىسا بىزنىڭ قانچىلىك بىئارام بولۇپ كېتىدىغانلىقىمىز ۋە ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىمىزنى سۆزلەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. شۇنداق ئىكەن مۇستەملىكىدە قالغان ۋەتىنىمىزنى قۇتقۇزۇش يولىدا ھەرىكەت قىلماسلىق، ئۇنىڭ غېمىنى يېمەسلىك تولىمۇ ۋاپاسىزلىق

## ئىسلامدا ۋەتەن سۆيگۈسى

شەكسىزكى، ئىسلام دىنىمىزدا ۋەتەن سۆيگۈسى ئالللاھتائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۆيگۈسىدىن قالسا، ئەڭ شەرەپلىك ۋە مۇقەددەس سۆيگۈدۇر. ھەقىقىي مۇئمىن ئادەم ئەلۋەتتە ئۆز ۋەتىنىنى سۆيىدۇ، ئۇنىڭغا سادىق بولىدۇ. چۈنكى ھەقىقىي مۇئمىنلىك ۋاپادارلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. خۇددى ئىبادەتلەرمۇ ئىنسانىنى باشقا مەخلۇقاتتىن ئالاھىدە پەرقلىق بىر مۆجىزات سۈپىتىدە يارىتىپ، ئۇنىڭغا بۇ كائىناتنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ۋە يەر يۈزىنىڭ خوجايىنلىقىنى ئاتا قىلغان كەرەملىك ئالللاھقا شۈكۈر ۋە مىننەتدارلىق ئىزھار قىلغان ھالدا ئادا قىلىنىدىغان بىر ۋاپا بۇرچى بولغاندەك، ۋەتەننى سۆيۈش، ئۇنىڭغا كۆيۈنۈش، ئۇنىڭ ئازاتلىقى يولىدا مال-مۈلكىنى، جېنىنى ۋە قىممەتلىك ھەر نەرسىسىنى پىدا قىلىش ھەرقانداق بىر پۇقرانىڭ ئەڭ ئەقەللىي ۋاپا بۇرچىدۇر.

## ئىسلامدا ۋەتەنپەرۋەرلىك

ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى، ئىسلام دىنى ۋەتەننى قوغداشنى مۇھىم پەرزلەردىن سانايدۇ. بۇنى مۇنداق بىر قانچە نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن:

ئىنسانىنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە بولغان سۆيگۈسى تۇغۇلۇشىدىنلا بار بولغان تەبىئىي خىسلەت بولۇپ، ئىسلام دىنى ۋەتەن سۆيگۈسىنى ئالاھىدە مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەشەببۇس قىلىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى ئىنسانىنىڭ تەبىئىي فىترىتىگە زىت كەلمەيدۇ، بەلكى تەبىئىي تۇيغۇنى ۋە فىترەتنى پەرۋىش قىلىپ، ئۇنى يېتەكلەيدۇ. قۇرئان كەرىمدىمۇ ۋەتەنسىزلىك بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش تەڭلا ئورۇندا قويۇلغان. يەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ قىسسەسىنى بايان قىلىۋېتىپ ﴿ئەگەر بىز ئۇلارغا: ‹ئۆزەڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار› دەپ ئەمر قىلغان بولساق﴾[1] دېگەن بىر ئايەتنى كەلتۈرىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغاندەك «ياكى» دېگەن بۇ سۆز بۇ جايدا ئۆزىدىن بۇرۇن كەلگەن ئىش

---

[1] نىسا سۈرىسى، 66- ئايەت.

ۋە ئادەمىيلىككە يات بىر قىلىقتۇر. ئەمەلىيەتتە ۋەتەن بىزنى تۇغقان ئانىمىزدىنمۇ قەدىرلىك ۋە قىممەتلىكتۇر. چۈنكى، ئانىلارنى ئۆستۈرگەن تۇپراقمۇ ئەنە ئاشۇ ۋەتەن ئەمەسمۇ؟!

ھەركىمنىڭ ۋەتىنى ئۇنىڭ ھەقىقىي ئۆز ئۆيىدۇر. ھەركىم ئۆچۈن ئۆزىنىڭ ئۆيى ئىسسىق ۋە يېقىملىق بولغاندەك، ئۇنىڭ ئۆز ۋەتىنىمۇ شۇنداق ئىسسىق ۋە يېقىملىقتۇر. كونىلاردىمۇ «ئۆز ئۆيۈمنىڭ خوشلۇقى، پۈت-قولۇمنىڭ بوشلۇقى» دېگەندەك ماقال-تەمسىللەر كەڭ تارالغان. بىز ئادەتتە ئۆيىمىزنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى رېمونت قىلىش ياكى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن قانچىلىك مەبلەغ، ۋاقىت، كۈچ ۋە ئەقىل سەرپ قىلغىنىمىزدەك، ۋەتىنىمىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈنمۇ ھېچبولمىغاندا شۇنچىلىك كاللا قاتۇرىشىمىز ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك.

ۋەتەن سۆزىنى تىلغا ئالغاندا قەلبى لەرزىگە كەلمىگەن ئادەمنى ئىنسانىيلىقتىن نېسىۋىسىنى تولۇق ئالالمىغان ئادەم دېسەك خاتالاشقان بولمايمىز. ۋەتەن ھەر ئىنسانغا نىسبەتەن ئەڭ قىممەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ يولىدا پۇل-مېلىنى، جېنىنى ۋە قىممەتلىك ھەر نەرسىسىنى پىدا قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ۋەتەن، خەلقىنى دۈشمەنلىرىنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن جان تىكىپ قوغداش، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ، ھەربىر ئادەمنىڭ باش تارتىپ بولماس بۇرچىدۇر.

ۋىجدانلىق ئىنسان ئۆز ۋەتىنىن سۆيۈشنى ئىنسانلىق بۇرچ دەپ بىلىدۇ. چۈنكى ئىنسان خاراكتېرى ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇشنى، ياخشىلىق قىلغاننى سۆيۈشنى تەبىئىي زۆرۈرىيەت دەپ تونۇيدۇ. دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىللىق باغرىنى ئېچىپ، ئۇنى تۈرلۈك نېمەتلىرى بىلەن كۈتۈۋالغان، ئۇنى بارچە ياخشىلىقلىرىدىن بەھرىمەن قىلغان، كۆكسى كەڭ، قوينى ئىسسىق ئاشۇ ئانا ۋەتىنىدىنمۇ سۆيۈملۈك بىرى بارمۇ؟! ياخشىلىقنى ياخشىلىق قىلىش بىلەن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ ئەلا بىرى بارمۇ؟!

پەرز قىلىنغان. جىھاد ھەققىدە چۈشكەن تۇنجى ئايەت ۋەتەن مەسىلىسىدە چۈشكەن بولۇپ، ئاللاھتائالا مۇسۇلمانلارغا ئۇلارنى ئۆز ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقارغان، ئۆي-جايلىرىنى ۋە مال-مۈلكىنى تارتىۋالغان كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىشنى پەرز قىلغان. ﴿ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئۇلار پەقەت «رەببىمىز ئاللاھتۇر» دېگەنلىكى ئۈچۈنلا، ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلغان ئىدى﴾[2].

**ئىسلام تارىخى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ نەمۇنىسىدۇر**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا يۈز بەرگەن بەدرى، ئۇھۇد ۋە خەندەك قاتارلىق چوڭ ئۇرۇشلارنىڭ ۋەتەننى قوغداش — مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىن ئىبارەت مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى دۆلىتىنى ۋە يېگانە ۋەتىنىنى قوغداش ئۈچۈن بولغانلىقىنى ۋە مۇشۇ ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىنىڭ ئەتراپىدا يۈز بەرگەنلىكىنى بىلگىنىمىزدە، جىھادنىڭ ئىسلام دىيارىنى قوغداش ئۈچۈن بۇيرۇلغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىمىز. چۈنكى بەدرى ئۇرۇشى ھىجرىيىنىڭ 2-يىلى (624م) رامىزان ئېيىنىڭ 17-كۈنى جۈمە سەھەر ۋاقتىدا مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان بەدىر دېگەن جايدا بولغان. ئۇھۇد ئۇرۇشى ھىجرىيىنىڭ 3-يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 7-كۈنى (مىلادىيە 625-يىلى 23-مارت) مەدىنەمۇنەۋۋەرە شەھرىدىكى ئۇھۇد تېغىدا بولغان. خەندەك ئۇرۇشى ھىجرىيىنىڭ 5-يىلى شەۋۋال ئايدا (627م) مەدىنىگە يېقىن بىر جايدىكى سەل تېغىنىڭ ئېتەكلىرىدە بولغان. دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى باشقىلارنىڭ ۋەتىنىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇرۇش قىلمىغان، بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتىنى بولغان مەدىنە شەھرىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئۇرۇشقان. شۇڭا بۇ ئۇرۇشلار مەككىدە ياكى باشقا جايلاردا ئەمەس، مەدىنە شەھرىنىڭ ئەتراپىدا بولغان. چۈنكى كاپىرلار

---

[2] ھەج سۈرىسى،، 39-، 40- ئايەت.

بىلەن كېيىنكى ئىشنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، قايسىسىنى تاللىسا بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، ئاللاھتائالامۇ مەزكۇر ئايەتتە يۇرتىدىن ئايرىلىشنى ئۆلگەن بىلەن باراۋەر دەپ كۆرسەتكەن. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەتەنسىزلىكىمىز ۋە ھىجران-پىراقىمىزنىڭ بىزنى قايسى ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ باقىدىغان بولساق، ئەمەلىيەتتە ۋەتەنسىزلىكنىڭ ھەقىقەتەن تەگدىشى يوق بىر ئازاب ئىكەنلىكىنى بايقايمىز ياكى ھەر مىنۇت ھېس قىلىپ ياشىماقتىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن ئايرىلىش ئالدىدا ئۇنىڭ «ئى سۆيۈملۈك يۇرتۇم مەككە! قەۋمىڭ مېنى كېتىشكە مەجبۇر قىلمىسا ئىدى، سەندىن ھەرگىز ئايرىلمايتتىم» دېگەن سۆزى تارىخ كىتابلىرىغا پۈتۈلگەن. ئەمەلىيەتتە مەككە بولسا، «گىياھ ئۈنمەيدىغان بىر ۋادى» ئىدى. لېكىن بىر جاينىڭ يېشىللىقىغا، پاراۋانلىقىغا، ھاۋاسىنىڭ يېقىشلىقىغا كۆڭۈل قىلىش ھەرگىزمۇ ئۇ يەرنى سۆيۈپ قالغانلىق ھېسابلانمايدۇ. كۆڭۈلدىن ۋاز كەچمەك قولاي، ئەمما سۆيگەندىن ۋاز كەچمەك ئىمكانسىزدۇر. ھەر ئادەمنىڭ ئۆز يۇرتى مەيلى قانچىلىك نامرات ياكى چەت-سەھرا بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ مۇھەببىتى قەلبىنىڭ قات-قېتىغا ئورناپ كەتكەن بولىدۇ.

ساھابە ئەبۇزەر غىفارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ مەدىنىگە كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن مەككىنىڭ ئەھۋالىنى سورايدۇ. ئۇ، مەككىنىڭ يوللىرى چېچەكلەۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇ يەرنىڭ بىر قانچە سۈپەتلىرىنى تىلغا ئېلىشىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بولدى قىلساڭچۇ، يۈرىكىمنى بىردەم ئارامىدا قويساڭچۇ! دەيدۇ. بۇ قىسسە توغرىسىدا ئوخشىمىغان رىۋايەتلەر بولۇپ، بەزىلىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزىگە لىمىدە ياش ئالغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئىنسانىنىڭ ئۆز ۋەتىنىنى قوغدىشى ئىسلام پەرزلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى ئىسلام دىنى ۋەتەننىڭ بارلىق پۇقرالىرىغا ۋەتەننى قوغداشنى ۋە دۈشمەن كەلسە ئۇنىڭغا قارشى ئەر-ئايال، چوڭ-كىچىك ھەممە بىردەك جىھادقا چىقىشنى

بېرىپ، ئۇ جايدا دۆلەت قۇرغاندىن كېيىنلا شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە قانۇن-تۈزۈملىرى ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغان. بۇنىڭدىن شۇ خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدۇكى، دىنىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە ئىبادەتلەرنى ئەركىن ھالدا ئورۇنداش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ۋەتەن كېرەك، مۇستەقىل دۆلەت كېرەك.

## بىز ئىسلامنىڭ روھىغا ئەمەل قىلمىدۇق

بۇ مەسىلە شۇنداق روشەن ۋە ئېنىق تۇرسىمۇ، نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى، ۋەتەننى قوغداشنىڭ نەقەدەر مۇھىم پەرز ئىكەنلىكى مۇسۇلمانلارغا ئۆگىتىلمەي كەلدى. مەدرىسىلەردىكى دەرسلىكلەردىن ئورۇن ئالالماي كەلدى. مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تولۇق ئورۇنداش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەزىزلىقىنى، ھۆرلۈكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مۇستەقىل ۋەتەننىڭ نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلمەي كەلدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، كېيىن بىر قانچە يۈز يىل ئىچىدە مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارلىرى كاپىرلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى، بايلىقلىرى تالان-تاراج قىلىندى، ئۆزلىرى خارلاندى. ھازىرمۇ نۇرغۇنلىرى مۇستەملىكە ھاياتىدا، يەنە كۆپلىرى بېقىندىلىق ھاياتىدا ياشاشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى. چۈنكى مۇسۇلمانلار ۋەتەننى قوغداشنىڭ دىننى قوغداشقا ئوخشاشلا زۆرۈر مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى، مۇستەقىل ۋەتەن بولمىسا دىنىنىڭ پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنمىدى ۋە چۈشەندۈرمىدى. بۇنىڭدا ئەڭ ئارقىدا قالغان ۋە ئەڭ چوڭ زىيان تارتقان خەلق شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولدى. چۈنكى شەرقىي تۈركىستانغا ئىسلام دىنىمىز كىرگەنگە مىڭ يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، دىنىمىزنىڭ ۋەتەنپەۋەرلىك روھى، ۋەتەننى قوغداشنىڭ پەرزلىكى، مۇستەقىل ۋەتەننىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكى ھەققىدىكى پرىنسىپلار ۋە تەلىماتلار خەلقىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن، ئۇلارغا ئۆگىتىلمىگەن، مەكتەپ-مەدرىسلىرىمىزدىمۇ بۇ ماۋزۇدا دەرسلىك بولمىغان، ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ۋەز-تەبلىغلىرىدىمۇ مۇنداق بىر ماۋزۇغا ئورۇن بېرىلمىگەن. نەتىجىدە، خەلقىمىز دىنىمىزنىڭ ئەمەل-ئىبادەت قىسمىنىلا

ئىسلام دىيارىغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن، مۇسۇلمانلار بولسا ئىسلام دىيارىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقا ۋە ئۇلارنى ئارقىغا قايتۇرغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئىسلام دىيارلىرىنى قوغداش يولىدا جىھاد قىلىپ، بارغان جايلىرىدا شەھىد بولغان ۋە قەبرىلىرى شۇ جايلاردا قالغان. كۆپلىگەن ساھابىلەرنىڭ قەبرىلىرىنىڭ شام، ئىراق، مىسىر، يەمەن، تۈركىيە، ئىران، ئەزەربەيجان قاتارلىق جايلاردا قالغانلىقى بۇنىڭ مىسالى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىنكى ئون يىللىق ھاياتىنى مىسال قىلىدىغان بولساقمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىدىكى ھاياتى مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى دۆلىتى بولغان مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنى مەككە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداش بىلەن، مۇھاجىرلارنىڭ ئەسلى ۋەتىنى بولغان مەككە مۇكەررەمە شەھىرىنى مۇشرىكلارنىڭ چاڭگىلىدىن ئازاد قىلىش ئارزۇسى ۋە تەييارلىقى بىلەن ئۆتكەنلىكىنى بىلىمىز. ﴿ئاللاھ پەيغەمبىرىنىڭ چۈشىنى ھەقىقىي تۈردە راستقا ئايلاندۇردى. (ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ خالىسا، سىلەر خاتىرجەم بولغان (بەزىلىرىڭلار) باشلىرىڭلارنى چۈشۈرگەن ۋە (بەزىلىرىڭلار) قىرقىغان ھالدا، قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرەمگە كىرىسىلەر﴾[3] دېگەن ئايەتمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ۋەتىنى مەككىنى قانچىلىك بەك سېغىنغانلىقىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا كىرىشكە قانچىلىك تەقەززا بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىنىڭ 13 يىلىنى مەككىدە، قالغان 10 يىلىنى مەدىنىدە ئۆتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى 13 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىدا ئاۋۋالقى ئۈچ يىلنى كىشىلەرنى ئىسلامغا مەخپىي دەۋەت قىلىش، كېيىنكى ئون يىلنى ئىسلامغا ئاشكارا دەۋەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، بۇ جەرياندا شەرىئەتنىڭ ئەھكاملىرى ۋە قانۇن-تۈزۈملىرى بەلگىلەنمىگەن. پەقەت مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ

[3] فەتھ سۈرىسى، 27- ئايەت.

ئەسەرلەردىن خەلقىمىز ئاز- تولا نەپ ئالغان بولسىمۇ، ئۇلار كۆتۈلگەن نەپكە ئېرىشەلمىدى. خۇسۇسەن مەدرىسىلەردىكى تالىپلىرىمىزدا دىنىمىزدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىككە ئالاقىدار بىلىملەر يېتىلمىدى. ئۇلار ئۇمۇمەن ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ھەر خىل جامائەتلەرنىڭ پىكىر- قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن پىكىرىي ئەسەرلەرنى كۆپرەك ئوقۇغانلىقتىن، ئۇلاردا چەتئەللەردىكى شۇ جامائەتلەرگە ئىنتىلىدىغان، ئىسلام دۆلەتلىرىگە چىقىپ كېتىشكە تەلپۈنىدىغان، ۋەتەن بىلەن كارى بولمايدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. بۇ سەلبىي ئەھۋال خىتاينىڭ ياشلىرىمىزدا باش كۆتۈرگەن ئاتالمىش ھىجرەت سەپەرۋەرلىكىنى باھانە قىلىپ، ئۇلارنى سۇرىيە قاتارلىق دۆلەتلەر چىقارتىپ، ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ۋە ئۇلارنى بارغان جايلىرىدا «ئۇيغۇر تېررورىستلىرى» دەپ ئېلان قىلىپ «بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇش» پىلانىغا يول ئاچتى. چۈنكى ئاشۇ دىندار ياشلىرىمىزدا ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ۋە چۈشەنچىسى بولمىغانلىقتىن. ئۇلار ئۆز ۋەتىنىنى ۋە خەلقىنى ئوت ئىچىدە تاشلاپ قويۇپ، سۇرىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە جىھاد قىلغىلى كەتتى. ئەڭ پاجىئەلىك بولغان يېرى شۇكى، ئىسلام دۈشمەنلىرى مۇسۇلمان ياشلارنىڭ ئېڭىغا پەقەتلا شەھىد بولۇپ ئۆلۈش پىكرىنى سىڭدۈرۈشتە غەلىبە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمان ياشلار دىنغا خىزمەت قىلىش، ئاللاھتائالانىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش، كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلىش نىيىتى بىلەن ئەمەس، پەقەتلا شەھىد بولۇپ ئۆلۈش ئۈچۈنلا جىھاد قىلىشتىن ئىبارەت ئوڭاي يولنى تاللىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا ئۇلار جىھاد مەيدانلىرىدا ئۆلسىلا مەسىلە ھەل بولىدۇ ۋە ئۇلار ئارمىنىغا يېتىدۇ. ھالبۇكى، دىنىمىزدا ئەمەل- ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن نىيەتنىڭ خالىس بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى يۆنىلىشىنىڭ قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق بولۇشى شەرت. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى، شۇنداقلا ئىسلامنىڭ ئالتۇن چاغلىرىدا ياشاپ ئۈچ قىتئەدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مۇسۇلمانلار جىھاد مەيدانلىرىغا ئۆلۈش ئۈچۈن ئەمەس، غەلىبە قىلىش ئۈچۈن چىقاتتى. دۈشمەن ئۆزلىرىدىن كۈچلۈك ۋاقىتلاردا جىھادقا چىقىپ

ئۆگەنگەن، ئەمما دىنىمىزنى ۋە ئۆزىمىزنى قوغداپ قېلىشىمىزنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تۈتقۇسى بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز قالغان. شۇڭا بىزدە ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ ۋەتەننى سۆيۈش، ئۇنى قوغداش ئېڭى يېتىلمىگەن. بۇنىڭدىن يۈز يىل ئىلگىرى، يەنى 1915-يىلى تۈركىيەنىڭ چاناققەلئە شەھىرىدە 300 مىڭدىن كۆپرەك تۈرك ئەسكىرى ئەزىز جېنىنى ۋەتەن ئۈچۈن تەقدىم قىلىش بەدىلىگە تۈركىيەنى تاجاۋۇزچى قوشۇنلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداپ قالغان چاغدا، بىزنىڭ خەلقىمىز ۋەتەن دېگەن نېمە؟ مۇستەقىللىق دېگەن نېمە؟ ھەممىدىن خەۋەرسىز ھالدا، بايلىرىمىز ئەيش-ئىشرەتتە، يوقسۇللىرىمىز قورساق تويغۇزۇشنىڭ دەردىدە ئاۋارە ئىدى. ئابدۇقادىر داموللامغا ئوخشىغان قەلبى ئويغاق، ۋىجدانلىق يولباشچىلىرىمىز جەمئىيەتتىن يەكلىنىۋاتقان، جانباقار موللىلارنىڭ بازىرى ئېقىۋاتقان شۇ چاغلاردا، خەلقىمىزدە «ۋەتەن» دېگەن ئاڭ بولمىدى. تا ھازىرغىچە خەلقىمىزدە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىي ئومۇملىشىپ بولالمىدى.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن باشلاپ خىتاينىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ئۆزىمىزنى ئوڭشىۋېلىشىمىزغا قىسمەت پۇرسەت تېپىلغان ئىدى. بىر تەرەپتىن «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»، «ئۇيغۇرلار»، «ئانا يۇرت» قاتارلىق رومانلار نەشر قىلىنىپ خەلقىمىزدە ئاز-تولا ۋەتەنپەۋەرلىك روھى ئويغىنىشقا باشلىغان. يەنە بىر تەرەپتىن مىسىر، سەئۇدى ئەرەبىستان، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن ئىسلامىي ئەسەرلەرنىڭ كىرىشى، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان پىكرىي كىتابلارنىڭ تارقىلىشى، يوشۇرۇن مەدرىسىلەردە دىنىي ئوقۇتۇشنىڭ ئومۇملىششى نەتىجىسىدە خەلقىمىزنىڭ دىنىي سەۋىيەسى بىرقەدەر كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ياش-ئۆسمۈرلىرىمىز يەنىلا ئىسلامنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئالاقىدار ھېچقانداق بىلىمگە ئېرىشەلمىدى. چۈنكى چەتئەللەردىن كىرگۈزۈلگەن دىنىي ئەسەرلەر ئومۇمەن، شۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، دىنىي ۋە مەدەنىي ئەھۋالىغا قاراپ يېزىلغان ئەسەرلەر بولغانلىقتىن، بۇ

كۆچلۈك ئىدى، كاپىرلارغا كۈچى يېتەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ، مەككىنى ئازاد قىلىشقا ئاتلانغان.

بىزنىڭ مۇسۇلمان ياشلىرىمىزنىڭ مېڭىسىنى ئىسلام نامى بىلەن زەھەرلەشنى پىلانلىغانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك چۈشەنچىسىدىن ۋە روھىدىن مەھرۇم قىلىپ كەلدى. ئىمام مۇسلىم جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئەسەبىيلىككە چاقىرىش ياكى ئەسەبىيلىككە ياردەم قىلىش يولىدا ئۆلىدىكەن، ئۇ كاپىرلىق ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ»[4]. ھەدىستىكى ئەسەبىيلىك قەبىلىۋازلىقنى، بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىگە قايتىش ئۈچۈن قىلىنغان بارلىق ھەرىكەتلەرنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنىنىڭ غەلىبىسىگە تەڭ كېلەلمەي مەجبۇرىي مۇسۇلمان بولغان ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ تولىسى پۇرسەت تاپسىلا ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىگە قايتىشنى ۋە شۇ جاھىلىيەتكە دەۋەت قىلىشنى قولدىن بەرمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنلا بەزى ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا باش كۆتۈرگەن مۇرتەدلىك (دىندىن يېنىۋېلىش) ھەرىكىتى بۇنىڭ مىسالى. ئۇ چاغدا، مەككە، مەدىنە ۋە تائىف شەھەرلىرىدىن باشقا شەھەرلەردىكى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ كۆپ سانلىقى مۇرتەد بولغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «كىمكى ئەسەبىيلىككە چاقىرىش ياكى ئەسەبىيلىككە ياردەم قىلىش يولىدا ئۆلىدىكەن، ئۇ كاپىرلىق ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ» دېگەن سۆزى ئىسلامدىن يېنىۋېلىپ، بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىگە قايتماقچى بولغان ئەرەبلەرگە قارىتىلغان ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ئەمما مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ زەھەرلەشنى پىلانلىغانلار بۇ ھەدىسنى تەتۈر چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى ۋەتەنپەرۋەرلىككە، مىللەتچىلىككە قارىتىلغان دەپ جۆيلۈگەن. ھالبۇكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەقىقىي دىيانەتنىڭ ئىپادىسىدۇر.

[4] سەھىھ مۇسلىم، 1850- ھەدىس.

ئۆزلىرىنى نابۇت قىلىۋەتمەستىن، پەيت كۈتەتتى، شەرت-شارائىت ھازىرلايتتى. بۇ خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى ئون ئۈچ يىللىق دەۋەتى جەريانىدا، كاپىرلارنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيلىكىگە، زۇلۇم-سىتەملىرىگە سەۋر قىلىپ پۇرسەت كۈتكىنىگە، مەدىنىدىن ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىپ چىققاندا، كاپىرلار ئالدىنى توسۇۋېلىپ مەككىگە كىرگۈزمىسىمۇ، قوبۇل قىلىش قىيىن بولغان ناھەق شەرتلەرنى قويۇپ تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، مەدىنىگە قايتىپ كەتكىنىگە ئوخشايدۇ. جىھادنى كۈتۈپ، پىلاننى پۇختا قىلىپ تۇرغانلارغا ئالتۇندەك پۇرسەتلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىدا شەك يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە بېرىپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرغان چاغدىمۇ، ئاللاھتائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا جىھاد قىلىشنى پەرز قىلمىغانلىقى ۋە ئۇلارنى داۋاملىق سەۋر قىلىپ كۈچلىنىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەنلىكى، كېيىنچە مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپىيىپ، ئۆزلىرى كۈچلىنىپ شارائىت ھازىر بولغاندا ئۇلارغا جىھادنىڭ پەرز قىلىنغانلىقى قاتارلىق بىر قاتار تارىخىي ۋەقەلىكلەر مۇسۇلمانلارنىڭ تەييارلىقسىز ئۆزلىرىنى ئۇرۇشقا ئېتىپ نابۇت بولۇپ تۈگەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇدەيبىيە كېلىشىمدە ناھەق شەرتلەرنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى «مۇسۇلمانلار مەككىدىن مەدىنىگە قېچىپ بارسا، ئۇلارنى مەككىگە قايتۇرۇپ بېرىش، مەدىنىدىن مەككىگە قېچىپ بارغانلارنى قايتۇرۇپ بەرمەسلىك» دېگەن شەرتنى قوبۇل قىلغانلىقى، كېيىنچە مەككىلىكلەرنىڭ كېلىشىمنى بۇزغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ قوماندىنى ئەبۇ سۇفيان مەدىنىگە بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا تۆۋەنچىلىك بىلەن كېلىشىمنى داۋاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ تەلەپنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلغانلىقى بىزگە شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈش لازىملىقىنى ۋە «يوتقانغا بېقىپ پۇت سۇنۇش» كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدۇ. چۈنكى ھۇدەيبىيە كېلىشىمى بولغان چاغدا مۇسۇلمانلار ئاجىز ئىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ناھەق شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىپ قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئالغان. كېيىن ئەبۇ سۇفيان كېلىشىمنى داۋاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان چاغدا، مۇسۇلمانلار

ئۇزاقلىقىغا قارىماي، 30 مىڭ كىشىلىك ئىسلام قوشۇنىنى باشلاپ تەبۇك رايونىغا بارغان. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئۇرۇشقا چىقمىغان بولسا، ئۇلار مەدىنىگە ھۇجۇم قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ بىردىنبىر ۋەتىنى بولغان مەدىنە قولدىن كېتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا بولغان بۇ ھوشيارلىقنىڭ ۋە ئۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنىڭ يۈزدىن بىرى ھازىرقى مۇسۇلمانلاردا بولغان بولسا ئىدى، ئىسلام دىيارى بۈگۈنكىدەك بەزىسى مۇستەملىكىدە، بەزىسى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بېقىندىلىقىدا قالمىغان بولاتتى. 16-ئەسىردىن كېيىنكى ۋاقىتلاردىن باشلاپ مۇسۇلمانلار ئىسلام دىيارىغا خىرىس قىلىۋاتقانلار بىلەن كارى بولمايدىغان، دۈشمەن بېسىپ كىرمىگۈچە ئورنىدىن قىمىرلىماي ئولتۇرۇشنى ئەۋزەل كۆرىدىغان بولۇپ قالغان. شۇ سەۋەبتىن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرى مۇستەملىكىچىلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى ئۇرۇشلارنىڭ ھەربىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بولساق، بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىيارىنى قوغداش ئۈچۈن بولغانلىقىنى كۆرىمىز. چۈنكى ناۋادا سىزنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىڭىز بولمىسا، ئاللاھتائالانىڭ دىنىنى قانداق قىلىپ ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلالايسىز؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ئۆزىنىڭ مال-مۈلكىنى قوغداش يولىدا ئۆلگەن ئادەم شەھىدتۇر، ئۆزىنىڭ جېنىنى قوغداش يولىدا ئۆلگەن ئادەم شەھىدتۇر، ئۆزىنىڭ دىنىنى قوغداش يولىدا ئۆلگەن ئادەم شەھىدتۇر، ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنى قوغداش يولىدا ئۆلگەن ئادەم شەھىدتۇر». بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان، ئەللامە ئەلبانى «سەھىھ» دەپ باھالىغان. بۇ ھەدىسنى ئۆلىمالار مۇنداق شەرھلىگەن: «ئۆزىنىڭ مال-مۈلكىنى ياكى ئائىلىسىنى ياكى دىنىنى قوغداش يولىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم ئاللاھ يولىدا شەھىد بولغانلار قاتارىغا كىرىدۇ ۋە ئاخىرەتتە شەھىدلەرگە تەييارلانغان مۇكاپاتلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ». مەلۇمكى، مۇستەقىل ۋەتىنىڭىز بولمىسا، نە مال-مۈلكىڭىزنى، نە ئائىلىڭىزدىكىلەرنى، نە دىنىڭىزنى قوغداپ

يەنە ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ‹بىرى ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، يەنە بىرى ئەسەبىيلىك ئۈچۈن ئۇرۇشىدۇ، يەنە بىرى ئۆزىنىڭ باتۇر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇلارنىڭ قايسىسى ئاللاھ يولىدا بولغان ئۇرۇش بولىدۇ؟› دەپ سورالغىنىدا، ‹كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇشىدىكەن، ئاشۇ ئاللاھ يولىدىكى ئۇرۇش بولىدۇ› دەپ جاۋاب بەرگەن». بۇ ھەدىسنى بۇرمىلىغانلار ھەدىستىكى «ئەسەبىيلىك» دېگەن سۆزنى «ۋەتەننى دەپ ئۇرۇش قىلىش»، «مىللەتچىلىك قىلىپ ئۇرۇشۇش» دەپ شەرھلەپ، مۇسۇلمان ياشلىرىنى ۋەتەن سۆيگۈسىدىن، ۋەتەن دەۋاسىدىن ۋاز كېچىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدى. ھالبۇكى، ھەدىسلەردە كەلگەن «ئەسەبىيلىك» ئەرەبلەرنىڭ ئىسلامدىن بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىگە قايتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان قىلمىشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ھەدىس ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىدىغان بولساق، بۇ ھەدىستىكى «ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش» دېگەن سۆز ۋەتەننى قوغداشنىڭ پەرزلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. چۈنكى مۇستەقىل ۋەتەن بولغاندىلا ئاللاھتائالانىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلغىلى، ئاللاھتائالا ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇندىغىلى ۋە ئىسلام قانۇنىنى ئىجرا قىلغىلى بولىدۇ. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى ياخشى چۈشىنەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئايلىق مۇساپىنى بېسىپ تەبۇك دېگەن جايغا بېرىپ، ئۇ جايدا ئىسلام دۆلىتىگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن توپلانغان 40 مىڭدىن ئارتۇق رىم قوشۇنىغا ھەيۋە كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئۇرۇشسىز يېڭىپ، مەدىنىگە غالىبلارچە قايتقانلىقى ۋەتەنپەرۋەرلىكىنىڭ ئەڭ يۇقىرىقى ئۈلگىسى ئىدى. چۈنكى شۇ چاغدا ۋىزانتىيە ئىمپېراتورلۇقى ئۆز قوشۇنلىرىنى ۋە رايوندىكى غەسسانە ئەرەب قوشۇنلىرىنى توپلاپ مەدىنە ئىسلام دۆلىتىنى يىقىتىش ئۈچۈن ئۇرۇش تەييارلىقىغا چۈشكەن بولۇپ، بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرىيەنىڭ 9- يىلى (مىلادىيەنىڭ 630- يىلى) ياز كۈنلىرى ھاۋانىڭ قاتتىق ئىسسىقلىقىغا، مۇساپىنىڭ ناھايىتى

چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان دۆلەتتىكى خەلقنىڭ ئەۋزەل تەرەپلىرىنى، خۇسۇسەن ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۆگىنىشى ئەڭ ئەقىللىي تەلەپتۇر. چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلار ئالدى بىلەن ئۆزلىرىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى تۇرغۇزۇشى، ۋەتەن ئۈچۈن قىممەتلىك ھەر نەرسىنى تەقدىم قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىشى پەرزەنتلىرىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئالدىنقى باسقۇچىدۇر. شۇڭا، ئانا ۋەتەنىنىڭ قەدرىگە يەتكەن ھەربىر ئۇيغۇر ۋەتەنپەرۋەرلىكنى، ۋەتەن مۇھەببىتىنى قەلبىگە نەقىش قىلىشى، ئائىلىسىدە ۋەتەنگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى كۆپرەك ئوقۇشى، ۋەتەنىنىڭ تارىخىنى ئوبدان ئۆگىنىشى ۋە پەرزەنتلىرىگە سۆزلەپ بېرىشى لازىم.

**مەدرىسلەرنىڭ دەرسلىكى ئۆزگىرىشى لازىم**

تۈركىيە، ئاۋستىرالىيە، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى مەدرىسلەر، قۇرئان كۇرسلىرى ئۆزلىرىنىڭ دەرسلىك پروگراممىسىغا ئۇيغۇر تىلى، شەرقىي تۈركىستان تارىخى ۋە جۇغراپىيەسى قاتارلىقلارنى كىرگۈزۈشى ۋە بۇلارنى ئۆگىتىشنىڭ قۇرئان ئۆگىتىشتەك زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلىشى، ئوقۇغۇچىلارغىمۇ بىلدۈرۈشى لازىم. بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شۇ مەدرىسلەردىكى ۋە قۇرئان كۇرسلىرىدىكى ئۇستازلار ئىدىيەسىنى ۋەتەندىكى ھالەتتىن ئازاد قىلىشى ۋە بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۈچ چىقىرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى مەدرىسە ۋە قۇرئان كۇرسلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر تۇتاش دەرسلىك تەۋسىيە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

قالالمايسىز. شەكسىزكى، جاننى، مال-مۈلۈكنى، ئائىلىنى ۋە دىنىنى قوغداپ تۇرىدىغان بىردىنبىر قورغان ۋەتەندۇر. مۇستەقىل ۋەتىنىڭىز بولمىسا، خىتايلار ۋەتىنىمىزدە قىلغاندەك مال-مۈلكىڭىزنى خالىغانچە تارتىۋالىدۇ، ئائىلە ئەزالىرىڭىزنى ئۈستى ئوچۇق تۈرمىلەرگە تاشلايدۇ، ئۇلارنى خالىغانچە ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، جەسەتلەرنى يوشۇرۇن كۆمىدۇ ياكى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، دىنىڭىزنى خارلايدۇ، ھەتتا پۈتۈنلەي چەكلەيدۇ. ئەمدى سىزگە ۋەتەندىن باشقا نېمە كېرەك؟ دېمەك، سىزنىڭ ئىنسانلىق سالاھىيىتىڭ بىلەن ئەركىن ياشىشىڭىز ئۈچۈن ۋەتەن كېرەك. ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىن بەندىسى بولۇپ ياشىشىڭىز ئۈچۈنمۇ ۋەتەن كېرەك.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بېرى ۋەتىنىمىزدە ئېلىپ بېرىۋاتقان يوقىتىش سىياسىتى خەلقىمىزدىكى بۇ ئاز-تولا ئويغىنىشنىمۇ كەينىگە قايتۇرۇۋەتتى. ياش-ئۆسمۈرلىرىمىزنى ئاتا تىلدىن، دىنىدىن، ۋەتەنپەۋەرلىك روھىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلدى. بۇ ئەھۋالدا ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرىمىزدىن بىر نەرسە كۈتكىلى بولمايدۇ. خەلقىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ياش-ئۆسمۈرلىرىمىزنىڭ قەلبىگە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى سىڭدۈرۈش مەسئۇلىيىتى چەتئەللەردە ھۆر دۇنيادا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا چۈشىدۇ.

**چەتئەللەردىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېغىر**

چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار مەيلى قايسى دۆلەتتە بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەردىكى خەلقلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدىن ئاز-تولا تەسىرات ئالمايدىغىنى يوق دەپ ئويلايمەن. چۈنكى ياۋروپالىقلارنىڭ زېمىن تالىشىپ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشلىرىنى چىقارغانلىقى، تۈركلەرنىڭ ۋەتەننى قوغداش يولىدا چاناققەلئە ۋە باشقا جايلاردا يۈز مىڭلارچە شەھىد بەرگەنلىكى، ئەرەبلەرنىڭ ئالجىرىيەدە ۋەتەننى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئىككى مىليون ئادىمى شەھىد بەرگەنلىكى ھەرقانداق بىر ئادەمنى تەسىرلەندۈرمەي قالمايدۇ.

# ئىسلام، مىللەت ۋە ۋەتەن سۆيگۈسى

**ئابدۇراھمان جامال كاشغەرىي**

**[ قاھىرە لاتىن ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تەپسىر ۋە قۇرئان بىلىملىرى بۆلۈمىنىڭ دوكتور ئوقۇغۇچىسى]**

**Abdurrahman KAŞGARLI**

***[Kahire Latin Amerika Üniversitesi Doktora Öğrencisi]***

## مۇقەددىمە

ئاللاھ ئىنسانلارنى تۈرلۈك مىللەت قىلىپ ياراتقان، ئىنسانلارنىڭ تۈرلۈك مىللەت بولۇپ يارىتىلىشى تىل ۋە ئىرق ئاساسىدا بولغان. مىللەت دېگەن سۆز شۇنىڭغا ئالاقىدار كىملىك، تىل، مەدەنىيەت، تارىخ ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ بىزنى ئۇيغۇر تۈركلىرى كىملىكى بىلەن ياراتقان، ئەڭ ئېسىل ئىنساننى پەقەت تەقۋا بولۇشقا باغلىغان. ئۇنداقتا بىزنىڭ كىملىكىمىز ئۇيغۇر ۋە ئىسلامدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ مىللىي كىملىكىمىز بىلەن دىنىي كىملىكىمىزدىن ئىبارەت ئىككى ئامىل بىر بىرىدىن ئايرىلمايدۇ.

مىللەت ئۇقۇمىنى ياكى مىللىيلىكنى ئەقىدىگە ئايلاندۇرۇش خاتا بولغاندەك، مىللەت ئۇقۇمىنى ياكى مىللىيلىكنى ئىنكار قىلىشمۇ خاتا سانىلىدۇ، مىللىيلىكنى ئىنكار قىلىش قۇرئان كەرىم بىر قانچىلىغان ئايەتلەردە ئېتىراپ قىلغان ئىجتىمائىي ھادىسە بىلەن ئىسلامنى سوقۇشتۇرۇپ قويىدۇ، چۈنكى مىللىيلىك بىزنىڭ ئىختىيارلىقىمىزغا بويسۇنمايدىغان ئىجتىمائىي ۋە تىل ھادىسىدىن ئىبارەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىيلىكنى ئىجتىمائىي ۋە تىل كۆرۈنۈشىدىن ئىنكار قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىسلام تارىخىدا تۈرك، كورد، پارس

ھوقۇقى، ۋەتەننى ھىمايە قىلىشنى مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى قىلىپ بەلگىلىگەن. زېمىنى ۋە ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقىنى يوقىتىپ، دۈشمەننىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان مىللەتنىڭ ھايات قىممىتى بولمايدۇ.

دېمەك، بىر ئىنساننىڭ ئائىلىسى، يۇرتى ۋە ۋەتىنىنى سۆيۈشى تەبىئىي تۇيغۇ، بۇ تۇيغۇ ئىسلام قېرىنداشلىقىغا زىت كەلمەيدۇ. بۇ سۆيگۈلەر بىر بىرىنى تولۇقلايدۇكى، بىر-بىرىگە زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى ئىنسان قەيەردە تۇغۇلسا شۇ زېمىنغا نىسبەت بېرىلىدۇ. ئىسلام ئىنساننىڭ ئۆز ۋەتىنى ۋە خەلقىگە نىسبەت بېرىشتىن توسمايدۇ، ۋەتەن سۆيگۈسىنى ئىمانغا زىت ئۇقۇم دەپ قارىمايدۇ. ۋەتەن ۋە زېمىن بولمىسا ئىسلامنى جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ، ۋەتەن بولسا شەرىئەتكە ئەمەل قىلغىلى بولىدۇ.

## 2. ۋەتەنپەرۋەرلىك مەسئۇلىيەتتۇر

ۋەتەنپەرۋەرلىك مەسئۇلىيەتتۇر، بىرلىكتۇر، ئىتتىپاقلىقتۇر، ھەمكارلىقتۇر. ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋەتەننى قوغداشتۇر، ۋەتەننى قۇرۇپ چىقىشتۇر، ۋەتەننى ھۆرمەتلەشتۇر، ۋەتەننىڭ قەدرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتۇر. ۋەتەنپەرۋەرلىك ئالىملىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئەرلىرىنى قەدىرلەيدىغان، ئاياللىرىنى ئاسرايدىغان ۋە ياشلىرىنى قوللايدىغان ۋەتەننى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى سۆيۈش دېمەكتۇر.

ۋەتەن مىللىي كىملىكىمىز، ئاتا-بوۋىلىرىمىز، مەسجىدلىرىمىز، مەكتەپلىرىمىز، ئالىملىرىمىز، ئىززەت-شەرىپىمىز ۋە مال-مۈلكلىرىمىزنىڭ ئورنى ۋە جۇغراپىيەسىدۇر. بۇ ۋەتەننىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىمىزدۇر. بۇ بۇرچنى ئادا قىلىش دىنىي، ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن مەسئۇلىيەتتۇر. بۇ ۋەتەننىڭ ياخشىلىقىنى، دىندارلىقىنى ۋە گۈزەل ئەخلاقلىرىنى قوغداش كېرەك، شۇنداقلا بۇزغۇنچىلىق، زۇلۇم ۋە خورلۇققا سەۋەب بولىدىغان ئامىللارغا قارشى تۇرۇش لازىم. ۋەتەننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر:

ۋە باشقىلار ئەرەب بولۇپ كەتمەستىن، ئەسلى مىللىيلىكىنى ساقلاپ قالغان.

### ۋەتەن سۆيگۈسى

## 1. ۋەتەن ۋە مىللەت سۆيگۈسى تەبىئىي تۇيغۇ

ۋەتەننى سۆيۈش ئىنساننىڭ خاراكتېرى بولۇپ، ئىنساننىڭ ۋەتىنى بىلەن ئالاقىسى ئائىلىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ۋەتەن ئىنساننىڭ بۆشۈكى، پائالىيەت سەھنىسى ۋە مەنىۋى راھەت مەركىزىدۇر. ئىنسان باشقا يۇرتلاردا ھەر قانچە راھەت ياشىسىمۇ، يەنىلا قەلبى ۋە ئەقلىدە ئانا ۋەتىنىنى ئەسلەپ ياشايدۇ.

ۋەتەن، يۇرت ۋە مىللەت سۆيگۈسى ئىنساندىكى تەبىئىي بىر تۇيغۇ ۋە ياشاش زۆرۈرىيىتىدىن ئىبارەت. ۋەتەن ۋە يۇرت سۆيگۈسى ئىنساننىڭ قېنى، تىنىقى ۋە سۆيى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. ۋەتەنسىزلىك ئىنسان قەلبىنى يارا قىلىدىغان ئەڭ بۈيۈك ئەلەمدۇر، ۋەتەننى تاشلاپ كېتىش ئۆلۈم بىلەن تەڭ جازادۇر. شۇ سەۋەبتىن ئىسلام ۋەتەن سۆيگۈسىنى قەدىرلىگەن، ۋەتەننىڭ ھۆرمىتىنى تەكىتلىگەن، ۋەتەننى قوغداشقا چاقىرغان، ۋەتەن سۆيگۈسىنى ئەقىدىگە باغلىغان ۋە ۋەتىنىنى مۇداپىئە قىلىشنى پەرز قىلغان.

ئىسلامدىكى ۋەتەن سۆيگۈسى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىرلىكىدىن ئايرىلىپ كېتىشنى ياكى ئىنسانپەرۋەرلىك پىرىنسىپىنى ئۇنتۇپ كېتىشنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى ئىسلام ۋەتەن، ماكان ۋە جۇغراپىيە ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ۋەتەننىڭ ئىسلام زېمىنىغا ئايلانغانلىقى ئىسلام ۋەتەنپەرۋەرلىكىنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت.

دىن بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، دىنىنى سەمىمىي سۆيگەن ئىنسان ۋەتىنىنى سۆيىدۇ، چۈنكى ئىسلام ۋەتەن سۆيگۈسىنى ئىنسان تەبىئىتىدىكى تەبىئىي تۇيغۇ دەپ قارايدۇ. ۋەتەن ئىسلام دىيارىغا ئايلانغان كۈندىن باشلاپ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىسلام بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. ئىسلام ۋەتەنپەرۋەرلىكنى خەلقلەرنىڭ ھەق-

رەسۇلۇللاھ :«كىم مال ـ مۈلكىنى قوغداش يولىدا ئۆلۈپ كەتسە، شەھىد بولىدۇ» دېگەن[4]. بىزدىكى ئەڭ قىممەتلىك مال- مۈلۈك بىز ياشايدىغان ۋەتەندۇر.

**ئىسلام ۋە ۋەتەن تەۋەلىكى**

ئىنسانلارنىڭ مىللەت ۋە ۋەتەن تەۋەلىكىنىڭ يوللۇق بىر مەسىلە ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ھەر خىل مىللەت ۋە تۈرلۈك ۋەتەن بولۇپ يارىتىلغانلىق ئۇقتىسىدىن كېلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرلەرمۇ دەسلەپتە مىللەت ۋە ۋەتەن ئاساسىدا پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن، بۇ توغرىدا قۇرئاندا قانچىلىغان ئايەتلەر تىلغا ئېلىنغان ۋە بۇ ئايەتلەر مىللەت ياكى ۋەتەن تەۋەلىكىنى ئەيىبلىمىگەن: ﴿ئاد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى ھۇدنى ئەۋەتتۇق، ھۇد ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئاللاھدىن باشقا مەبۇد(بەرھەق)يوقتۇر...﴾[5].

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ دۇنياۋى پەيغەمبەرلىك دەلىلى چۈشۈشتىن ئىلگىرى ئۆز جەمەتى ۋە مىللىتى ئىچىدە پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن: ﴿ئاللاھ ئۇممىلەرگە (يەنى يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى ئۇقمايدىغان ئەرەبلەرگە) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەرنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئەۋەتتى، ئۇ (يەنى پەيغەمبەر) ئۇلارغا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدۇ، ئۇلارغا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى شەرىئەتنىڭ مەقسەت ۋە سىرلىرىنى) ئۆگىتىدۇ، گەرچە ئۇلار ئىلگىرى ئوچۇق گۇمراھلىقتا بولسىمۇ﴾[6].

پەيغەمبەرلەرنىڭ مىللەت خاراكتېرى ۋە مىللەت ۋەزىپىسى ئىرقىي ئايرىمچىلىق قىلغانلىق ئەمەس، بەلكى ئەقىلگە ئۇيغۇن تەبىئىي مەسىلە. چۈنكى ئىنساننىڭ خاراكتېرى دەسلەپتە ھەممىدىن

[4] ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
[5] ھۇد سۈرىسى، 50- ئايەت.
[6] جۇمە سۈرىسى، 2- ئايەت.

«ھەر بىرىڭلارنىڭ ئۆز دائىرىسىدىن مەسئۇلىيىتى بار»[1]. دىن، مىللەت ۋە ۋەتەننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ھەمكارلىشىش، بىر-بىرىگە ئىگە چىقىش، بىر بىرىنى ياخشى يولغا يېتەكلەش مەجبۇرىيىتى بار. ۋەتەننىڭ خاتىرجەملىكى، ئەركىنلىكى ۋە بىرلىكىنى قوغداش ئاددىي بىر تەلەپتۇر، چۈنكى ۋەتەننى پۇل بىلەن سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، ۋەتەن ئاللاھ تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان بۈيۈك نېمەتتۇر.

ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەخلاقىي قىممەت قاراش بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنساندىكى تەبىئىي خاراكتېر سانىلىدۇ. ھېچقانداق بىر ئىنساننىڭ قەلبى ۋەتەننى سۆيۈش تۇيغۇسىدىن خالىي بولالمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن بۇ خاراكتېرنى ئىنسان نەپسىدە ئورۇنلاشتۇرغان. ئاللاھنىڭ دىنى ئىنساننىڭ تەبىئىي خاراكتېرىگە زىت كەلمەيدۇ، بەلكى شەرىئەت تەبىئىي خاراكتېرنى قوللايدۇ ۋە قوغدايدۇ. رەسۇلۇللاھ: «ئى ئاللاھ! مەدىنە شەھىرىنى ئانا يۇرتۇم مەككىدەك سۆيۈملۈك قىلىپ بەرسىلە» دەپ دۇئا قىلغان[2].

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ۋەتىنى ئۈچۈن، مۇسۇلمان مىللەت ئۈچۈن قان تۆكۈشى ۋە جەڭ قىلىشى ئاللاھ يولىدىكى جىھادتۇر. ﴿پەيغەمبەر: «سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىنسا جىھاد قىلماي قالارسىلەرمۇ؟» دېدى. ئۇلار: «يۇرتلىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ۋە ئوغۇللىرىمىزدىن جۇدا قىلىنغان تۇرساق قانداقمۇ ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلمايلى؟» دېدى. ئۇلارغا جىھاد پەرز قىلىنغان چاغدا، ئازغىنىسىدىن باشقا ھەممىسى جىھادتىن باش تارتتى. ئاللاھ زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر﴾[3].

[1] بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.
[2] بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.
[3] بەقەرە سۈرىسى، 246- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تولۇقلايدىغان ۋە بىر بىرىدىن ھەرگىز ئايرىلالمايدىغان تەۋەلىكتىن ئىبارەت.

**قۇرئاندىكى مىللەت ۋە ئۇممەتنىڭ ئىجتىمائىي شەكىللىنىش باسقۇچلىرى**

1. ئائىلە: قۇرئان كەرىم ئائىلىنى ئىجتىمائىي شەكىللىنىشنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ۋە ئاساسلىق قۇرۇلمىسى دەپ قارايدۇ: ﴿ئايالىلار بىلەن ئۈنسى-ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا مېھىر-مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك-شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار﴾[7].

2. جەمەت: قۇرئان كەرىم جەمەتنى ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ بىر باسقۇچى سۈپىتىدە تىلغا ئالغان: ﴿لۇت ئېيتتى:«كاشكى مېنىڭ (سىلەرگە قارشى تۇرىدىغان) كۈچ-قۇۋۋىتىم بولسا ئىدى، ياكى ئىلتىجا قىلىدىغان كۈچلۈك جەمەتىم بولسا ئىدى (چوقۇم سىلەرگە زەربە بەرگەن بولاتتىم)﴾[8]. لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىقى سۆزى ئارقىلىق جەمەتنى مەقسەت قىلىدىغانلىقىنى رەسۇلۇللاھ ئىزاھلاپ بەرگەن[9]. شۇنداقلا قۇرئان كەرىم جەمەتنىڭ ئىجتىمائىي بىرلىكنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان :«يېقىن خىش-ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن»[10].

3. قەبىلە: قۇرئان كەرىم قەبىلىنىڭ ئىجتىمائىي شەكىللىنىش باسقۇچلىرىنىڭ بىر باسقۇچى ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلغان: ﴿بىز سىلەرنىڭ ئۆز ئارا تونۇشۇشىڭلار ئۈچۈن تۈرلۈك مىللەت ۋە قەبىلە قىلىپ ياراتتۇق﴾[11]. رەسۇلۇللاھمۇ قەبىلە ھاياتىنىڭ ئىجتىمائىي

[7] رۇم سۈرىسى، 21- ئايەت.
[8] ھۇد سۈرىسى، 80- ئايەت.
[9] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.
[10] شۇئەرا سۈرىسى، 214- ئايەت.
[11] ھۇجۇرات سۈرىسى، 13- ئايەت.

بۇرۇن ئۆز مىللىتى ۋە ۋەتىنىنى سۆيۈشنى تەقەززا قىلىدۇ، تەبىئىي خاراكتېر بىر ئادەمنىڭ ھەممىدىن بۇرۇن تۇغقانلىرى ۋە جەمەتلىرىگە ياخشىلىق قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئىسلامدا: «يېقىنلار ھەممىدىن بەكرەك ھەقلىقتۇر» دەيدىغان قائىدە بار. بۇ قائىدىگە ئاساسەن كىشىلەرنىڭ باشقىلاردىن ئىلگىرى ئۆز جەمەتى، ئۆز ۋەتىنىدىكى كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشى، ئۆز ۋەتىنىدىكى كىشىلەر بىلەن ئالاقىسىنى كۈچلەندۈرۈشى تەبىئىي، شەرئىي ۋە ئەقلىگە ئۇيغۇن بىر مەسىلە. ھەتتا زاكاتمۇ دەسلەپتە ئۆز يۇرتىدىكىلەرگە تەقسىم قىلىنىدۇ.

ئىنساندىكى تەبىئىي خاراكتېر، ئەقىل ۋە شەرئەتكە ئۇيغۇن بولغان مىللەت ۋە ۋەتەن سۆيگۈ ئۇقۇمى ئىسلامنىڭ خەلقئارالىق پرىنسىپى ياكى ئىنسانپەرۋەرلىك ئۇقۇمى بىلەن زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى ئىسلامنىڭ خەلقئارالىق بىرلىكى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكى مىللەت، ۋەتەن ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكنى بېسىپ ئۆتمەي تەرەققىي قىلالمايدۇ. دەسلەپتە ۋەتەن بىرلىكى ۋە مىللەت قېرىنداشلىقى شەكىللەنمىسە، ئىسلام بىرلىكى ۋە ئىسلام قېرىنداشلىقى قۇرۇق خىيالدىن ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ.

بەزىلەر ۋەتەن ۋە مىللەت تەۋەلىكىنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ، ھەتتا ۋەتەن ۋە مىللەت سۆيگۈسىگە قارشى تۇرىدۇ. بەزىلىرى ۋەتەن-مىللەت سۆيگۈسىنى ياكى ۋەتەن ۋە مىللەت مەنپەئەتىنى جاھىلىيەت، مىللەتچىلىك ۋە ئازغۇنلۇق دەپ سۈپەتلىشىدۇ. بۇلار بەزى دەۋەتچىلەرنىڭ «مۇسۇلمانىنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ئەقىدىسىدۇر» دېگەن شوئارىنى خاتا چۈشىنىۋالغان. تەۋەلىك دېگەن ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتكە ئىگە ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ئۇقۇمدىن ئىبارەت. مىللەت تەۋەلىكىنىڭ ئەقىدە بىلەن ئالاقىسى يوق. ۋەتەن تەۋەلىكى بىلەن ئەقىدە تەۋەلىكى بىر بىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلمايدۇ. بۇ ئىككى تەۋەلىكنى سېلىشتۇرۇپ بىرنى ئېلىپ يەنە بىرنى تاشلاپ قويغىلى بولمايدۇ. ئىككىسى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئايرىم تەۋەلىك بولسىمۇ، قىممەت دەرىجىسىدىن قەتئىينەزەر بىر بىرنى

ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسىدۇ، كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر﴾[16].

5. ئۇممەت:

قۇرئاندا ئۇممەت دېگەن سۆز ئىككى مەنىدە كەلگەن:

بىرىنچىسى: ئىجتىمائىي ئۇقۇمدىكى مىللەت مەنىسىدە كېلىدۇ: ﴿مۇسانىڭ قەۋمىنىڭ (يەنى بەنى ئىسرائىلنىڭ) ئىچىدە (كىشىلەرنى) ھەق بىلەن توغرا يولغا باشلايدىغان، ھەق بىلەن توغرا ھۆكۈم قىلىدىغان بىر ئۇممەت (بىر جامائە) بار. ئۇلار (يەنى بەنى ئىسرائىل)نى 12 تارماققا (يەنى قەبىلىگە) ئۇممەت (مىللەت) قىلىپ بۆلۈۋەتتۇق﴾[17].

ئىككىنچىسى: مەسئۇلىيەت ئۇممىتى، يەنى ئەقىدە ۋە سىياسىي بىرلىكنى ئىپادىلەيدىغان ئۇممەت ئۇقۇمى مەنىسىدە كەلگەن: ﴿(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ ئۇممىتىڭلار ھەقىقەتەن بىر ئۇممەتتۇر. مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇرمەن، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار﴾[18]. ئىسلام ئۇممىتى ئەقىدە ۋە سىياسىي بىرلىك ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. مۇسۇلمانلاردىكى بىر ئۇممەت ئۇقۇمى ئەقىدە ئۇقۇمىدىن كەلگەن.

يەنە: ﴿(ئى مۇھەممەد ئۇممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇممەتسىلەر﴾[19].

بۇنىڭغا ئاساسەن، دىنى ۋە سىياسىي ئۇممەت ئۇقۇمى بىلەن ئىجتىمائىي كۆرۈنۈش ئۇقۇمدىكى ئۇممەت ئۇقۇمىنى پەرقلەندۈرۈش مۇھىم.

[16] مۇمتەھىنە سۈرىسى، 9- ئايەت.
[17] ئەئراف سۈرىسى، 160- ئايەت.
[18] ئەنبىيا سۈرىسى، 92- ئايەت.
[19] ئال ئىمران سۈرىسى، 110- ئايەت.

شەكىللىنىشىنىڭ بىر باسقۇچى ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلغان: «ئاللاھ ئىنسانلارنى يارىتىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇلارنى قەبىلە قەبىلە قىلىپ بېكىتكەن، مېنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى قەبىلىدىن تاللىغان»[12].

4. مىللەت: قۇرئان كەرىم مىللەتنى ئىجتىمائىي شەكىللىنىشنىڭ بىر باسقۇچى سۈپىتىدە بايان قىلغان: ﴿بىز سىلەرنىڭ ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن تۈرلۈك مىللەت ۋە قەبىلە قىلىپ ياراتتۇق﴾[13].

مىللەت ياكى ئىجتىمائىي ئۇممەت تىل ئارقىلىق ئەزالىقنى ئىپادىلەيدۇ، ئىجتىمائىي ئۇممەت باسقۇچىنىڭ ئەزالىقى نەسەب ئەمەس، تىلدۇر. رەسۇلۇللاھ: «ئەرەب تىلى سىلەردىن بىرىڭلاردىن ئاتا-ئانىسىدىن قالغان نەرسە ئەمەس، ئۇ تىلدىن ئىبارەت. كىم ئەرەبچە سۆزلىسە، ئۇ ئەرەب ئۇممىتىگە تەۋەدۇر» دېگەن[14]. بۇ مەسىلە ئەرەب ئۇممىتىگە خاس ئەمەس، باشقىلارغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. مەسىلەن، تۈرك ئۇممىتى، پارس ئۇممىتى ۋە باشقىلارغا ئوخشاش. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ مىللەت ياكى ئۇممەتلەرنىڭ تىلىنى تۈرلۈك قىلغانلىقىنى قۇدرىتىنىڭ قاتارىدىن قىلىپ كۆرسەتكەن: ﴿ئاللاھنىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقانلىقى، تىللىرىڭلارنىڭ، رەڭگىلىرىڭلارنىڭ خىلمۇخىل بولۇشى ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، بۇنىڭدا بىلىملىك كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار»[15].

مىللەت ياكى ئۇممەتنىڭ مۇقىم زېمىنى ۋە ۋەتىنى بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى يۇرتلىرىدىن چىقىرىۋېتىشتىن توسقان: ﴿ئاللاھ دىن ئۈچۈن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا

---

[12] تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.
[13] ھۇجۇرات سۈرىسى، 13- ئايەت.
[14] بەززار رىۋايەت قىلغان.
[15] رۇم سۈرىسى، 22- ئايەت.

بىر مىللەتنىڭ ئۆز يۇرتىنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىشىمۇ تەبىئىي ھەققىدۇر»[24].

ھەسەن بەننا مۇنداق دېگەننىكەن: «مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئىسلام بىرلىكىنى تۈۋرۈك قىلغان تارتىپ، ئىسلام قېرىنداشلىقى بىلەن بىرگە مىللەت قېرىنداشلىقى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ھوقۇقىنىمۇ تەڭ تونۇلغان. مۇسۇلمان قېرىنداشلار تىل، زېمىن، ئارزۇ ۋە تارىخ بىرلىكىنى ئەڭ كۈچلۈك بىرلەشتۈرگۈچى ئامىل دەپ قارايتتى»[25].

**ئىسلامنىڭ مىللەت ۋە مىللەتپەرۋەرلىككە قارىتا پوزىتسىيىسى**

مىللەت ئۇقۇمى تەبىئىي خاراكتېر ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىدۇر. ئىسلام دىنى جىنسى خاراكتېر، ئائىلە خاراكتېرى ۋە ئىگىدارچىلىق خاراكتېرىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇ خاراكتېرنىڭ ھەر بىرىگە قائىدە تۈزۈم بېكىتىپ بەرگەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئىسلام دىنى مىللىيلىك ياكى مىللەت دەپ ئاتىلىدىغان ئىجتىمائىي ۋە تىل بىرلىكى خاراكتېرىنى ئىنكار قىلارمۇ؟

مىللىيلىك ياكى مىللەت ئەقىدە ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي ۋە تىل كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت. مىللەتچىلىكنىڭ توغرا يۆنىلىشتە ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن ئەقىدە مەۋجۇت بولۇشى لازىم. مىللەتچىلىك ئەقىدىگە ئايلىنىپ قالغاندا ئۆزىنى ئۆزى يوقىتىپ تاشلايدۇ.

ئىسلام روھىنى ئۆزلەشتۈرگەن مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ناتسىزم، فاشىزم ياكى ئاتېئىزم ياكى ئىلمانىزم مىللەتچىلىككە ئوخشاش چەكلەنگەن مىللەتچىلىك ئۇقۇمىغا كىرىپ قالماستىن ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋۇجۇتقا چىقىرالايدۇ، ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنالايدۇ ۋە تەبىئىي داۋامىنى داۋاملاشتۇرالايدۇ.

---

[24] مەۋدۇدىي، ئىسلام ۋە يېڭى مەدەنىيەت، 25-، 26- بەتلەر.
[25] بەيۇمىي، مىسىرنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار، 161- بەت.

ئىسلام دىنى ئائىلە، جەمەت، قەبىلە، مىللەت ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىككە تەۋە بولۇش ئالاقىسىغا ئوخشاش ئىجتىمائىي شەكىللىنىش باسقۇچلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېتىراپ قىلغان. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى: ﴿قۇرئان ساڭا ۋە سېنىڭ قەۋمىڭگە (مىللىتىڭگە) ئەلۋەتتە (ئۇلۇغ) شەرەپتۇر، سىلەر كەلگۈسىدە (بۇ نېمەت ئۈستىدە) سورىلىسىلەر﴾[20]. بۇ ئايەت قۇرەيش ۋە ئەرەبتىن ئىبارەت جەمەت ۋە مىللەت ئالاقىسىگە ئىشارەت قىلىدۇ[21]. رەسۇلۇللاھ: «گۇناھ بولمايدىغان ئىش بولسىلا، ئۆز جەمەتىنى مۇداپىئە قىلغان كىشى ئەڭ ياخشى كىشىدۇر» دېگەن[22].

دېمەك، مىللەت ۋە ۋەتەن ئالاقىسى بىلەن ئىسلام ئالاقىسى بىر-بىرىگە زىت كەلمەيدۇ، بەلكى بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ. رەسۇلۇللاھ: «سەپەردىن قايتىپ كېلىپ، مەدىنە شەھىرىنىڭ يوللىرىنى كۆرگەندە خۇشاللىقىدىن تۆگىنى تېزلىتىپ ماڭاتتى»[23] رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ قىلمىشى ۋەتەن سۆيگۈسىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىگە ئىشارەت.

مىللەت، يۇرت ۋە ۋەتەن سۆيگۈسى ئىسلام سۆيگۈسى بىلەن قارشىلىشىپ قالمىسىلا ئالقىشلىنىدۇ. مۇتەپەككۇر مەۋدۇدىي بۇ توغرىدا مۇنداق دېگەن: «مىللەتپەرۋەرلىكتىن بىر مىللەتنىڭ ئىرقىنى مەقسەت قىلسا، بۇ تەبىئىي مەسىلە، بۇنىڭغا قارشى تۇرمايمىز. بىر ئادەمنىڭ ئۆز مىللىتى ياكى خەلقىگە ياردەم بېرىشى مەقسەت قىلىنسا، بۇنىڭغىمۇ قارشى تۇرمايمىز. شۇنداقلا مىللەت سۆيگۈسى ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيالمايدىغان ياكى ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتىدىغان مىللەتچىلىك بولۇپ قالمىسىلا بۇنىڭغىمۇ قارشى تۇرمايمىز. ئەگەر مىللەت سۆيگۈسىدىن مىللەت مۇستەقىللىقى مەقسەت قىلىنسا بۇ ساغلام مەقسەتتۇر. شۇنداقلا ھەر

[20] زۇخرۇف سۈرىسى، 44- ئايەت.
[21] بۇ ئايەت ھەققىدە تەپسىر تەبەرىيگە قاراڭ.
[22] ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
[23] بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.

## مىللىيلىك ياكى مىللەتپەرۋەرلىكنىڭ ماھىيىتى

ئاللاھ ئىنسان نەسلىنىڭ توي قىلىش ۋە ئەۋلاد قالدۇرۇش ئارقىلىق داۋاملىشىشى ئۈچۈن ئەر ۋە ئايالنى ئىككى تەرەپلىمىلىك قىلىپ ياراتقاندەك، ئىنساننىڭ يەككە تەۋەلىك غايىسىنىڭ كوللېكتىپ ئىچىدە ھىمايە قىلىنىپ گۈللىنىشى ئۈچۈن مىللەت ۋە قەبىلىلەرنىمۇ تۈرلۈك قىلىپ ياراتقان. كوللېكتىپنىڭ غايىسى ئىنسانىي بىرلىك ۋە ئىلاھىي قانۇنىيەتلەر دائىرىسىدە ئىشقا ئاشىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ھەر خىل مىللەت بولۇپ يارىتىلىشىدىكى مەقسەت تونۇشۇش، ھەمكارلىق ئورنىتىش ۋە دىن-دۇنيا ئىشلىرىدا توغرا ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان تەقۋالىقتىن ئىبارەت يۈكسەك نەمۇنىگە يېتىش ئۈچۈندۇر. مىللەتلەرنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكىنى ھەممە ئىنساننىڭ ئىمكانىيىتى يېتىدىغان تەقۋالىقتىن ئىبارەت نەمۇنىگە يېقىنلىشىش مىقدارىغا باغلىغان.

مىللەتلەر تىللىرىنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىماسلىقى مىللەتلەر ئارىسىدىكى ھەقىقىي پەرقنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، شۇنداقلا مىللەتلەرنىڭ رەڭگى ۋە چىرايلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىمۇ مىللەتلەر ئارىسىدىكى تەبىئىي پەرقنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ: ﴿ئاللاھنىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقانلىقى، تىللىرىڭلارنىڭ، رەڭگىلىرىڭلارنىڭ خىلمۇخىل بولۇشى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، بۇنىڭدا بىلىملىك كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار﴾[27].

ئىسلام نۇرى دۇنياغا چاقنىغان زاماندا قان ۋە مىللەت ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن مۇتەئەسسىپلىك قىلىدىغان ۋە بىر-بىرىدىن ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان ئەھۋاللار زېمىننى قاپلاپ كەتكەن ئىدى. ئىسلام ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي خاراكتېرىگە خىتاب قىلغاندا، تەبىئىي خاراكتېر ئىسلام نىداسىغا تېز سۈرئەتتە ئاۋاز قوشقان ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ: «ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلار بىر، ئاتاڭلار

[27] رۇم سۈرىسى، 22- ئايەت.

ئىسلام دۇنياسىدىكى مىللەتچىلەرنىڭ خاتالىقى، ئۇلارنىڭ مىللىي ئەقىدىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇنى ئىسلامنىڭ ئەقىدىسى، تۈزۈمى ۋە قىممەت قاراشلىرى بىلەن سوقۇشتۇرغانلىقىدىن يۈز بەرگەن. ئىسلام ماركسىزم، لىبېرالىزم ۋە ئىلمانىزمغا قارشى تۇرىدۇ، بىراق مىللىيلىك ياكى مىللەت ھەقىقىتى بىلەن قارشىلاشمايدۇ.

مىللەت ئۇقۇمىنى ياكى مىللىيلىكنى ئەقىدىگە ئايلاندۇرۇش خاتا بولغاندەك، مىللەت ئۇقۇمىنى ياكى مىللىيلىكنى ئىنكار قىلىشمۇ خاتا سانىلىدۇ ۋە قۇرئان كەرىم بىر قانچىلىغان ئايەتلەردە ئېتىراپ قىلغان كۆرۈنۈش ياكى ھادىسە بىلەن ئىسلامنى سوقۇشتۇرۇپ قويىدۇ. قۇرئان كەرىم: ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾[26]. بۇ ئايەت مىللەت ئۇقۇمى ۋە تىل بىرلىكىنى ئېتىراپ قىلغان، شۇنداقلا مىللەتلەر ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا تونۇشۇشى ۋە ھەمكارلىشىشىغا چاقىرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىيلىكنى ياكى مىللەتچىلىكنى ئىجتىمائىي ۋە تىل كۆرۈنۈشىدىن بىكار قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىسلام تارىخىدا تۈرك، كورد، پارس ۋە باشقىلار ئەرەب بولۇپ كەتمەستىن، ئەسلى مىللىيلىكىنى ساقلاپ قالغان.

بۇ يەردە ئىككى تۈرلۈك مىللەت ئۇقۇمى بار ئۇنى ئايرىپ چۈشىنىش لازىم. بىرى: ئىجتىمائىي ۋە تىل بىرلىكى خاراكتېرىنى كۆرسەتكەن مىللەت تەۋەلىكى بولۇپ، ئىسلام بۇنى ئېتىراپ قىلىدۇ. يەنە بىرى: ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى پاسسىپ كۆرۈنۈش سۈپىتىنى تەمسىل قىلغان مۇتەئەسسىپ مىللەتچىلىك بولۇپ، ئىسلام ئۇنى رەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ.

---

[26] ھۇجۇرات سۈرىسى، 13- ئايەت.

ئىنسانىي قىممەت قاراشلىرى ئارقىلىق يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈلگەن. ئىسلامدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۈگۈنكى كۈندىمۇ مەنپەئەت ۋە بازار نۇقتىسىدىن پەقەت قىلىچ قانۇنى ياكى ئورمان قانۇنى بويىچە مۇئامىلە قىلماقتا.

ئىسلامدىكى جەمئىيەت ئىرقىي ئايرىمچىلىق ياكى مۇتەئەسسىپلىك سۈپەتتىكى مىللەتچىلىكتىن خالىي بولغان خەلقئارالىق بىر جەمئىيەتتۇر. بۇ جەمئىيەت بارلىق مىللەتلەرگە ئوچۇق بولۇپ بىر مىللەتنىڭ مىللەت تەۋەلىكى، رەڭگى، تىلى، دىنى ياكى ئەقىدىسىگە قارىمايدۇ. ئىسلام دەسلەپتىن تارتىپلا ئىرقىي ئايرىمچىلىق ياكى مىللىي مۇتەئەسسىپلىكنى رەت قىلغان ۋە بارلىق ئىنسانلارنى بىر مەنبەگە باغلىغان. رەڭ، تىل ۋە ئىرقنىڭ ئوخشىماسلىقىنى ئالاھىدىلىك دەپ قارىمىغان.

فاشىزىم ياكى يەھۇدىزم، ئىلمانىزم ياكى ئامېرىكانلارنىڭ قىزىل ئىندىئانلارغا قىلغان مۇئامىلىسى قوزغاپ چىققان مۇتەئەسسىپلىك ياكى فاشىزملىق ئىسلام تۇيغۇسىغا تامامەن يات بىر ئۇقۇمدۇر.

ئىسلام نەزەرىيەسىدە بارلىق ئىنسان بۇ زېمىننى گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئىزباسار قىلىنغان، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئىنسان نۇقتىسىدىن قېرىنداشتۇر، بۇلار ئۆزئارا بىر-بىرىگە كۆيۈنمىسە ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. رەسۇلۇللاھ بارلىق ئىنسانلار ھەققىدە: «زېمىندىكى كىشىلەرگە رەھىمدىل بولۇڭلار، شۇنداق قىلساڭلار، ئاسماندىكى زات سىلەرگە رەھىمدىل بولىدۇ» دېگەن[28].

ئىسلام دىنى جۇغراپىيە ياكى ئىرقىي ئايرىمچىلىق ئاساسىدىكى مىللىي ۋەتەن توساقلىرىنى يوقاتقان بىلەن، مىللەت ياكى ۋەتەن ئۇقۇمىنى يوق قىلىۋەتمەيدۇ، چۈنكى ۋەتەن ئۇقۇمى بىرلىشىش، قېرىنداشلىق، ھەمكارلىق، تونۇشۇش ۋە بىر-بىرىنى باغلاپ تۇرىدىغان تۈزۈم مەنىسىنى كۆرسىتىدۇ.

---

[28] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

بىر، ھەممىڭلار ئادەمنىڭ بالىلىرى، ئادەم تۇپراقتىن يارىتىلغان. سىلەرنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغىنىڭلار تەقۋا بولغىنىڭلاردۇر. بىلىپ قويۇڭلاركى ئەرەب مىللىتىنىڭ يارىتىلىش جەھەتتىن باشقا مىللەتلەردىن ئارتۇقچىلىقى يوق، باشقا مىللەتلەرنىڭ يارىتىلىش جەھەتتىن ئەرەب مىللىتىدىن ئارتۇقچىلىقى يوق. ئارتۇقچىلىق پەقەت ئاللاھدىن قورقۇش ئاساسىدا بولىدۇ» (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى) دېگەن سۆزىگە قۇلاق سالغان. ئىسلام بۇ خىتابى ئارقىلىق ئىنسانلارنى قەبىلە مۇتەئەسسىپلىكى، يۇرت مۇتەئەسسىپلىكى، ۋەتەن مۇتەئەسسىپلىكى، رەڭگى مۇتەئەسسىپلىكى ۋە ئىرقى مۇتەئەسسىپلىكتىن ئازات قىلغان ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيەسىگە تەشەببۇس قىلغان. بۇ سەۋەبتىن رەڭ، ئىرق، تەبىقە تىل ياكى تۇپراق ئىنسانلارنىڭ ئىنسانىي قېرىنداش بولۇپ ياشىشىغا توسالغۇ بولالمىغان. ئىسلامدا ئىنساننىڭ ھۆرمىتى ۋە ھوقۇقى مىللىتى، رەڭگى، تەبىقىسى ۋە مەنسىپىدىن كەلمەيدۇ، پەقەتلا ئىنسانلىقىدىن كېلىدۇ. ئىنساننىڭ ھۆرمىتىنى ئىنسانلىقىدىن ئالغانلىقى ئىنسان ئۈچۈن يېڭى بىر تۇغۇلۇشتىن ئىبارەت.

ئىسلام بىر ئۈممەت ئۇقۇمىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۈممەتنى ئەقىدە ئاساسىدا بىرلەشتۈرگەن بىلەن، ئەقىدىگە مەجبۇرلاشنى مۇئامىلىنىڭ ئاساسى قىلىپ بېكىتمىگەن. ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا جىھادنى پەرز قىلغان بولسا، كىشىلەرنى ئىسلامغا كىرىشكە زورلاش ئۈچۈن قىلمىغان، بەلكى زېمىندا ئادالەت تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن پەرز قىلغان. بۇ تۈزۈمدە ھەر ئىنسان ئۆزى خالىغان ئەقىدىنى تاللاپ ياشايدۇ ۋە ئەقىدىسى زۇلۇمغا ئۇچرىمايدۇ ياكى ئەقىدىسى سەۋەبلىك ھاقارەتكە ئۇچرىمايدۇ. ئىسلام نەزەرىيەسىدە دىنغا كىرىشكە زورلاش بولمىغان ئىكەن، سىياسىي جەھەتتىن زورلاشمۇ بولمايدۇ. ئىنسانىيەت ئىسلامنىڭ بۇ نەزەرىيەسى ياكى پەلسەپەسى ئارقىلىق باشقا ئىنسانلارغا مۇئامىلە قىلىشتا يۈكسەك ئەخلاقىي سەۋىيىگە يېتەلىگەن.

ئىسلامدىكى جىھاد ئەقىدە ئەركىنلىكى، پىكىر قىلىش ئەركىنلىكى، ئادالەت، باراۋەرلىك ۋە ياخشىلىق قىلىشقا ئوخشاش

ئىككىنچى: ئىجتىمائىي پارچىلىنىش، ئەخلاقسىزلىقنىڭ تارىلىپ كېتىشى، بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئەۋج ئېلىشى، خاتىرجەملىكنىڭ يوقۇلۇپ كېتىشىگە ئوخشاش ئىسلامنىڭ پرىنسىپلىرى ۋە قىممەت قاراشلىرىغا زىت كېلىدىغان ناچار ئۆرپ-ئادەتلەر بولسا ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان. مەسىلەن، قىزلارنى خالىمىسىمۇ مەجبۇرىي توينى قىلىپ قويىدىغان ئادەتلەرنى چەكلىگەن. داخان-باخشىلارغا ئىشىنىش، تەلەيي كېلىدۇ دەپ تۇمار ئېسىش، قەبرىستانلىقتا قان قىلىش ۋە ئوتنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈش قاتارلىقلارغا ئوخشاش خاتا ئۆرپ-ئادەتلەرنى توسقان.

ئۈچىنچى: ياخشى ۋە يامان خاراكتېرگە ئىگە ئىككى تەرەپلىمىلىك ئۆرپ-ئادەتلەر بولسا، ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىنى قوللىغان ۋە ناچار تەرىپىدىن توسقان. بۇ مەنپەئەت ۋە زىيان سېلىشتۇرمىسى دېگەن تېمىلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆرپ-ئادەتلەر دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئۇيغۇن بولسا قوللاش، ئۇيغۇن بولمىسا رەت قىلىش لازىم. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپلىگەن ئىجتىمائىي ئۆرپ-ئادەتلىرى ئىسلام كۆرسەتمىسى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ۋە ئىسلام خاراكتېرىنىڭ تۈسىنى ئالغان.

## 2 .ئىسلام باشقا مىللەتلەرنى ئەرەبلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلمىغان

ئىسلامنىڭ مەقسىتى باشقا مىللەتلەرنى ئەرەبلەشتۈرۈش ئەمەس، ئىسلام مۇسۇلمان بولغان مىللەتلەرنىڭ كىملىكى، مىللىي مەدەنىيىتى ۋە تىلىنى بىكار قىلىۋەتمىگەن ياكى ئۆزگەرتمىگەن ياكى يوق قىلىۋەتمىگەن. بەلكى مىللىي كىملىكنى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئامىل سۈپىتىدە ئۇنىڭغا چەك ئېسىلىشقا تەشەببۇس قىلغان. مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنىڭ ئوخشىمىغانلىقى مىللەتلەرنىڭ كىملىكىنىڭ ئوخشىمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، مانا بۇ مەسىلە تىل ۋە ئىنسانىي كىملىكنىڭ تۈرلۈك بولۇشىنىڭ ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئىسلام ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتى

ئۆرپ-ئادەتلەر ئاتا بوۋىلاردىن قالغان مەدەنىيەت مىراسى بولۇپ، مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداپ تۇرىدىغان ئاساسلىق ئامىل ۋە ئورتاق تارىخ ھېسابلىنىدۇ. ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆرپ-ئادەتلىرى بولىدۇ. ھەتتا بىر تىللىق ۋە بىر دىنلىق خەلقنىڭمۇ توي-تۆكۈن، سالاملىشىش، ھېيت-بايرام ۋە مېھماندارچىلىققا ئوخشاش ئىشلاردا بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۆرپ-ئادەتلىرى بولىدۇ. ئادەتتە مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ دىنى ۋە مىللىي ئادەتلىرى بولىدۇ، دىنىي ئادەتلىرى ئەقىدىگە باغلانغان بولۇپ، سەزگۈلۈككە ئىگە بولىدۇ. مىللىي ئادەتلىرى بولسا ئۆزگىرىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ.

دۇنيادىكى مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ كىيىم-كېچەك پوسۇنلىرى، يېمەك ئىچمەك شەكىللىرى، مېھماندارچىلىق تۈرلىرى، توي-تۆكۈن ئادەتلىرى، قۇرۇلۇش نۇسخىلىرى، ئەدەبىيات، گۈزەل-سەنئەت، تۈرلۈك بايرام ۋە باشقا ئىشلاردا ئۆزلىرىگە خاس ئۆرپ-ئادەتلىرى بولىدۇ.

ئۆرپ-ئادەت بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى تەمسىل قىلىدۇ، ئىسلام كۆرسەتمىسىگە زىت كەلمەيدىغان ئۆرپ-ئادەتلەر بولسا ھۆرمەتلىنىدۇ. ئىسلام دىنى پرىنسىپلىرى، مەقسەتلىرى ۋە كۆرسەتمىلىرىگە زىت كەلمەيدىغان خۇسۇسىي ئۆرپ-ئادەتلەرنى چەكلىمەيدۇ.

### 1 .ئىسلام مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ھۆرمەتلەيدۇ

ئىسلام دىنى تۈرلۈك ئۆرپ ئادەتلەرگە ئىگە مىللەتلەر ئارىسىدا تارقىلغان بولسىمۇ، بۇ توغرىدا ئۈچ تۈرلۈك ئۇسۇل قوللانغان:

بىرىنچى: گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل قىممەت قاراشلارغا تەشەببۇس قىلىدىغان ئۆرپ-ئادەتلەر بولسا، ئۇنى شەرىئەتنىڭ پرىنسىپلىرىغا ماسلاشتۇرۇپ قوللىغان. مەسىلەن، قوشنىلارنى ھۆرمەتلەش، كەمبەغەللەرگە، موھتاجلارغا ۋە ئاجىزلارغا ياردەم بېرىشكە ئوخشاش.

## 3. ئىسلام ۋە مىللەتلەرنىڭ كىيىم-كېچەك ئادەتلىرى

ئەر-ئاياللارنىڭ چىرايلىق ۋە نورمال كىيىم-كېچەك كىيىشى چەكلەنمەيدۇ، چۈنكى ئاللاھ ئادەم توپلاشقان يەردە چىرايلىق كىيىم-كېچەكلەرنى كىيىشنى مۇباھ قىلغان ۋە تەشەببۇس قىلغان: ﴿ئى ئادەم بالىلىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا چىرايلىق كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ. ئېيتقىنكى، ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان گۈزەل كىيىم-كېچەكلەرنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟﴾[29].

بۇ ئايەت كىيىم-كېچەكنىڭ شەكلى، تۈرى ياكى پوسۇنىنى بەلگىلەپ بەرمىگەن، چۈنكى ئىسلام ھەر دەۋرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئەھكاملارنى يولغا قويىدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن مۇسۇلمان كىشى ئىسلامنىڭ مەقسەتلىرى ۋە ئۆزگەرمەس پرىنسىپلىرىغا زىتلەشتۈرمىگەن ئاساستا، كۆچىنىڭ يېتىشىچە دەۋرنىڭ تەقەززاسى ۋە مىللىتىنىڭ ئۆرپ-ئادىتى دائىرىسى ئىچىدە چىرايلىق كىيىم-كېچەك كىيسە بولىدۇ. كىيىم-كېچەك دەۋر ۋە ئۆرپ-ئادەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. كىشىلەرگە سىقىنچىلىق بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ خاس كىيىم-كېچىكى يوق ئىدى ۋە مۇئەييەن شەكىل بىلەن چەكلىنىپ قالمىغان ئىدى.

مەسىلەن، ئىسلامنىڭ ئەرلەرنىڭ كىيىم-كېچىكىگە قويغان شەرتى باشقىلارنىڭ دىنىي تۈس ئالغان كىيىم-كېچەكلىرى ياكى ئاياللارغا خاس رەڭدىكى كىيىم-كېچەكلەرگە ئوخشاش قالماسلىقىدىن ئىبارەت. ئاياللارغا نىسبەتەن بەدەننى سۈپەتلەپ بەرگىدەك دەرىجىدە تار ۋە نېپىز بولماسلىق، شۇنداقلا ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك زىننەت خاراكتېرلىك كىيىم-كېچەكلەر بولماسلىقى شەرت قىلىنىدۇ. دېمەك، كىيىم-كېچەكلەر يۇقىرقى بىر قانچە شەرتكە ئۇيغۇن بولسا مەسىلە يوق.

---

[29] ئەئراف سۈرىسى، 31-، 32- ئايەتلەر.

ئاللاھ ئىنسانلارنى تۈرلۈك مىللەت قىلىپ ياراتقان، مىللەت دېگەن سۆز شۇنىڭغا ئالاقىدار كىملىك، تىل، مەدەنىيەت ۋە توغرا بولغان ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ بىزنى ئۇيغۇر تۈركلۈك كىملىكى بىلەن ياراتقان، ئەڭ ئېسىل ئىنساننى پەقەت تەقۋا بولۇشقا باغلىغان. ئۇنداقتا بىزنىڭ كىملىكىمىز ئۇيغۇر ۋە ئىسلامدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىككى ئامىل بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدۇ.

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ مىللەت كىملىكىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، كىملىك ئەينەن كىملىك ھالىتىدە قالىدۇ. مەسىلەن، ساھابىلەردىن سەلمان پارىس كىملىكىنى، سۇھەيب رۇم كىملىكىنى، بىلال ھەبەش كىملىكىنى ساقلاپ قالغان. ئىسلامنىڭ كىملىكى ئەرەب بولۇشنى كۆرسەتمەيدۇ، ئەرەبچە كىيىم-كېچەكنى تەقەززا قىلمايدۇ، ئەرەبچە سۆزلەشنى تەلەپ قىلمايدۇ، ئەرەبلەرنىڭ تاماقنى يېيىشنى مەقسەت قىلمايدۇ. ئىسلامنىڭ كىملىكى ئەقىدە، شەرىئەت، ئەخلاق، پرىنسىپ ۋە كۆرسەتمىلىرىدىن ئىبارەت. ئىسلام ئوخشىمايدىغان سالاھىيەت، ئوخشىمايدىغان تىل ۋە پەرقلىق مەدەنىيەتتىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ دىنىدۇر.

قۇرئان كەرىم ئەرەب تىلى بىلەن چۈشكەن بىلەن، ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئەرەبلەرنىڭ كىملىكى بولغان ئەرەب تىلى بىلەن نازىل بولغان، يېڭى بىر ئەرەب تىلى بىلەن نازىل بولمىغان. ئەرەبلەر جاھىلىيەتتىمۇ ئەرەب ئىدى، ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن دىيانەتتە مۇسۇلمان، كىملىكتە ئەرەبلىكىنى ساقلاپ قالغان. ئەگەر ئىسلام مىللەتلەرنىڭ قىممەت قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغان بولسا، دەسلەپتە بۇنى ئەرەبلەرگە تەتبىقلىغان بولاتتى، قۇرئان باشقا بىر تىل بىلەن چۈشكەن بولاتتى، ئۇ چاغدا بارلىق مۇسۇلمانلار ئاللاھ تۈرلۈك قىلىپ ياراتقان ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىللىرىنى تاشلاشقا مەجبۇر بولۇپ، يېڭى تىلنى ئۆگەنگەن بولاتتى. ئىسلامنىڭ ھەر خىل تىلدىكى بارلىق مىللەتلەرگە قويغان بىردىن بىر ئۆلچىمى تەقۋالىقتۇر.

قاراش لازىم، چۈنكى كىيىم-كېچەك پوسۇنى زامان ۋە ماكانىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئادەت خاراكتېرلىك ئىشلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ئاساسىدا كونترول قىلىنىدۇ.

**خاتىمە**

ئۇيغۇر مۇسۇلمان خەلقى ياكى مىللىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلسا، ئىسلام ئۈچۈن ۋە ئىسلام ئۈممىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان بولىدۇ. چۈنكى بۇ مىللەت مۇسۇلمان مىللەت. بۇ مۇسۇلمان مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى، قىنى، ھۆرمىتى ۋە نەسەبلىرىنى قوغداش شەرىئەتنىڭ مەقسىتىدۇر.

ئىسلامنىڭ مەقسىتى باشقا مىللەتلەرنى ئەرەبلەشتۈرۈش ئەمەس، ئىسلام دىنى مۇسۇلمان بولغان مىللەتلەرنىڭ مىللىي كىملىكى، مىللىي مەدەنىيىتى ۋە تىلىنى يىكار قىلىۋەتمىگەن ياكى ئۆزگەرتمىگەن ياكى يوق قىلىۋەتمىگەن. بەلكى مىللىي كىملىكنى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئامىل سۈپىتىدە ئۇنىڭغا چەك ئېسىلىشقا تەشەببۇس قىلغان. مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنىڭ ئوخشىمىغانلىقى مىللەتلەرنىڭ مىللىي كىملىكىنىڭ ئوخشىمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلامنىڭ ھەر خىل تىلدىكى بارلىق مىللەتلەرگە قويغان بىردىن بىر ئۆلچىمى تەقۋالىقتۇر.

شەرىئەت ئاياللارنىڭ شەرئىي كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ رەڭگىنىڭ قارا بولۇشى شەرت ئەمەس، ياكى ئابايىنىڭ ئۆزى بولۇشىمۇ شەرت ئەمەس. ئاياللارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى بەك دىققەتنى تارتىدىغان زىننەت خاراكتېرلىك بولمىسا، تۈرلۈك رەڭدىكى كىيىملەرنى كىيسە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قىز-ئاياللىرىمىز ئىپپەتلىك ۋە ھايالىق بولۇش شەرتىگە رىئايە قىلىش بىلەن بىرگە ھەر خىل رەڭدىكى كىيىم-كېچەكلەرنى كىيىپ كەلگەن.

ئاياللارنىڭ شەرئىي كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ رەڭلىرى ياكى شەكىللىرى كىشىلەر ئادەتلەنگەن ئۆرپ-ئادەت ۋە يۇرتلارنىڭ تۈرلۈك بولۇشىغا قارىتا بىر يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا ئوخشىمايدۇ. شەرىئەت ئىسلامنىڭ پىرىنسىپلىرى ۋە مەقسەتلىرىگە ياكى بىرەر ئېنىق شەرئىي ھۆكۈمگە ياكى ئەدەب-ئەخلاققا زىت كەلمەيدىغان ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئېتىراپ قىلىدۇ. تەپسىرشۇناس تەبەرى: «گۇناھ بولمىسىلا دەۋرنىڭ كىيىم-كېچەك فورمىسىغا رىئايە قىلىش ئادەمگەرچىلىكنىڭ قاتارىدىندۇر، ئۇنىڭغا خىلاپ يول تۇتۇش شۆھرەت قازىنىشنىڭ يولىنى تۇتقانلىقتۇر» دېگەن[30].

شۇنداق بولغانىكەن كىيىم-كېچەكلەرنىڭ رەڭگى ياكى شەكلىنىڭ ئەرلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك زىننەت كىيىم-كېچەك قاتارىغا كىرەمدۇ ياكى كىرمەمدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى ھەر يۇرتنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بەلگىلەيدۇ. چۈنكى بىر يۇرتتا كىيىم-كېچەكنىڭ رەڭگى ئەرلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان رەڭ دەپ قارالغان بولسا، باشقا بىر يۇرتتا ئۇنداق قارالمايدۇ. مەسىلەن، قارا رەڭ ئەرەبىستاندا ئادەت، باشقا يەردە ئادەت ئەمەس. تۈرك دۇنياسىدا يېشىل ياكى كۆلرەڭ ياكى كۆك ياكى قىزىلغا مايىل رەڭ ئادەت بولۇپ، نورمالدا دىققەت تارتمايدۇ. ئاياللارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ پوسۇنى ھەققىدە شەرىئەتتىكى كىيىم-كېچەك ئۆلچەملىرىنىڭ مەقسىتىگە

[30] فەتھۇلبارى، كىتابۇل لىباس، 262- بەت.

# دىنىنىڭ روھىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا ئانا تىلنىڭ ئەھمىيىتى

**مۇيەسسەر ئابدۇلئەھەد خەندان**

[مالايا ئۇنىۋېرسىتېتى مېدىتسىنا فاكۇلتېتى ماگىستىرى، مۇستەقىل تەتقىقاتچى ۋە ئوقۇتقۇچى]

**Müyesser Abdulehed HENDAN**

*[Malaya Üniversitesi Yüksek Lisans Mezunu, Araştırmacı, Öğretmen]*

زامانىنىڭ تەرەققىياتى باللارنى دۇنياۋى تىللاردا تەربىيەلەشكە بولغان ئېھتىياجنى بارغانسېرى زورايتىۋاتقان كۈنىمىزدە، ۋەتەنسىزلىكنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بىر مىللەتنىڭ ئالاھىدە شارائىتى كۆز ئالدىمىزدىكى ئەۋلادلارنى ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەتنىڭ تىلى بىلەن تەربىيەلىنىشكە مەجبۇر قىلماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىنىمىزنىڭ ئاساسى بولغان ئەرەب تىلى قوشۇلۇپ، تۇرۇشلۇق دۆلەتنىڭ تىلى، دۇنياۋى تىل ۋە ئانا تىل ئارىسىدىكى تاللاشتا دەۋر ۋە مۇھاجىرەت زۆرۈرىيىتى تىلىمىزنىڭ ئەۋزەللىك دەرىجىسىنى خېلى تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى. بۇ پەننىي ۋە دىنىي ئوقۇتۇشتا ئوخشاشلا ئۆز ئىپادىسىنى تاپماقتا. نۆۋەتتىكى ئانا تىل كىرىزىسىمىز، دىنىي ۋە مىللىي كىملىكىمىزنى تەڭ ساقلاپ قېلىش تەقەززاسىغا كىچىككىنە جاۋاب بولۇشى ئۈچۈن، بۇ ماقالىدە ئانا تىلنىڭ دىنىمىزنىڭ روھىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى رولى مۇلاھىزە قىلىنىپ، دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىمىزنىڭ تىل ۋە دىندىن بىرنى تاللاش ئەمەس، بەلكى تىلىمىز ئارقىلىق دىنىمىزغا تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلالايدىغانلىقىمىزنى تونۇپ يېتىش ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ.

ئامىل ئىكەنلىكى،[5] پۇختا ئانا تىل ئاساسى بىلەن مەكتەپكە كىرگەن باللارنىڭ ئوقۇش-يېزىش قابىلىيىتىنىڭ كۈچلۈك بولىدىغانلىقى،[6] باللارنىڭ ئانا تىل مائارىپىدىكى مەكتەپلەرگە كىرىش نىسبىتى ۋە ئوقۇش نەتىجىسىنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقى،[7] ئاتا-ئانىلارنىڭ مۇئەللىملەر بىلەن ئالاقىلىشىشى ۋە باللارنىڭ ئۆگىنىش جەريانىغا ئىشتىراك قىلىش ئاسانراق بولىدىغانلىقى،[8] شۇنداقلا ئانا تىلنىڭ باللارنىڭ شەخسىي تەرەققىياتى ۋە ئۆگىنىشىدىكى ئىلگىرلىشىگە بولغان رولىنىڭ ئىنتايىن زور ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.[9]

تۇنجى ئايىتى «ئوقۇ» بىلەن نازىل بولغان كىتابىمىز قۇرئان كەرىمدە باشقا تىللارنى ئۆگىنىشكە نىسبەتەن ھېچقانداق چەكلىمە يوق، ئەرەب تىلى قۇرئان تىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن دىنىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشتە ئەلۋەتتە بىلىشىمىز كېرەك بولغان تىللارنىڭ بىرىدۇر. لېكىن ئانا تىلىمىزمۇ قۇرئاندا: ﴿ئاللاھنىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقانلىقى، تىللىرىڭلارنىڭ، رەڭلىرىڭلارنىڭ خىلمۇخىل بولۇشى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، بۇنىڭدا بىلىملىك كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار﴾[10] دېيىلگەندەك، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ بىزگە ئاتا قىلغان نېمەتتۇر. شۇنداق ئىكەن، باشقا نېمەتلەرگە

[5] UNESCO (2008). Mother tongue matters: Local language as a key to effective learning. Paris: UNESCO.
[6] Noormohamadi, R. (2008). Mother tongue, a necessary step to intellectual development. Journal of Pan-Pacific Association of Applied Linguistics, 12(2), 25-36.
[7] Kosonen, K. (2005). Education in local languages: Policy and practice in South-east Asia. First languages first: Community-based literacy programmes for minority language contexts in Asia. Bangkok: UNESCO Bangkok.
[8] Benson, C., & Kosonen, K. (Eds.) (2013). Language issues in comparative education: Inclusive teaching and learning in non-dominant languages and cultures. Rotterdam: Sense Publishers.
[9] Becker, J., & Varelas, M. (2001). Piaget's early theory of the role of language in intellectual development: A comment on DeVries's account of Piaget's social theory. Educational researcher, 30 (6), 22-23; Cummins, J. (2000). Bilingual children's mother tongue: Why is it important for education? Retrieved August 5, 2008
[10] رۇم سۈرىسى، 22- ئايەت.

## 1. ئانا تىل ھەققىدە

ھازىر دۇنيادا قوللىنىلىۋاتقان تىللارنىڭ ئومۇمىي سانى ئېنىق ئەمەس، 7000 ئەتراپىدا بولۇش مۇمكىنچىلىكى مۆلچەرلەنمەكتە.[1] 2100- يىلىغا قەدەر بۇ تىللاردىن 90% گە قەدەر يوقىلىدىغانلىقى تەخمىن قىلىنماقتا.[2] مۇقەررەركى، بۇ دۇنيادىكى زور كۆپچىلىك مىللەتنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ بىرلىكتە يوقىلىشىدىن، شۇنداقلا بىزمۇ ئۆز نېمىتىمىزنى قەدىرلىيەلمىسەك بۇ ھەقتە سورىلىدىغىنىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن-مەدەنىيەت ئورگىنى (2003) نىڭ ئېنىقلىما بېرىشىچە، ئانا تىل بىر بالىنىڭ تۇنجى تىلى، يەنى ئۆيىدىكى چوڭراق ئائىلە ئەزالىرىدىن ئۆگەنگەن تىلىدۇر.[3] بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىلىنى پوتونلەي ئۇنتۇپ كەتمىگەن كۆپچىلىك ئائىلىلەرگە نىسبەتەن بالىلارنىڭ ئانا تىلى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەسلىدە ئانا تىلنىڭ پەقەت ئائىلە ئەزالىرى بىلەن توسالغۇسىز ئالاقىلىشىش، ئۆز مىللىتىنىڭ ھەر قايسى قاتلامدىكى كىشىلىرىگە خىزمەت قىلىشتىلا رولى بولماستىن، بالىلارنىڭ تەپەككۇرى، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا كۆرسىتىدىغان ئىلمىي جەھەتتىن ئىسپاتلانغان بولۇپ، ئانا تىلدىن مەھرۇم قېلىش ئاددىي مەنىدىكى بىر تىلنى كەم بىلىش دېگەنلىكلا ئەمەستۇر. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن ۋە مەدەنىيەت ئورگىنى 1953- يىلىدىن ئېتىبارەن باشلانغۇچ مائارىپنىڭ ئانا تىلدا بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىپ،[4] ئانا تىل مائارىپىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نۇقتىدىكى ئەھمىيىتىنى يورۇتۇپ بەرگەن. تەتقىقاتلاردا ئوقۇغۇچىلارنى ئانا تىلى بىلەن تەربىيەلەش ئونۇملۇك ئۆگىنىشتىكى مۇھىم

[1] Matthias Brenzinger, Tjeerd de Graaf, Documenting endangered languages and language maintenance, UNESCO encyclopedia of life support systems (EOLSS) 6.20B.10.3.

[2] يۇقىرىقى مەنبە.

[3] UNESCO. 2003. Education in a Multilingual World. Paris, UNESCO. (UNESCO Education Position Paper.).

[4] UNESCO (1953). The use of the vernacular languages in education. Monographs on Foundations of Education, No. 8. Paris: UNESCO.

بەرگەن.[15] گاس باللار ئاساس قىلىنىپ كۆزىتىلگەن بىر تەتقىقاتتا تىل تەرەققىياتىنىڭ كېچىكىشى تونۇش ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بۆلەكلەرگە باغلىنىشلىق بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.[16] ئارىلاش تىل قوللىنىۋاتقان ئائىلىلەردىكى باللارنىڭ تىل تەرەققىياتى كېچىكىپ كېتىۋاتقىنى كۆپ ئۇچراۋاتقان ئەھۋال، بۇ دىققىتىمىزنى تارتىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، بالىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىجتىمائىي ۋە ئەقلىي تەرەققىياتىنىڭ كۆپ قىسمى ئانا تىلغا باغلىق بولىدۇ.[17]

ئانا تىلدىكى تەربىيەنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرغا بولغان تەسىرىنى ئىمان ئۈچۈن تەپەككۇرنى شەرت قىلغان دىنىمىزنىڭ بۇيرۇقلىرى بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق، بۇ بۇيرۇقلارنى ئورۇنداشتا ئانا تىل مائارىپىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

## 2.2 ئانا تىلنىڭ چۈشىنىش ۋە ئەمەل قىلىشتىكى رولى

دىنىمىزدا قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەرنى ئوقۇش، يادلاشنىڭ ساۋابى يۇقىرى بولۇش بىلەن بىرگە، تەپەككۇر قىلىپ چۈشىنىش ۋە ئەمەل قىلىش تېخىمۇ بەكرەك ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇلغان. مەسىلەن، ﴿بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ﴾[18] دېگەن ئايەتتە بىلىشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. لېكىن ھازىرقى كۆپچىلىك مۇسۇلمانلارمۇ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «ئاللاھ قۇرئاننى ئۇنىڭ روھى بويىچە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن چۈشۈرگەن تۇرسا، كىشىلەر ئۇنى تىلاۋەت قىلىشنى ئەمەل سانىۋالدى.»[19] قۇرئانغا بىلىش ۋە چۈشىنىش ئاساسىدا ئەمەل قىلىش دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسى بولسا، تىلنىڭ تەرەققىياتى بىلىش ۋە چۈشىنىش جەريانىدا سەل قاراشقا بولمايدىغان ئۆتكەللەرنىڭ بىرىدۇر.

[15] Reber, A. S. (1995). Dictionary of psychology. London: Penguin Books.
[16] Schick, B., & de V`illiers J. de Villiers, P., & Hoffmeister, B. (2002). Theory of mind: Language and cognition in deaf children. Retrieved July 30, 2008.
[17] Plessis, S. D. (2008). Talk your child clever. Retrieved August 5, 2008.
[18] زۇمەر سۈرىسى، 9- ئايەت.
[19] ئۇستاز مۇھەممەد يۇسۇپ، «مۇسۇلمانلار قۇرئانغا قانچىلىك ئەمەل قىلىۋاتىدۇ؟» ناملىق ماقالە.

ئوخشاش قەدىرلىنىشكە ۋە ئىسراپ قىلىنماسلىققا بۇيرۇلغان، دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

## 2. دىنىمىزدا ئانا تىل

### 2.1 ئانا تىلنىڭ تەپەككۇر تەرەققىياتىدىكى رولى

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەردىكى تەپەككۇر قىلىش، ئەقىل ئىشلىتىشكە ئۈندەيدىغان تەشەببۇسلارنىڭ كۆپلىكى ئىسلام دىنىنىڭ تەپەككۇرغا بولغان تەلىپىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى ئىكەنلىكىگە دەلىل بولالايدۇ. ئىمان ئۈچۈن تەپەككۇر شەرتتۇر.[11] بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا تەپەككۇر قىلىش مۇسۇلمانلارغا تەۋسىيە ئەمەس، بەلكى بۇيرۇقتۇر.

تەتقىقاتلاردا ئانا تىلنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ يېتىلىشىدىكى ئاكتىپ رولى[12] يەكۈنلەنگەن بولۇپ، 2002- يىلى ئامېرىكا يېمەكلىك ۋە يېزا-ئىگىلىك ئورگىنى (FAO): «بالىلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى ئۇلار سۆزلىگەن تىل بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، ئەگەر ئۇلار ئانا تىلدا ئوقۇتۇلسا، ئەقلىي ئىقتىدارى تەرەققىي قىلىدۇ» دېگەن كەسكىن ھۆكۈمنى چىقارغان.[13] يەنە پىسخولوگىيەلىك، ئىجتىمائىي ۋە مائارىپ خاراكتېرلىك تەجرىبىلەر ئانا تىلدا تېخىمۇ چوڭقۇرراق، تېزراق ۋە ئۈنۈملۈكرەك ئۆگەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان.[14]

شۇنىڭدەك ئانا تىل بالىلارنىڭ تونۇش ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشىدىكى پايدىلىق ئامىللارنىڭ بىرى، رەبىر «پىسخولوگىيە لۇغىتى» دا تونۇش ئىقتىدارىغا: «ئويلاش، پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ دائىرىلىك ئۇقۇم» دەپ ئېنىقلىما

[11] شىھابىدىن ئابدۇللەھەد، ئىمان ۋە تەپەككۇر، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ژۇرنىلى» 1999 - يىللىق 1- سان.

[12] Noormohamadi, R. (2008). Mother tongue, a necessary step to intellectual development. Journal of Pan-Pacific Association of Applied Linguistics, 12(2), 25-36.

[13] Food and Agriculture Organization of the United Nations (FAO). (2002). Food for thought: Education for rural people. Retrieved August 5, 2008 .

[14] Krishnaji, S. (1990). Languages. Retrieved August 5, 2008.

باشلىغان 2 مىليون ئوقۇغۇچى ئوبيېكت قىلىنىپ، ئانا تىلنىڭ ئىككىنچى بىر تىلنى ئۆگىنىشتىكى رولى كۆزىتىلگەن، نەتىجىدە بالىلارنىڭ ئانا تىلدىكى ئىقتىدار ۋە قابىلىيىتىنىڭ ئىككىنچى بىر تىلنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆگىنىشىدىكى كۈچلۈك ئامىل ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان.[23] يەنە بىر تەتقىقاتتا ئانا تىلدا ئوقۇشنى ئۆگىنىش بىلەن كېيىنكى ئىككىنچى بىر تىلدا ئوقۇشنى ئۆگىنىش ئارىسىدا يۇقىرى دەرىجىدە باغلىنىش بارلىقى بايقالغان.[24] بۇلاردىن كۆرۈۋالايمىزكى، بالىلارنىڭ ئانا تىلدىكى سەۋىيەسى قانچە يۇقىرى بولسا ئىككىنچى بىر تىلنى ئۆگىنىشى شۇنچە ئاسان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دىنىي يېتەكچىلەرنى، ئالىملارنى يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدىكى ئوقۇتۇشلاردا ئوقۇغۇچىلارغا ئەرەب تىلىدىن بۇرۇن ئۆز ئانا تىلى پىششىق ئۆگىتىلىشى كېرەك.

چۈشىنىش ئەمەلنىڭ ئاساسى. كىشى ئۆزى بىلمىگەن، چۈشەنمىگەن ئىشقا قارىغۇلارچە ئەمەل قىلغاندا ئىچىدىن چىقمىغان بۇ خىل ئەمەل قىسقا مۇددەتلىك، شەكىل خاراكتېرلىك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇرئان ئەخلاقىنى ئۆزىگە سىڭدۈرمىگەنلەر، ئىسلامىي بۇيرۇقلارنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدىغان شەكلىي دىندارلار يېتىشىپ چىقىدۇ. بۇ يەككە شەخسنىڭ گۇناھ سادىر قىلىشى بىلەن چەكلىنىپ قالماي، يەنە ئىسلامنىڭ شەرىپى، ۋە ھەقىقىي دىندار مۇسۇلمانلارنىڭ نامىغا داغ تەگكۈزىدۇ. فۇزەيل ئىبنى ئىياز مۇنداق دېگەن: «قۇرئان چوقۇم ئەمەل قىلىش ئۈچۈن چۈشكەن بولسىمۇ، كىشىلەر ئۇنى تىلاۋەت قىلىشنى ئەمەل دەۋالغان. مۇسۇلمانلار قۇرئاننىڭ لەۋزى بىلەنلا مەشغۇل بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ مەنىسىگە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىززەت-ئابرويىنىڭ، كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ ۋە قەد كۆتۈرۈشىنىڭ مەنبەسىدىن مەھرۇم قالغان.»[25]

[23] Moein Zergani, Effects of using and teaching with mother tongue language in primary school, 2016.

[24] Koda, K. (2005). Insights into second language reading: A cross-linguistic approach. Cambridge: Cambridge University Press.

[25] ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ، «مۇسۇلمانلار قۇرئانغا قانچىلىك ئەمەل قىلىۋاتىدۇ؟» ناملىق ماقالە.

بىر مۆلچەرگە ئاساسلانغاندا، دۇنيادا 40% كىشىنىڭ ئۆزى سۆزلىيەلەيدىغان ياكى چۈشىنىدىغان تىلدىكى مائارىپتا تەربىيەلىنىش پۇرسىتى يوقكەن.[20] تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلار ئۆز تىلى بولمىغان بىر تىلدا ئۆگىتىش جەريانىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان.[21] ئۆز تىلىدا ئۆگەنمىگەندە ئائىلە ئەزالىرى ئۆگىنىش جەريانىغا ھەمكارلىشالمايدىغانلىقى ئۈچۈن ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆگىنىش نەتىجىسى تۆۋەن بولىدىكەن. ئىسلامنى ئۆگىنىشمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، تولۇق چۈشەنمەي تۇرۇپ ئۆگەنگەن دىنىي بىلىملەرنىڭ ئۆزلىشىش دەرىجىسى ھەققىدە سانلىق مەلۇماتلار بولمىسىمۇ، ئاللاھتائالانىڭ: ﴿شۈبھىسىزكى، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ، ئۇنى ئەرەبچە قۇرئان قىلىپ نازىل قىلدۇق﴾[22] دېگەن ئايىتى ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشى ئۈچۈن قۇرئاننىڭ شۇ تىلدا نازىل قىلىنغانلىقىنى شەرھىلەپ، ئۆزىمىز ئەڭ پىششىق بىلىدىغان ئانا تىلىمىزدا چۈشىنىپ ئۆگىنىشىمىز كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار قۇرئان يادلىتىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئەرەبچە ساۋات چىقىرىشنى ۋە شۇنداق بولغاندا ئۇيغۇرچە ساۋادىنىڭمۇ ئاسان چىقىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ. بۇ يېشى چوڭراق بالىلارغا نىسبەتەن، ھەرپلەردىكى پەرقلەرنى تونۇپ يېتىشكە ئاسانلىق تۇغدۇرسىمۇ، يېشى كىچىك بالىلاردا قايمۇقۇش پەيدا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. دىن ئۆگەنگۈچىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىڭ تىلى بولغان ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىش ئەلۋەتتە مۇھىم، لېكىن بىر تىلدا پىششىق بولمىغان كىشىنىڭ ئىككىنچى تىلنى ئۆگىنىشى قىيىن بولىدۇ. ئۆز ئانا تىلىنى ياخشى ئۆگەنگەن كىشىلەر ئىككىنچى تىلنى كېچىكىپ ئۆگەنگەن تەقدىردىمۇ، نەتىجىسىنىڭ كۆرۈنەرلىك بولىدىغىنى كۆپ ئۇچرايدۇ. بىر تەتقىقاتتا ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىكى ئۆگىنىشنى ئۆز ئانا تىلى بىلەن

[20] Walter, Stephen & Benson, Carol (2012) Language policy and medium of instruction in formal education. In Spolsky, Bernard (ed) The Cambridge Handbook of Language Policy, 278-300. Cambridge: Cambridge University Press

[21] United Nations Educational, Scientific and Cultural Organization (UNESCO). (2008). Global Education Monitoring Report: If you don't understand how can you learn?, Policy Paper 24. February, 2016.

[22] يۇسۇف سۈرىسى، 2- ئايەت.

نەچچە ئون يىللاپ ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئەمما بىلگىنىنى ئۆز تىلىدا ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان ئىلىم ساھىبىگە نىسبەتەن ۋاقىت ۋە ئۆمۈر ئىسراپچىلىقىدۇر.

دېمەك، دەۋەتتە بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەل بولۇشىدىن باشقا، تىل سەنئىتىنىڭ كۈچى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە مۇھىمدۇر. دەۋەت قىلىش ھەربىرىمىزگە نىسبەتەن پەرز ئورنىدا بولسا، دەۋەتنى ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدا قىلىش ئۈچۈن دەۋەت ئوبيېكتلىرىمىز بولغان ئانا تىلىمىزدا سۆزلىگۈچى خەلقىنىڭ تىلىنى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدە ئۆگىنىشىمىز مۇشۇ پەرزنى ئۆتەشتىكى زۆرۈر شەرتتۇر.

## 3. مۇھاجىرەتتە ئانا تىلىمىز

مۇھاجىرەتتە تىلىمىز ئاز سانلىقلار تىلى ھېسابلىنىدۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن ۋە مەدەنىيەت ئورگىنى «چۈشەنمىسىڭىز قانداق ئۆگىنىسىز؟»ناملىق قارار دوكلاتىدا: «ئاز سانلىقلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىدىكى پەرقنى كىچىكلىتىش ئۈچۈن ئاز دېگەندە ئالتە يىللىق ئانا تىل مائارىپى يولغا قويۇلۇشى كېرەك»[29] دەپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ھازىرقى شارائىتىمىزدا مەكتەپلەردىن بۇنى تەلەپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن ئائىلىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ۋە دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا دىنىي ئىلىم ئېلىۋاتقان پەرزەنتلىرىمىزنى ئۆز تىلىمىزدىكى كۇرسلارغا ئورۇنلاشتۇرۇش تامامەن مۇمكىن.

### 3.1 ئاتا - ئانىلارنىڭ ئانا تىلى

بىر تىلنى يۇقىرى سەۋىيەدە راۋان ئىگەللەش ئۈچۈن باللار 30% ئويغاق ۋاقتىدا شۇ تىلنىڭ مۇھىتىدا بولۇشى كېرەك ئىكەن، بۇ ھەپتىدە تەخمىنەن 25 سائەت دېگەنلىك بولىدىكەن[30]. باللارغا مەكتەپتە ئانا تىلى بىلەن ئۆگىنىش پۇرسىتى بولمايۋاتقان ھازىرقى شارائىتىمىزدا، بۇ

[29] United Nations Educational, Scientific and Cultural Organization (UNESCO). (2008). Global Education Monitoring Report: If you don't understand how can you learn?, Policy Paper 24. February, 2016.

[30] Bourgogne A., 2013, Be bilingual. Practical ideas for multilingual families, Annika Bourgogne, Charleston, USA.

شۇ سەۋەبتىن قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى چۈشىنىش، ئەرەب تىلىنى پۇختا ئىگىلەش، ۋە بۇلارنىڭ ئاساسىدا دىنىمىزنى ھەقىقىي تۇردە ياشاش ئۈچۈن ئاۋۋال ئانا تىلنى ئەڭ ياخشى ئۆگىنىش زۆرۈردۇر.

## 2.3 ئانا تىلنىڭ دەۋەتتىكى رولى

ئاللاھتائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كىشىلەرنى خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾.[26] بۇ ھەقتە يەنە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: «مەندىن بىرەر ئايەت بولسىمۇ باشقىلارغا يەتكۈزۈڭلار».[27] دىمەك، ئاللاھنىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈپ، دىنغا دەۋەت قىلىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەخپىي دەۋەتتىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿يېقىن خىش-ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن﴾[28] دىگەن بۇيرۇقى بىلەن دەۋەتنى يېقىنلىرىدىن باشلىغان. بۇ ئايەت بىزگە دەۋەتنى ئەڭ دەسلەپ ئۆز يېقىنلىرىمىزدىن باشلاشنى ئۆگىتىدۇ. كۆپ كىشىلىرىمىز ئۇزۇن مەزگىل دىنىي ساۋاتسىزلىق ھالىتىدە تۇرغان بولغاچقا، گەرچە دىنغا بولغان مۇھەببىتى چەكسىز بولسىمۇ، نادانلىقى سەۋەبلىك كۆپ ئەمەللەر ۋە گۇناھلارغا سەل قارىماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋەتچىلىرىمىز ۋە دىنىي ئۇستازلىرىمىزغا ئۆز خەلقىمىزنىڭ ئېھتىياجى كۈچلۈك. ئارىمىزدا ئەرەب تىلى بىلمەيغانلار كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. دەۋەتمۇ تەبىئىي ھالدا ئۆز تىلىمىزدا بولىدۇ. ھالبۇكى، كۆپىنچە تەرجىمە ياكى ئىجادىي ئەسەرلەر ۋە دەۋەت خاراكتېرلىك يازمىلارغا نەزەر سالساق، يازغۇچى ياكى تەرجىمان ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدا خام بولغانلىقتىن، ئىككى تىلدىكى ئۇقۇملار ئارىلىشىپ كېتىدىغان، جۈملىلەر باغلاشمىغان ۋە چۈشىنىكسىز بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بۇ بىر جەھەتتىن ئىلمىي ئەمگەكلەرنىڭ زايە بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، يەنە بىر جەھەتتىن

[26] ئال ئىمران سۈرىسى، 106- ئايەت.

[27] بۇخارىي، 3302- ھەدىس.

[28] شۇئەرا سۈرىسى، 214- ئايەت.

پەقەت قۇرئان يادلىتىپ تېز سۈرئەتتە قارى يېتىشتۈرىدىغان كۇرسلاردىن بولۇشىنى مەقسەت قىلماستىن، ئوقۇغۇچىلارغا قۇرئاننىڭ تەرجىمىسى ئارقىلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان، ئايەتلەر ئۈستىدە ئانا تىلدا تەپەككۇر قىلدۇرۇپ ئەقىل بۇلىقىنى ئاچىدىغان، قۇرئانغا ھەقىقىي ئەمەل قىلىشنى ئۆگىتىدىغان ئورۇنلاردىن بولۇشى، بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە ئۇستازلارمۇ ئۆز ئانا تىلدا داۋاملىق تەربىيەلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈلىدىغان مۇقەددەس دىنىي بىلىمنى ئۆز تىلىدا يېشىپ بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

## 3.3 دەۋەتچى ئۇستازلارنىڭ ئانا تىلى

بالىلارنىڭ يېتىلىشىدە ئانا تىل مۇھىم بولغاندەك، يېتىلىپ بولغان دىنىي ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ئىسراپ بولماسلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنى ئانا تىلىمىزدا تاكامۇللاشتۇرۇشى ھەم مۇھىمدۇر. ئاللاھتائالا قۇرئان كەرىمدە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى: ﴿تىلىمدىن كېكەچلىكنى كۆتۈرۈۋەتكىن، ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشەنسۇن﴾[32] ئارقىلىق، تىل راۋانلىقىنىڭ دىنىي دەۋەتتىكى ئورنىنى بىلدۈردى. مۇھاجىرەتتىكى دىنىي ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ھەم مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمتەرلىكىنى ئۈلگە قىلىپ، ئۆز خەلقىگە ئىلمىگە لايىق خىزمەت قىلالىشى ئۈچۈن ئانا تىلىنى داۋاملىق ئۆگىنىشى دەۋرىمىزنىڭ تەقەززاسىدۇر.

يىغىپ ئېيتقاندا، دىنىمىزنىڭ تەپەككۇر قىلىش، چۈشىنىپ ئەمەل قىلىش ۋە دەۋەت قىلىشتەك بۇيرۇقلىرىغا نىسبەتەن ئانا تىلنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور بولۇپ، بالىلار ئەڭ دەسلەپكى ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ ئېچىلىشىدىن ئۆگىنىش، ئىلگىرىلەش ۋە كېيىنكى تەرەققىياتىغىچە، چۈشىنىپ قوبۇل قىلىشىدىن ئەمەل قىلىپ دەۋەت قىلىشىغىچە بولغان جەريانلارنىڭ ھەممىسىدە ئانا تىلىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۆز تىلىنى ياخشى بىلمىگەن ئەۋلادلار مەيلى پەننىي مەيلى دىنىي جەھەتتىن تەربىيەلەنسۇن، ئەڭ مۇھىمى ئۆگەنگەنلىرىنى ئۆز خەلقىگە چۈشىنىشلىك، ئاممىباب تىلدا يەتكۈزەلمەيدۇ. شۇڭا بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئۆز ئانا تىلى بىلەن ئېچىپ، دىنىمىزنى تەپەككۇر قىلىپ ئۆگىنەلەيدىغان، ئۆز

---

[32] تاھا سۈرىسى، 27- ۋە 28- ئايەتلەر.

25 سائەت ۋاقىت ئائىلىلەرنىڭ زىممىسىدىكى ۋەزىپە بولۇپ، ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆزلۈكىدىن راۋان قوللىنالايدىغان بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرماسلىقى كېرەك.

بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ مەكتەپتىكى نەتىجىسىگە ياردىمى بولۇشى ئۈچۈن، ئائىلىدىمۇ مەكتەپتىكى تىلدا سۆزلىشىشنى تەشەببۇس قىلىپ، بۇنىڭغا باشلامچى بولسا، يەنە بەزى ئاتا-ئانىلار ئىككى تىلنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بالىلارنىڭ ئانا تىلىنى پىششىق ئۆگىنىپ، ئانا تىلىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەنپەئەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى يوققا چىقىرىۋېتەلەيدۇ. شۇڭا ئاتا-ئانىلار ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆز تىلىدىكى كەمچىلىكلەرنى تولۇقلاپ، بالىلىرىغا ئەڭ ياخشى بولغان ئانا تىل شارائىتى يارىتىپ بېرىشى لازىم. ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۆز تىلىدا پىششىق بولۇش ئىككىنچى بىر تىلنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولسا بولىدۇكى زىيانلىق ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئانىلار ئانا تىلنى چىڭ تۇتۇشنىڭ نەتىجىسىدە بالىلىرىنىڭ باشقا تىللاردا خام بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمىسىمۇ بولىدۇ.

## 3.2 قۇرئان كۇرسلىرىدا ئانا تىل

مۇھاجىرەتتىكى خەلقىمىزنىڭ چەتئەلگە چىقىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى دىنىي ئەركىنلىك بولغاچقا، قۇرئان كۇرسلىرى ئاساسىدىكى تولۇق دىنىي تەربىيە مەركەزلىرى كۆپچىلىكنىڭ قوللىشى بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. بۇ تەرەققىيات ئەگەر ھەقىقىي دىنىي روھنى يېتىلدۈرۈش يولىغا قاراپ مېڭىلغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرنىڭ ھاياتىدىن ئۈلگە ئالغان بولۇشى لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدىكى مۇسۇلمانلار ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ رىۋايەت قىلغاندەك[31] ئون ئايەتنى ياخشى ئۆگىنىپ ۋە يادلاپ، ئۇنىڭ روھى بويىچە ئەمەل قىلىشنى ئۆگىنىپ بولۇپ، ئاندىن باشقىسىغا يۆتكىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۈنىمىزدىكى قۇرئان كۇرسلىرىمۇ

[31] ئۇستاز مۇھەممەد يۇسۇپ، «مۇسۇلمانلار قۇرئانغا قانچىلىك ئەمەل قىلىۋاتىدۇ؟» ناملىق ماقالە.

# ئۇيغۇر ئىسلام تارىخىدا بەلگىلىك رول ئوينىغان بىر قىسىم شەخسلەر

## (سۇتۇق بۇغراخاندىن مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىمغىچە)

**ئابدۇسسالام تەكلىماكان**
[ مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتى ھەدىس بۆلۈمى دوكتور ئوقۇغۇچىسى]

**Abdusselam TEKLİMAKAN**
*[Marmara Üniversitesi, Sosyal Bilimler Enstitüsü Hadis Anabilim Dalı Doktora Öğrencisi]*

### مۇقەددىمە

ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە ئالاھىدە تۆھپىسى بولغان مىللەت بولۇپ، ئۇلار دۇنيا تارىخىدا بەلگىلىك رول ئوينىغان. بۇ شانلىق تارىخنى يارىتىش ۋە ئۇنى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا يەتكۈزۈشتە ماقالىمىزدا تەتقىق قىلىنغان داھىي ۋە ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ئالاھىدە تۆھپىسى بولغان. سۇتۇق بۇغراخان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدە گۈللىنىشىگە ئۇل سالغان بولسا، ئابدۇلقادىر داموللام مۇستەملىكىنىڭ باشلىرىدا دۈشمەن بىلەن ئىلىم ساھەسىدە كۈرەش قىلغان. سابىت داموللام دەۋايىمىزنىڭ ئاساسىي بولغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ، ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىمىزنى بىزگە ئامانەت قىلىپ كەتكەن بولسا، ئابدۇلھەكىم خان مەخسۇمھاجىم ۋە مۇھەممەد سالىھ داموللاھاجىم بۇ مۇقەددەس مىراسنى ئەجدادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزۈشتە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان. قىسقىسى، ماقالىمىزدا تەتقىق قىلىنىدىغان بۇ داھىي ۋە ئۆلىمالىرىمىز ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بەرپا بولۇشى ۋە مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ قېلىشىدا ئالاھىدە تۆھپىسى بولغان كىشىلەردۇر.

ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىش-ھەرىكىتى، يازمىلىرى ۋە راۋان نۇتۇقى بىلەن جانلىق ئۈلگە بولالايدىغان قىلىپ چىقالىشىمىز مۇھاجىرەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىمىزدۇر.

قىتىم جىھاد قىلغان بولۇپ، بۇ جەڭلەرنىڭ نەتىجىسىدە ئىدىقۇت خانلىقى دىنىي ئەركىنلىكىگە چېقىلماسلىق شەرتى بىلەن قاراخانىيلار دۆلىتىگە بويسۇنغان. سۇتۇق بۇغراخان 956 – يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. (تۈركچە مەنبەلەردە سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ۋاپات تارىخى 955 – يىلى، دەپ بايان قىلىنىدۇ).

- **سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى**

سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئۇيغۇر ئىسلام تارىخىدا، ئومۇمىي تۈرك تارىخىدا، ھەتتا بىر پۈتۈن ئىسلام تارىخىدا ئوينىغان رولى بەك زور، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ توپ - توپ بولۇپ ئىسلامغا كىرىشىگە سەۋەبچى بولغان، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر پۈتۈن ئىسلاملىشىشى ۋە تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئىسلامىيەت بىلەن مۇشەررەپ بولۇشىغا سەۋەب بولغان. سۇتۇق بۇغراخان ئىلىدىن خوتەنگىچە، قاراشەھەردىن تۇرپانغىچە بولغان شەرقىي تۈركىستان رايونلىرى ۋە غەربىي تۈركىستاندىكى ئىسسىقكۆل رايونلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، 6 مىليون كۋادرات كىلومېتىرلىق كەڭ زېمىندا دۇنيا تارىخىدا نام قالدۇرغان بىر ئىمپېرىيەنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ پارلاق ۋە ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەت بولغان قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئابدۇلكەرىم سۇتۇق بۇغراخان بىلەن باشلانغان. بۇ گۈللەنگەن تارىختا تۈرك تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىلمىي گۈللىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن بولۇپ، قاراخانىيلارنىڭ بۇ گۈللىنىش دەۋرىدە تۈرك تارىخىدىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەسەرلەر قەلەمگە ئېلىنغان. بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە ھەممىگە مەلۇم بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى، قۇتادغۇبىلىك، ئەتەبەتۇلھاقائىق، دىۋانى ھېكمەت» قاتارلىق ئەسەرلەر يەر ئالىدۇ. قىسقىسى: سۇتۇق بۇغراخان گۈللەندۈرگەن ۋە بىزگە بۇ كاتتا ئىمپېرىيە ۋە بۇ ئالاھىدە دەۋر بىزنىڭ مىڭ يىللىق ئىسلام مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى بىۋاسىتە سۇتۇق بۇغراخان بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېسەك قەتئىي خاتالاشقان بولمايمىز.

## 1. سۇلتان ئابدۇلكەرىم سۇتۇق بۇغراخان

- سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ھاياتى ۋە ئىش ـ پائالىيەتلىرى

ئابدۇلكەرىم سۇتۇق بۇغراخان، مىلادىيە 901 – يىلى دۇنياغا كەلگەن، (سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھەققىدە تۈركچە مەنبەلەردە 895 – يىلى دېيىلگەنلەرمۇ، 9 – ئەسىرنىڭ ئاخىرى دەپ مۇجمەل ھالدا بايان قىلىنغانلارمۇ بار). سۇتۇق بۇغراخاننىڭ دادىسى بازىر ئارسلانخان 914- ياكى 915- يىلى (تۈركچە مەنبەلەردە 915- ياكى 916 – يىلى دەپ بايان قىلىنغان. تۇرغۇن ئالماسنىڭ ئۇيغۇرلار ناملىق ئەسىردە بولسا، 910 – يىلى، دەپ بايان قىلىنغان) ۋاپات بولغان. بازىر ئارسلانخان ۋاپات بولغاندا، سۇتۇق كىچىك بولغاچقا، تاغىسى ئوغۇلچاق قاراخانىيلار تەختىگە چىققان. 919 – يىلى مۇسۇلمان بولغان، (تۈركچە مەنبەلەردە ۋە تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار» ناملىق ئەسىرىدە سۇتۇق بۇغراخان 920 – يىلى مۇسۇلمان بولغان، دېيىلگەن). سۇتۇق بۇغراخان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، قەشقەر ۋە ئەتراپىدىكى بىر تۈركىي مۇسۇلمان ياشلارنى تەشكىللىگەن ۋە ھاكىمىيەتنى قولىدىن تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغان تاغىسى ئوغۇلچاقنى ئۆلتۈرۈپ، تەختكە ئولتۇرغان. سۇتۇق بۇغراخان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئەبۇ نەسىر سامانىي ۋە باشقا ئۆلىمالارنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن ئىسمىنىڭ بېشىغا ئابدۇلكەرىم دېگەن ئىسمنى قوشقان ۋە تولۇق ئىسمى ئابدۇلكەرىم ساتۇق بۇغراخان بولۇپ ئۆزگەرتىلگەن. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا ئالاقىدار بىر نەچچە خىل رىۋايەت ۋە بايانلار زىكىر قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ساغلامراقى تۆۋەندىكىچە: سامانىيلار دۆلىتىدە تەخت تالىشىش كۈرىشى يۈز بېرىپ، شۇ كۈرەشلەرنىڭ بىرىدە ناسىر ياكى نەسىر مەغلۇب بولىدۇ ۋە سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تاغىسى ئوغۇلچاق خاننىڭ يېنىدا پاناھلىنىدۇ. بۇ جەرياندا ناسىرنىڭ ناماز ئوقۇغان ۋە ئىبادەت قىلغىنىنى كۆرگەن ياش سۇتۇق ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىدۇ ۋە مۇسۇلمان بولىدۇ. سۇتۇق بۇغراخان 920 – يىلى 19 يېشىدا قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان. ئۇ قاراخانىيلار تەختىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن، خوتەن، كۇچا قاتارلىق رايونلارغا ھەربىي يۈرۈشلەردە بولغان ۋە 15 – 20 يىللىق جىھاد نەتىجىسىدە خوتەن ۋە كۇچا خەلقىنىڭ بىر قىسمى مۇسۇلمان بولغان ۋە ھەممىسى قاراخانىيلار دۆلىتى تەۋەلىكىگە ئۆتكەن. بۇغراخان شۇنداقلا ئىدىقۇت خانلىقى بىلەنمۇ كۆپ

## 2. ئابدۇقادىر داموللام

• ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھاياتى ۋە ئىش ـ پائالىيەتلىرى

ئابدۇقادىر داموللام 1882 - يىلى، ئاتۇش مەشھەدتە دۇنياغا كەلگەن (تۇغۇلغان تارىخى ھەققىدە تۈركچە مەنبەلەردە 1881 دېيىلگەن بولسا، بەزى مەنبەلەردە 1855، 1862، 1882 دېگەندەك تارىخلارمۇ زىكىر قىلىنغان). ئابدۇلقادىر داموللامنىڭ تولۇق ئىسمى: ئابدۇلقادىر ئىبنى ئابدۇلۋارىس كاشىغەرى (ئەزىزى). داموللام 15 يېشىدا قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادقا ئېلىپ بولۇپ، خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇشقا كىرگەن ۋە 20 يېشىدا ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن بۇخاراغا بارغان. ئابدۇقادىر داموللام ئىبنى تەيمىيە، ئىبنى قەييىم، جامالىددىن ئافغانىي قاتارلىق مۇجەددىد ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپ ئوقۇغان ۋە كۆپ تەسىرلەنگەن. داموللام بۇخارادا ئىلىمنى خەتمە قىلغاندىن كېيىن بىر مەزگىل قەشقەردە خىزمەت قىلغان ۋە 1906 - يىلى ھەج سەپىرىگە ئاتلانغان. داموللام بۇ قېتىمقى سەپىرىدە ئىستانبۇل، قاھىرە قاتارلىق ئىسلام يۇرتلىرىدا زىيارەتتە بولغان ۋە ئىلغار پىكىرلىك ئۆلىمالاردىن مۇھەممەد رەشىد رىزا بىلەن قاھىرەدە ئۇچراشقان. داموللام ھەج سەپىرىدىن قايتقاندىن كېيىن قەشقەردە بىر مەزگىل خىزمەت قىلغان بولسىمۇ، ئۆز دەۋرىدىكى ھاكىمىيەت ۋە جەمئىيەتنى كونترول قىلىۋالغان قارا كۈچلەر داموللامنى سىغدۇرمىغان، نەتىجىدە داموللام 1909 - يىلى يەنە بۇخارا تەرەپكە ھىجرەت قىلغان. داموللام 1910 - يىلى، جاۋاھىرۇلئىقان ۋە مىفتاھۇلئەدەب قاتارلىق ئەسەرلىرىنى نەشىر قىلدۇرغان. داموللام 1911 - يىلى ئالمۇتا ئارقىلىق غولجىغا كەلگەن ۋە بۇ يەردە مۇتائالىي خەلپەت بىلەن مائارىپ ھەققىدە سۆھبەتلەشكەن. 1912 - يىلى قەشقەرگە قايتقاندىن كېيىن قەشقەردە يېڭىچە مائارىپ تۈزۈمى بىلەن ئوقۇتۇش خىزمەتلىرىنى باشلىۋەتكەن. 1914 - يىلى قەشقەردە قازى بولغان. 1918 - يىلى داموللام غەربىي تۈركىستانغا يەنە بىر قېتىم سەپەر قىلغان. بۇ سەپەر 1921 - يىلىغىچە داۋاملاشقان. داموللام 1924 - يىلى، 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قەشقەردە شېھىت قىلىنغان.

**پايدىلانغان مەنبەلەر:**


- 100 مەشھۇر ئۇيغۇر، مۇھەممەتتۇرسۇن ئەمەت ئۇيغۇر، سۇتۇق بۇغراخان نەشرىياتى، 2017.
- ئۇيغۇرلار، تۇرغۇن ئالماس، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نەشرىياتى.
- تەزكىرەئىي بۇغراخان، قولىيازما.
- تەزكىرەئىي ئەبۇ نەسر ساماني، قولىيازما.
- سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى، قولىيازما.
- تارىخىي كاشغەر، مۇھەممەد ئاتىق.
- دىيانەت ئىسلام ئانسىكلوپەدىسى

• شەھىدىل ئىسلام، ياقۇپ خوجا، 1984. (زۆرۈر ئەقىدىلەر ئىسىملىك ئەسەرنىڭ ئىچىدە).
• دىيانەت ئىسلام ئانسىكلوپەدىسى

Kurban, Nur Ahmet, "Çağdaş Uygur İslam Düşüncesinin Önderi Abdulkadir Damolla", *Bilgi*, yıl: 2010, sayı 53.

- ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى

ئابدۇقادىر داموللام ھاياتىنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئاڭ - سەۋىيەسىنى كۆتۈرۈشكە بېغىشلىغان كاتتا ئالىم ئىدى. داموللامنىڭ ئۇيغۇر ئىسلام تارىخىغا قوشقان تۆھپىسى مائارىپ ۋە ئاقارتىش ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، داموللام بۇ ساھەلەردە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان. داموللامنىڭ ھاياتى، ئىش- ئىزلىرى ۋە بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسەرلىرىدىن ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئىسلام تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. داموللام: «نەسىھەتى ئاممە، مىفتاھۇلئەدەب، ئاقائىدى زۆرۈرىييە، تەجۋىدى تۈركى، جاۋاھىرۇلئىقان، ئىبادەتى ئىسلامىيە، تەئلىمۇسسىبيان» قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. داموللام ئۇيغۇر مائارىپىنى يېڭىلاش ۋە ئۇنىڭدىكى ئۈچ ئەسىرلىك قالاقلىق ۋە قاتماللىقنى تۈگىتىشكە بار كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندەك، ياۋروپالىق مىسسىئونېرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ۋە دىن تارقىتىشىغا ئالاھىدە قارشى تۇرغان ۋە بۇ ساھەدە كۆپ خىزمەت ئىشلىگەن.

**پايدىلانغان مەنبەلەر:**


- 100 مەشھۇر ئۇيغۇر، مۇھەممەتتۇرسۇن ئەمەت ئۇيغۇر، سۇتۇق بۇغراخان نەشرىياتى، 2017.
- يېڭى مائارىپ بايراقدارى ئابدۇقادىر داموللام، باتۇر روزى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003.
- ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە قىسسە، خېۋىر تۆمۈر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
- 20 – ئەسىردىكى تۇنجى ئىسلاھاتچى ئابدۇقادىر داموللام، يالقۇن روزى، شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى، 2010 – يىللىق 5 – سانى.
- مەشھۇر ئىسلاھاتچى، مۇتەپەككۇر، مۇجاھىد داموللا ئابدۇقادىر ئىبنى ئابدۇلۋارىس قەشقەرىينىڭ تەرجىمھالىدىن بىر نەچچە ياپراق، مۇھەممەد ئەمىن ئىسلامىي، 1985. (زۆرۈر ئەقىدىلەر ئىسىملىك ئەسەرنىڭ ئىچىدە).
- ئابدۇقادىر داموللام، مۇھەممەد قاسىم ئەمىن. (زۆرۈر ئەقىدىلەر ئىسىملىك ئەسەرنىڭ ئىچىدە).

چاقماق تېزلىكىدە قارىقاشنى ئازات قىلغان ۋە 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى خوتەندە «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى»نى قۇرۇپ چىققان. مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم ھۆكۈمەت رەئىسى، سابىت داموللام باش مەسلىھەتچى ۋە مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ئالىي قوماندان بولۇپ سايلانغان. خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى چەرچەندىن يېڭىسارغىچە بولغان زېمىننى قول ئىلكىگە ئالغاندىن كېيىن، داموللامنىڭ مەسلىھەتى بىلەن مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ چوڭ ئىنىسى ئەمىر ئابدۇللاھ «شاھ مەنسۇر»نىڭ قوماندانلىقىدا مىڭ كىشىلىك قوشۇن 1933 - يىلى 7 - ئايدا قەشقەرگە يولغا چىققان ۋە داموللام مۇشۇ ئاينىڭ 20 - كۈنى تۆمۈر سىجاڭنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدىكى قەشقەرگە كەلگەن. داموللام قەشقەرگە كېلىپلا، «شەرقي تۈركىستان ھاياتى» دەپ ھەپتىلىك ژۇرنال چىقىرىشقا باشلىغان. ئەپسۇسكى 1933 - يىلى 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللىنىڭ «خوتەنلىك بىلەن جىھاد قىلىش پەرز» دېگەن سەپسەتىسى نەتىجىسىدە تۆمۈر سىجاڭ سابىت داموللام، شاھ مەنسۇر ۋە ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەن خوتەنلىك مۇجاھىدلارنى قورالسىزلاندۇرۇپ، داموللام بىلەن شاھ مەنسۇرنى نەزەربەنت قىلغان. داموللامنى نەزەربەنت قىلغان تۆمۈر سىجاڭ 1933 - يىلى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تۇڭگانلار تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان. تۆمۈر سىجاڭ شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن قەشقەر تۇڭگانلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئوسمان سىجاڭ ۋە سابىت داموللامنىڭ ھەمكارلىشىشى نەتىجىسىدە شەھەر 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى داموللامنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەن. داموللام 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى نەزەربەنتتە تۇرغان ۋاقتىدىمۇ جىم ياتماستىن، شەرقي تۈركىستان مۇستەقىللىق كېڭىشىنى قۇرۇپ چىققان. داموللام 1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شەرقي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلغان. 1934 - يىلى 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى غوپۇر تۇەنجاڭ داموللامنى يەكەندە قولغا ئېلىپ، ئۈرۈمچىگە يالاپ ئاپىرىپ، شېڭ شىسەيگە تاپشۇرغان. سابىت داموللام 1941 - يىلى شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە شېھىت قىلىنغان.

- **سابىت داموللام ھاجىمنىڭ ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى**

سابىت داموللامنىڭ ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى ئاخىرقى ئۈچ ئەسىر مابەينىدە قۇرۇلغان ۋە مۇكەممەل بىر سىستېمىغا

### 3. سابىت داموللا ھاجىم

• سابىت داموللا ھاجىمنىڭ ھاياتى ۋە ئىش ـ پائالىيەتلىرى

سابىت ئىبنى ئابدۇلباقى كامالىي 1883 - يىلى ئاتۇشتا دۇنياغا كەلگەن. داموللام دەسلەپتە قەشقەر خانلىق مەدرىسەسىدە ۋە ئابدۇقادىر داموللامدا ئوقۇغان. 1910 - يىلى بۇخارادا ئىلىم تەھسىل قىلغان. 1914 - يىلى ئوقۇشىنى تاماملاپ غۇلجىغا كەلگەن. 1919 ۋە 1920 - يىللىرى قەشقەرگە كەلگەن داموللام، ئابدۇقادىر داموللام ۋە قۇتلۇق ھاجى شەۋقىي بىلەن ھەمكارلىشىپ، مىسسىئونېرلارغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بارغان ۋە 1924 – يىلى قەشقەردە ، مىسسىئونېرلارغا قارشى كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئېلىپ بارغان. 1924 - يىلى ئابدۇقادىر داموللام شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن، غۇلجىغا كەتكەن ۋە ئۇ يەردە 3 يىل ئەتراپىدا تۇرۇپ قالغان ۋە غولجىدىكى دەڭ مەسجىدىدە قۇرئان كەرىمنى ئېغىزاكى تەپسىر قىلىپ چىققان. داموللام 1930 - يىلى غۇلجىدا مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىلەن ئۇچراشقان ۋە كەلگۈسىدە جىھادىي ھەرىكەت باشلاپ، شەرقىي تۈركىستاننى ئازات قىلىپ، بۇ مۇقەددەس تۇپراقتا ئىسلامىي بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ھەققىدە سۆھبەتتە بولغان. بۇ سۆھبەت ۋە ئۇچرىشىشتىن كېيىن مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا خوتەنگە قايتىپ، قوراللىق جىھاد باشلاشنىڭ تەييارلىقىنى قىلغان. داموللام بولسا 1931 - يىلى رۇسىيە ئارقىلىق ھەج سەپىرىگە ئاتلانغان ۋە ھەج سەپىرى جەريانىدا مىسىر، ھىجاز ۋە تۈركىيەدە زىيارەتتە بولغان. بۇ زىيارەتلەر جەريانىدا ئىلغار پىكىرلىك ئۆلىمالاردىن مۇھەممەد رەشىد رىزا بىلەن بىر نەچچە قېتىم سۆھبەتتە بولغان ۋە ئېنىقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قۇدۇس مۇپتىسى شەيخ ئەمىن ھۈسەيىنىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن قۇدۇس شەھىرىدە قۇدۇس ۋە پەلەستىنگە ئالاقىدار بىر يىغىنغا قاتناشقان ۋە يىغىندا ئېلىنغان قارارلارغا شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن جۇمھۇرىيەت نامىدىن ئىمزا قويغان. (بۇ قارارنامىنىڭ قۇدۇستا بىر كۈتۈپخانىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە پەلەستىنلىك بىرىدىن مەلۇمات ئالغاندىم). 1932 - يىلى 11 - ئايدا ۋەتەنگە قايتىش سەپىرىنى باشلىغان ۋە ھىندىستاندىن ئۇدۇل خوتەنگە كېلىپ، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىلەن ئۇچراشقان. داموللام 1933- يىلى 2 - ئايدا مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىلەن بىللە قاراقاشتا جىھادىي ھەرىكەت باشلىغان ۋە

## 4. ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇمھاجىم

• ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇمھاجىمنىڭ ھاياتى ۋە ئىش - پائالىيەتلىرى

ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇمھاجىم 1925 - يىلى گۇمىدا ئابدۇلجەلىل داموللامنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1934 - يىلى ۋەتىنىمىزدىكى بەزى ۋەزىيەتلەر تۈپەيلى دادىسى بىلەن چەتئەلگە چىققان ۋە ھىندىستان، مىسىر، تۈركىيە، ھىجاز قاتارلىق رايونلاردا زىيارەتتە بولۇپ، مەككە ۋە مەدىنىدە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، 1937 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن، ئەپسۇس 1938 - يىلى دادىسى ئابدۇلجەلىل داموللام تىرىك پېتى كۆمۈۋېتىلگەن. مەخسۇمھاجىم 1944 - يىلى گومىنداڭ تۈرمىسىگە تاشلانغان ۋە 1946 - يىلى 11 ماددىلىق بىتىمدىن كېيىن، بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ بىۋاستە بۇيرۇقى بىلەن قويۇپ بېرىلگەن. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن خانلىق مەدرىسىدە ئىلىم-تەھسىلىنى داۋاملاشتۇرغان. 1948 - يىلى ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن قاغىلىق خەلقىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپى بىلەن قاغىلىقتا تۇرۇپ قالغان. مەخسۇمھاجىم قاغىلىقتا ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئابدۇلھەمىد داموللام، ياسىن ئاخۇن داموللاملار بىلەن مەدرىسە ئېچىپ، تەلىم - تەربىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. مەخسۇمھاجىم 1950 - يىلى ئابدۇلھەمىد داموللام ۋە ياسىن ئاخۇن داموللام بىلەن ھەمكارلىشىپ مىللىي مائارىپ جەمئىيىتىنى قۇرۇپ چىققان. 1954 - يىلى خوتەندىكى ئابدۇلھەمىد داموللامنىڭ جىھادىي ھەرىكىتىگە قاتناشقان دېگەن «جىنايەت» بىلەن تۈرمىگە تاشلانغان ۋە 1956 - يىلى قويۇپ بېرىلگەن. 1957 - ۋە 1958- يىللىرى خىتتايغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان يەنە بىر قېتىملىق جىھادىي ھەرىكەتتە تالىپلىرى ئورۇن ئالغان بولغاچقا، 1959 - يىلى قايتىدىن تۈرمىگەن تاشلانغان ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. مەخسۇمھاجىم تۈرمىدە كۆپ كۈلپەت ۋە قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ دەۋاسى ۋە ھەق يولدىن قىلچىلىكمۇ ۋاز كەچمىگەن، ئەكسىچە تۈرمە ھاياتىدا ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان ۋە كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ توغرا يولنى تېپىشىغا سەۋەبچى بولغان. مەخسۇمھاجىم 1979 - يىلى تۈرمىدىن چىققان. 1979 - يىلى 1990 - يىلىغىچە قاغىلىقتا تەلىم

ئىگە بولغان بىر ئىسلامىي دۆلەتنى قۇرۇپ چىقىشتۇر. مانجۇ خانلىقى يۇرتىمىزنى بېسىۋالغاندىن بۇيان كۆپلىگەن ئىنقىلاب ۋە جىھادىي ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىلغان ۋە كۆپلىگەن شەھەر دۆلەتلىرى قۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن قۇرۇلمىسى مۇكەممەل بولمىغان ۋە يېڭىچە ئىدىيەسىمۇ ھەم بولمىغان. بۇ دۆلەتلەر ئارىسىدا ئاتالىق غازى ياقۇپ بەگ بەدۆلەتنىڭ قۇرغان دۆلىتى ئون يىلدىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن خانلىق تۈزۈمى بىلەن قۇرۇلغان بىر دۆلەت ئىدى. سابىت داموللا ھاجىم بولسا جۇمھۇرىيەت بىلەن ئىسلامنى يۇغۇرۇپ، ئىسلامدىكى شۇرا ۋە مەسلىھەت تۈزۈمى بىلەن غەربتە تەرەققىي قىلغان جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى بىرلەشتۈرۈپ دۆلەت قۇرغان. ئۇ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى دۆلىتىنى ئېلان قىلىپ، بىر نەچچە دۆلەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلىگەن. بۇ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سابىت داموللا ھاجىمنىڭ ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە تارىخىغا، شۇنداقلا ئىسلام تارىخى ۋە ئىنسانىيەت تارىخىغا «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»دىن ئىبارەت بىر ئەڭگۈشتەرنى سوۋغا قىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىگە قوشقان ئەڭ چوڭ تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ.


<u>پايدىلانغان مەنبەلەر:</u>

- 100 مەشھۇر ئۇيغۇر، مۇھەممەتتۇرسۇن ئەمەت ئۇيغۇر، سۇتۇق بۇغراخان نەشرىياتى، 2017.
- سابىت داموللام كىم؟ يالقۇن روزى، شىنجاڭ تارىخ – مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ژورنىلى 2011 – يىللىق ئومۇمىي 45 – سانى.
- دىيانەت ئىسلام ئانسىكلوپەدىسى

Jılılı, Abulızı, *Damolla Sabit b. Abdulbâki*, Yükseklisans tezi, Marmara Üniversitesi, 2004.

Rüzibakı, Mehmet, *Damolla Sabit B. Abdülbaki: Temel Kelami Düşünceleri*, *Kelam Araştırmaları Dergisi*, 2014, s. 12:2.

قوغداپ قالغان بولسا، ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇمهاجىم 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دىنىي مائارىپىنى قوغداپ قالغان.

پايدىلانغان مەنبەلەر

• 100 مەشھۇر ئۇيغۇر، مۇھەممەتتۇرسۇن ئەمەت ئۇيغۇر، سۇتۇق بۇغراخان نەشرىياتى، 2017.

-تەربىيە ۋە دەۋەت - تەبلىغ خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا قاغىلىقتا مەخسۇمھاجىمدا دەرس ئالىدىغان ئوقۇغۇچى ۋە تالىپ سانى 5 مىڭدىن ئاشقان. مەخسۇمھاجىم 1987 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە ئۈرۈمچى ئىسلام ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1993 - يىلى ۋاپات بولغان.

- ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇمھاجىمنىڭ ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى

كوممۇنىست خىتاي شەرقىي تۈركىستان زېمىنىغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ زۇلۇم ۋە بېسىمنى دىنىي ھاياتقا قاراتقان. خۇسۇسەن مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا كونىلىققا قارشى تۈرۈش دېگەن شوئار بىلەن دىنغا قارىتا ھۇجۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن، بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى 1980 - يىللارغا كەلگەندە شەرقىي تۈركىستاندىكى دىنىي ھايات ئېغىر خەتەر ئىچىدە قالغان، بۇ چاغدا مەخسۇمھاجىم خەلقنى دىنىي جەھەتتىن يېتەكلەش بىلەن بىللە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋردە شېھىت قىلىنغان ئۆلىمالارنىڭ ئىزىنى باسىدىغان ئالىم -ئۆلىما تەربىيەلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان. بۇ خىزمەتلەر نەتىجىسىدە 1985 - يىلىغا كەلگەندە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بارلىق يېزا - قىشلاق ۋە شەھەر - ناھىيەلىرىدىن 5 مىڭدىن ئارتۇق تالىپ مەخسۇمھاجىمنىڭ ئالدىغا ئوقۇغىلى كەلگەن. مەخسۇمھاجىم بۇ تالىپلارغا دەرس بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئۇلارغا ئالاھىدە كۆيۈنگەن. بۇ خىزمەتلەر نەتىجىسىدە، شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدا ئاجىزلاپ كەتكەن دىنىي ھايات ئەسلىگە قايتىش يولىدا تېز سۈرئەتتە داۋاملاشقان. مەخسۇمھاجىم تالىپلارغا دەرس بېرىش بىلەن بىللە، جەمئىيەتتىكى ئىنسانلارغىمۇ ۋەز - نەسىھەت ۋە تەبلىغ خىزمىتىنى ئېلىپ باراتتى. مەخسۇمھاجىم يېشىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىگە قارىماستىن يېزا - قىشلاقلارغا چىقىپ، تەبلىغ ۋە دىننى يەتكۈزۈش خىزمىتىنى بەجاندىللىق بىلەن قىلىپ كەلگەن. مەخسۇمھاجىم ۋاقتىنىڭ ئىنتايىن زىچ بولۇشىغا قارىماي، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ پېشۋالىرىدىن بولغان ھۇسەيخان تەجەللىينىڭ شېئىرلىرىنى نەشر قىلدۇرغان ۋە بۇ ئەسەرگە «تەجەللىي - مۇجەللىي» دەپ نام بەرگەن. قىسقىسى: ئابدۇقادىر داموللام 20 -ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي مائارىپىنى

بەزىسى تۆۋەندىكىچە: 29 – ۋە 30 – پارىنى تەپسىرى، سەھىھۇلبۇخارى ۋە قەستەللانى شەرھى تەرجىمىسى، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىن تاللانما، ياخشىلار باغچىسى تەرجىمىسى ۋە شەرھى، مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەرجىمىھالىنىڭ تەرجىمىسى، ئەرەبچە – ئۇيغۇرچە چوڭ قامۇس، ئەرەبچە يازغان قەسىدىلەر توپلىمى. داموللا ھاجىمنىڭ ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى بۇ كىتابلاردىنلا ئىبارەت بولماستىن، داموللا ھاجىم ئەينى زاماندا ئۇرۇمچى ئىسلام ئىنىستىتۇتىنى قۇرۇپ، ئۇنىڭ تەلىم -تەربىيە تۈزۈلمىسىنى تەييارلاپ، زامانغا ماس ۋە ئىسلامنى توغرا چۈشەنگەن نۇرغۇن ئالىم- ئۆلىمالارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا ئالاھىدە تۆھپە كۆرسەتكەن.

**پايدىلانغان مەنبەلەر**


- ئەللامە ئۇستاز شىيخ مۇھەممەد سالىھ دامولla ھاجىم، فارۇق مۇھتەرەم، مەرىپەت ژۇرنىلى، 2018 – يىللىق 1 – سان.
- الشيخ محمد صالح الكاشغري- حكاية أمة يطويها سور الصين العظيم، محمد سرحان، مجلة المجتمع.

## 5. مۇھەممەد سالىھ داموللام ھاجىم

- **مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ ھاياتى ۋە ئىش - پائالىيەتلىرى**

مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم 1939 - يىلى 4 - ئايدا ئاتۇشتا سالىھ داموللاھ ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 11 يېشىدا قۇرئاننى يادلاپ بولغاندىن كېيىن دادىسى سالىھ داموللامدا ئەرەب تىلى، پارس تىلى ۋە ئىسلامىي ئىلىملەر ساھەسىدە دەرس ئالغان. داموللام 1956 - يىلى بېيجىڭدىكى ئىسلام ئىنىستىتۇتىغا كىرگەن ۋە 1960- يىلى مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىغا ئورۇنلاشقان. 1984 - يىلى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دىن تەتقىقات ئىنىستىتۇتىغا مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ تەيىنلەنگەن. 1987 – يىلدىن باشلاپ دەم ئېلىشقا چىققۇچە بولغان ئارلىقتا، ئۈرۈمچى ئىسلام ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولغان. ئۇستاز مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم 1961 - يىلدىن باشلاپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تەپسىر، ھەدىس، فىقھ، قاتارلىق ساھەلەردە تەرجىمە ۋە تەتقىقات خىزمەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان. 1986 - يىلى قۇرئان كەرىمنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان ۋە بۇ تەرجىمە شۇ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 200 مىڭ پارچە نەشر قىلىنغان. 1992 - يىلى پادىشاھ فەھدنىڭ تەستىقلىشى بىلەن سەئۇدىي ئەرەبىستاندىمۇ بىر نەچچە يۈز مىڭ پارچە نەشر قىلىنغان. (2017 – ۋە 2018- يىللىرى تۈركىيە دىنىي ئىشلار ئىدارىسى تەرىپىدىن ئىككى قېتىم قايتىدىن نەشر قىلىنغان). داموللا ھاجىم 2018 - يىلى خىتاينىڭ «تەربىيەلەش مەركىزى» نامىدىكى جازا لاگېرىدا شېھىت قىلىنغان.

- **مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى**

داموللا ھاجىمنىڭ ئۇيغۇر ئىسلام تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى، ئىسلام دىنىغا ئىلمىي ۋە ئەمەلىي جەھەتتىن قىلغان نۇرغۇن خىزمەتلىرىدۇر. داموللا ھاجىمنىڭ قۇرئان كەرىمنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا قىلغان تەرجىمىسىدىن باشقا كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىغا تونۇش بولغان كۆپلىگەن ئەسەرلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ

## خۇلاسە

ئۇيغۇر ئىسلام تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشقان بۇ ئالىم ۋە داھىيلىرىمىزنىڭ ھاياتى ۋە ئىش-پائالىيەتلىرى ماقالىدا بايان قىلىنغاندىنلا ئىبارەت دەپ چۈشىنىپ قالساق خاتالاشقان بولىمىز. چۈنكى، ماقالىدا ئالاھىدە مۇھىم دەپ قارالغان مەسىلىلەرلا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنداقلا ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشقانلار ماقالىدا بايان قىلىنغانلارلا دەپ قالساق، يەنىلا خاتالاشقان بولىمىز. چۈنكى سۇتۇق بۇغراخان قوشقان تۆھپە ئىنتايىن زور بولغاندەك، يۈسۈپ قادىر خاننىڭ، سۇلتان سەئىدخان ۋە ئابدۇرەشىدخاننىڭمۇ تۆھپىسى شۇنداق زور ئىدى. ئابدۇقادىر داموللام قانچىلىك زور تۆھپە قوشقان بولسا، ھۈسەيخان تەجەللىيمۇ شۇنداق زور تۆھپە قوشقان. سابىت داموللا ھاجىم قانداق تۆھپە قوشقان بولسا، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ھەزرىتىم، قۇتلۇق ھاجى شەۋقىي، خوجانىياز ھاجىم، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندىم، غېنى باتۇر، ئوسمان باتۇر، ئەخمەتجان قاسىمي، ئابدۇلمۇتەئالى خەلپىتىم، زەرىپ قارىھاجىم، ئەلى خان تۆرەملەرمۇ شۇنداق زور تۆھپە قوشقان. ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجىم ۋە مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىملار قانداق زور تۆھپە قوشقان بولسا، ئابدۇلئەھەتخان مەخسۇمھاجىم، ئابدۇلھەكىم داموللام، تۇرغۇن ئالماس، شاھى مەردان داموللام، ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر قاتارلىقلارمۇ شۇنداق زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ھەققىدە ئالاھىدە ماقالە، ھەتتا ئايرىم كىتاب ۋە رومانلارنىڭ يېزىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن بىزنىڭ ھازىرقى ئىلمىي سەۋىيەمىز ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى بۇ ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشقا توسالغۇ بولۇپ قالماقتا. ماقالىمىزدا بولسىمۇ بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەققىدە ئالاھىدە توختالساق بەك ياخشى بولاتتى، لېكىن ۋاقتىنىڭ قىسلىقى ۋە ئىلمىمىنىڭ كەمچىللىكى تۈپەيلى بۇ ھەقتە توختىلىشتىن ئاجىز قالدىم. ئىزدىنىشلىرىمىزنىڭ داۋامىدا ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىگە تۆھپىسى بولغان ئالىم ۋە داھىيلىرىمىزنىڭ ھاياتى ۋە تۆھپىلىرى ھەققىدە تەپسىلى توختالغۇدەك پۇرسەت بولۇپ قالغۇسى، ئىنشائاللاھ!

Doğu Türkistan coğrafyası hem Türk tarihi hem de İslâm Tarihi'nde birçok olaya şahitlik etmiş önemli bir coğrafyadır. Geçmişte büyük medeniyetlere imza atan bu coğrafyanın halkları son birkaç yüzyıllık tarihlerinde kendi hâkimiyetlerini kaybetmiş ve hâkim iken mahkûm durumuna düşmüşlerdir. Bin yılı aşkın süredir bir kimlik olarak yaşatmaya çalıştıkları İnançları ve etnik kimliğini kaybetmenin eşiğine gelmiştir. Asırlardır konuştukları dilleri ile eğitim almaları yasaklanmıştır. Söz konusu kaygılardan hareketle muhaceretteki Uygur aydınları, bu sempozyumda kendi halklarına geçmişlerini hatırlatacaklar, çağın şartlarını değerlendirecekler ve onlarla geleceklerini inşa etme bağlamında ilmî birikimlerini paylaşacaklardır. İslam dünyasının gidişatını Uygur Müslümanlarının durumu ile kıyaslayacaklardır. Toplumu ayrıştırma değil, birleştirme ve ortak bir akıl oluşturma yolunda değerli yorumlarını hem sözlü hem de yazılı olarak topluma ileteceklerdir. Gelecekleri için birlikte yürümenin yollarını arayacaklardır.

ئۇيغۇرلار ئۆتمۈشتە ئۇلۇغ مەدەنىيەت ئىزلىرىنى قالدۇرغان، ھەم تۈرك تارىخىدا ھەم ئىسلام تارىخىدا كۆپ ۋەقەلەرگە شاھىت بولغان بىر مىللەت. ئۇلار ئاخىرقى بىر قانچە ئەسىرلىك تارىخىدا ئۆز ھاكىمىيەتلىرىنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، ھاكىم تۇرۇقلۇق مەھكۇملۇققا ئەسىر بولدى، مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى كىملىكىنىڭ بىرى سۈپىتىدە تىرىك پېتى ساقلاشقا تىرىشىپ كەلگەن ئېتىقادى ۋە مىللىي كىملىكىنى يوقىتىشىنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالدى. ئەسىرلەردىن بېرى سۆزلەپ كېلىۋاتقان ئانا تىلىدا مائارىپ تەربىيەسى ئېلىشى چەكلەندى. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر ئەھلى ئىلىملىرى ئۆز خەلقىگە ئۆتمۈشىنى ئەسلىتىپ، ھازىرقى شەرت-شارائىتنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئۆتمۈش ۋە ھازىر بىلەن كەلگۈسىنى قۇرۇپ چىقىش ئارىسىدىكى باغلىنىشنىڭ ئىلمىي يەكۇنلىرىنى ئورتاقلاشماقچى. ئىسلام دۇنياسىنىڭ يۆنىلىشىنى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرماقچى. جەمئىيەتنى بۆلۈش ئەمەس، بىرلەشتۈرۈش ۋە ئورتاق كۆزقاراش شەكىللەندۈرۈش يولىدا ئېغىزچە ۋە يېزىقچە شەكىلدىكى قىممەتلىك پىكىرلىرىنى جەمئىيەتكە سۇنۇپ، كېلەچىكى ئۈچۈن بىرلىكتە مېڭىشنىڭ يوللىرى ھەققىدە ئىزدەنمەكچى.

4
THG
0016102
NBE

FARABİ
EĞİTİM KÜLTÜR VE ARAŞTIRMA DERNEĞİ
تالىم-تەربىيە، مەدەنىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى

ISBN: 978-6057558176
9 786057 558176